«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

• پەخىرلىك ئۇيغۇر قىزى، مۇنەۋۋەر فىزىكا ئالىمەسى ساھىبجامال دۆلەت خانىم •

XINJIANG CIVILIZATION • КУЛЬТУРА СИНЬЦЗЯНА • مجلة حضارة سنجانغ •



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

2

2004

ISSN 1008-6498
03>

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ مەشهۇر ۋەكىللىرىدىن : ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى، ئۇستاز رېژىسسور، «ئامانىنسا ۋە پەنجىگاھ»، «قەشقەر ساماسى»، «دولان دەريا بويىدا كېچە»، «دولان مەشرىپى»، «خۇشھال يىگىتلەر»، «ساماۋەر ناخشىسى»، «هېيتگاھتا ساما»، «قەشقەر كېچىسى»، «ناغرا ساداسى»، «پامىردا توي» ... قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئېسىل ئۇسسۇل ئەسەرلىرىنىڭ ئىجادچىسى ئابلىمت توختى ئەپەندى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(53-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال

ئەدەبىي ژورنال

2004-يىل 2-سان

(ئومۇمىي 266-سان)

باش مۇھەررىر:

قۇربان مامۇت

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

رىسالەت مۇھەممەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا


**سادا**

دېھقانىمۇ پېنسىيىگە چىقسۇن!......(فېليېتون)...... غوپۇر خالىق 2

**روھ چۇقانلىرى**

كېلەچەك، ساڭا نېمە دېيىمىز؟ .................... ن. ئۇچقۇن 3

ئەخلاقنىڭ رولى ۋە نۇرى .................... يۇسۇپجان سىمەت 13

**بۈگۈنكى ئۇيغۇر قىزى**

ساھىبجامال ۋە مۇۋەپپەقىيەت يولى ............ چىن شۆشۇن 19

**تەپەككۇر كۆزى**

تەپەككۇر مېۋىلىرى .................... ي. سىمەت قاتارلىقلار 25

**تەقدىرىڭ تەدبىرىڭگە باغلىق**

نامراتلىق ۋە تەپەككۇر ............... ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرىي 45

**زامان تەقەززا پىكىرلەر**

گىلاركىنىڭ پاجىئەسى ...... ئا. نىزامىددىن ئەنجانىي تەرجىمىسى 48

**ئاگلاپ قويۇڭ**

ھەرىخانىدىكى پاراڭلار: «ئەمچەك ماجىراسى» ...... ئا. ئەزىز 52

تاش قويۇش مەدەنىيىتى ۋەتاش ھەققىدە پاراڭ ............... ن. توختى 56

**ئاچچىق كۈلكىلەر**

قىرتاق پاراڭلار .......... ت. يۇنۇس قاتارلىقلار تەرجىمىسى 60

ئىككى فېلىيەتون .................... مۇتەللىپ سەيپۇللا 69

**مەنمۇ بىر نېمە دەپ باقاي**

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئىخچاملاش زۆرۈر

بوپقالدى .............................. د. مەتنىياز 74

**بۈگۈنكى دۇنيا**

زىددىيەتلىك ئالەم ............ م. نۇرمۇھەممەت تەرجىمىسى 79

**ئۆزىنىڭ ئۆزىگە چىرايلىق**

دوپپا...................... غوجمۇھەممەت مۇھەممەت 80


مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

www.uyghurkitap.com



# دېھقانمۇ پېنسىيىگە چىقسۇن!

(فېليەتون)

غوپۇرجان خالىق

دېھقانمۇ پېنسىيىگە چىقسۇن! دېسەم بەزىلەر ھەيران قېلىشى مۇمكىن، چۈنكى دېھقان ئۆلگەندە پېنسىيىگە چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ھېچكىمنىڭ دېھقان بولغۇسى كەلمەيدۇ، خىزمەتچى بولغۇسى كېلىدۇ. خىزمەتچىلەرنىڭ باشلىق بولغۇسى كېلىدۇ. پۈتكۈل ئەدەبىيات-سەنئەت دېھقان بىلەن ئوقۇتقۇچىنى ماختاپ كەلدى، ئەمەلدارلارنى ماختىمىدى. دېھقان بىلەن ئوقۇتقۇچىنى قانچە ماختىغانسېرى ھېچكىم «دېھقان» بولغۇسى كەلمىدى. خىزمەتچىلەرنىڭ «ئوقۇتقۇچى» بولغۇسى كەلمىدى، ھەممىسىنىڭ ماختىمىغان «ئەمەلدار» بولغۇسى كەلدى. مۇشۇلارنى ئويلاپ، ماختاشمۇ بەزىدە بىرخىل ئالداش بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالىمەن.

يېقىندا خەنزۇچە بىر گېزىتتىن بىر پارچە خەۋەرنىڭمۇ-ئىزلىرىنى ئوقۇپ قالدىم. ئۇ بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكى بىر دېھقان بولۇپ، ھۆكۈمەت شىتاتىغا ئۆتۈش ئۈچۈن 150مىڭ يۈەن خەجلەپ «تۆمۈر تاۋاق»قا ئېرىشكەن. كېيىن بالداقمۇ بالداق يۇقىرى ئۆرلەپ ئەمەلدار بولۇپ پارا يەپ، سىگدۇرەلمەي، تۇتۇلغان. بۇنى ئوقۇپ ھەيران قالدىم. چۈنكى 150مىڭ يۈەن پۇل دېگەن خەجلىسە بىر قانچە يىلدا تۈگەپ كېتىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ «ئىدارىنىڭ ئادىمى»بولۇش ئۈچۈن بارلىق دەسمايىسىنى سالغان. ئىدارىنىڭ ئادىمى بىلەن دېھقاننىڭ ئورنىنى ياخشى سېلىشتۇرۇپ، پايدا - زىيان توقۇنۇشىنى ياخشى چۈشەنگەن. ئىدارىنىڭ ئادىمى بولغاندىن كېيىن ئىگىسى بار بولۇپ، مائاش، داۋالىنىش، پاراۋانلىق، ئۆي، ئۇنۋان قاتارلىقلاردىن بەھرىمەن بولغان. لېكىن دېھقانغا ھېچكىم ئۆي بەرمەيدۇ. كېسەل بولسا، ئۆيىدىكى پۇلغا يارايدىغان نەرسىلىرىنى سېتىپ داۋالىنىدۇ، پۇل تاپالمىسا، باشقا ئامال يوق. ئىگەڭ بولمايدۇ. خۇددى يۇسۇپجان ساۋۇت شورلۇق ئاكىمىز ئېيتقاندەك: «ئىگىسىز ئىنەك»بوپقالىدىغان ئىش.

بۇنداق دېسەم، بەزىلەر كادىرلار بىلەن دېھقانلار ئوخشىمايدۇ. كادىرلار دۆلەتكە زور تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ، دېيىشى مۇمكىن. لېكىن دېھقان دۆلەتنىڭ ئادىمى بولماي كىمنىڭ ئادىمى؟ يەر دۆلەتنىڭ بولسا، شۇيەردە ياشاۋاتقان دېھقان كىمنىڭ؟ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى بارلىق پۇقرالار ھوقۇقتا باراۋەر»دەپ ئېيتىلغان. دېھقانلار يەر تېرىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ، باج تاپشۇرۇپ دۆلەتكە تۆھپە قوشۇۋاتىدىغۇ! جۇڭگوكوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىشچى-دېھقانلار سىنىپىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان پارتىيە، ھازىرمۇ بۇ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتكىنى يوق. شۇڭا دېھقانلارمۇ دۆلەت كادىرلىرىغا ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولسا، ھېچبولمىغاندا شەھەر - بازارلاردىكى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى بىلەن تەمىنلىنىدىغان ئائىلىلەر قاتارىدا تەمىنات بەرسە نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. يىللىق مالىيە كىرىمى ھەر يىلى ئېشىۋاتىدۇ. شۇڭا باج شۇئارى بويىچە «خەلقتىن ئېلىپ خەلققە قايتۇرۇش» دېگەننى «دېھقاندىن ئېلىپ دېھقانغا قايتۇرۇش»پرىنسىپى بويىچە ھەل قىلغان بولسا ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق ئىش بولغان بولاتتى. دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش - پارتىيە 16.قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە ھەر نۆۋەتلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە قىيىن خىزمەت ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرىغۇ؟

ھەممىمىز دېھقان بالىسى. دېھقانلارنى ئويلىساق، ۋۇجۇدىمىزنى غەشلىك، ئۈمىدسىزلىك، كۆڭۈلسىزلىك چۇلغىۋالىدۇ. مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ يىلتىزى - دېھقان. دېھقان خاتىرجەم، بەختلىك بولسا، مىللەت، دۆلەت خاتىرجەم، بەختلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارمۇ 30 - 40يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، كادىرلارغا ئوخشاش خىزمىتىنى (كەتمەن)نى تاشلاپ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقسۇن. ھەريىلى ھەردەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شەھەر-بازار خەلقى ئۈچۈن ئون تۈرلۈك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىۋاتىدۇ. شەھەر-بازار پۇقرالىرىغا، كادىرلارغا، خىزمەتچىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، دېھقانلارغا كۆڭۈل بۆلمىسە، بۇ نېمىدېگەن چوڭ ئادالەتسىزلىك. دۆلەتمۇ خۇددى بىر ئائىلىگە ئوخشايدۇ. ئاتا-ئانا بولغۇچى ئۆز پەرزەنتلىرىگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلسا - بىرسىنىڭ قورسىقىغا تاماق بېرىپ، بىرسىگە بەرمىسە، بۇ تەڭسىزلىكتىن نارازىلىق كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا دېھقانلار بىلەن كادىرلار (ھازىرقى ئىككى قۇتۇپ)غا خۇددى بىر ئۆيدىكى ئىككى بالىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

دېھقانمۇ پېنسىيىگە چىقسۇن!

2003-يىل دېكابىر، شەھىرى پىچان

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە 1.ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى(M1)



# كېلەچەك، ساڭا نېمە دەيمىز؟

نۇر مۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

روھنى ساغلاملاشتۇرۇش - مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى.

- ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1989-يىل 4-سان)

## 1

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ 21-ئەسىرگە كىرىپ كەلدى. ئىنسانىيەتنىڭ بېسىپ ئۆتكەن نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي مۇساپىسىگە قارايدىغان بولساق، تارىخنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇرۇش، بېغىلىق، سۈركىلىش، نىزا بىلەن ئۆتۈپتۇ. ھەرقانداق بىر يېڭى ئىختىرا، كەشپىيات ئەڭ ئالدى بىلەن ھەربىي سانائەتتە ئىشلىتىلىپتۇ ۋە بىر-بىرىنى قىرغىن قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك قورالى بوپتۇ. گەرچە بۈنىزالار قانداقتۇر يەر-زېمىن تالاش-تارتىشلىرى، ئىقتىسادىي قىرغىنچىلىق، خۇسۇسىي ئۆچ-ئاداۋەت ۋە ياكى مىراس قالغان نىزادىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسەتسىمۇ، ماھىيەتتە ئوخشىمىغان قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. «جەڭگاھتا پارتلاۋاتقىنى بومبا ئەمەس، ئىدىيە» (ئابدۇقادىر جالالىددىن) ئىدى. ئاشۇ خىلمۇ خىل ئىدىيىلەر ۋە ئۇلارنىڭ نامۇۋاپىق - تار مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇلۇشى تارىختا ناپالېئون، ھىتلېر، مۇسسولىنىي، شىڭ شىسەيدەك... قانخور جاللاتلارنى مەيدانغا چىقارغان ۋە بىھېساب ئەمما بىگۇناھ ئادەم باللىرىنىڭ ئەزىز جانلىرىغا زامىن بولغانىدى. سىياسىي سېھىرگەرلەرنىڭ قولىدا ئوينىلىۋاتقان بۇ خىل شەپقەتسىز ئويۇن ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتاتتى.

روھ چۇقانلىرى

ئوخشاشمىغان ئىدىيە-ئەقىدىلەرنى مەنبە قىلغان مەدەنىيەت تۈركۈملىرى ھەردەقىقىدە ئۇچرىشىپ تۇراتتى. بىر-بىرىنى چۈشىنىشنى چىرايلىق تىلغا ئېلىشسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى چۈشەندۈرمەك، ئۆز مەپكۇرىسىنىڭ قانداقلىقى بىلەن كارى يوق بازارغا سالماق بولاتتى. غىدىقلاش، غىدىقلىنىش، كېلىشىش ۋە زىددىيەت، توقۇنۇش ھەممە قوشۇلۇش يەنى تىنىمسىز ھەرىكەت ھالىتىدىكى ئىككى كۈچ (ئەڭ كەم دېگەندىكى ئېھتىماللىق)نىڭ بىر-بىرىنى زەرەتلىشى ئىنسانىيەتنى لىق ئوراپ تۇرماقتا ھەم ئۇلارنى نەلەرگىدۇر تارتقۇچىلىماقتا ئىدى...

مەيلى غىدىقلاش ياكى تىركىشىش بولسۇن بىردىن، بىر مىللەت، دۆلەت ياكى مەدەنىيەت ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆز ۋە سىرتقى كۈچ ئوتتۇرىسىدا بولۇشىمۇ ۋە ياكى ئىچكى قىسمىدىكى ئوخشاشمىغان تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇشىمۇ مۇمكىن. پۈتكۈل دۇنيا زىددىيەت ۋە توقۇنۇشقا پېتىپ قالغان بۈگۈنكى كۈندە سەيمىل خانتىڭتون دىنىنى بەلگە قىلغان ھالدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشىشى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېدى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا قارشى چۇقانلارمۇ بەس-بەستە مەيدانغا كەلدى. گېرمانىيە سىياسىيئونى ھىرالد موللېر: «مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇدلۇقى» (قوشۇمچە ماۋزۇسى: «〈مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشۇشى〉نەزەرىيىسىگە تەنقىد»، شىنخۇا نەشرىياتى 2002-يىل فېۋرال نەشرى)ناملىق كىتابىدا توقۇنۇشنىڭ تامامەن مەدەنىيەتلەرنى بەلگە قىلغان بولماستىن، ئىرق ۋە ئۆرپ-ئادەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپمۇ پارتلاش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. لېكىن ئۇمۇ خانتىڭتوننىڭ

www.uyghurkitap.com

نەزەرىيىسىنى تامامەن ئىنكار قىلمايدۇ ،بەلكى «ئىنتايىن نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئىككىسىنىڭ قارىشى بىردەك» (يۇقىرىقى كىتاب 300-بەت ، «تەرجىمانلار ئىلاۋىسى» )بولۇپ چىقىدۇ . نېمىلا بولمىسۇن ، بۇخىل مەدەنىيەتلەر مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئوخشاشمىغان پىكىرلەر مەيدانغا چىقار-چىقمايلا يۇتكۇل ئەللەر چۆچۈگەن ھالدا ئۆز تەقدىرى ،ئۆز مەدەنىيىتى ،قىسقىسى ئۆز سالاھىيىتىنى ، مەۋجۇدلۇقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بەلگىلەرنىڭ ئەتىكى تەقدىرى ئۈستىدە قېلىشتى . يۇتكۇل دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەقىدە-ئېتىقادىغا 14ئەسىر ئىلگىرىلا قوغۇشۇندەك قۇيۇۋېتىلگەن ،ئەمما ئۇنتۇلغان بۇ ھەقىقەت ،بىر غەرب سىياسىيئونىنىڭ ئېغىزىدىن چىققاندا يۇتكۇل دۇنيانى تەۋرىتىپ تاشلىدى .

شۇبھىسىزكى ، ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ قايغۇرغۇچىسى .يۇتكۇل دۇنيا تەۋرىسە ئۆز تەقدىرى ھەققىدە تەۋرەيدۇ . قوشنىدارچىلىقىمۇ قورساق تويۇپ ئېھتىياجىدىن ئاشقاندا ئەسكە چۈشىدۇ . ئوخشاشلا ، بىزمۇ ئۆز بېشىمىزنىڭ غېمىنى ئۆزىمىز يېمىسەك ، باشقا بىرى يېمەيدۇ . دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ ، ئالەمشۇمۇل بىر ئىشلارنى قىلالمىساقمۇ ،تىنىمسىز ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيانىڭ بىزگە ئەكېلىدىغان تەسىرىنى تەخشەپ ، مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇپ ،مەۋجۇدلۇقىمىزنى ئۆزىمىزگە بولسىمۇ ئايان قىلىپ تۇرمىساق ، «كۈنىنىڭ ئۆتكىنىنى غەنىيمەت»بىلىپ يۈرۈۋەرگەنىنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق . كەلگۈسى ھەققىدە ئالدىن بىرنەرسە دېيىشىمىز قىيىن بولسىمۇ ،لېكىن كەلگۈسى ئۈچۈن بۈگۈن ۋە بۈگۈننىڭ مەسىلىلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش بىزگە قالدۇرۇلغان ئەڭ چوڭ پۇرسەت ، ئەڭ ئالىي ھوقۇق ۋە ئەقەللىي مەجبۇرىيەتتۇر .

بىز ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ،ئىدېئولوگىيىسى-نىڭ ۋارىسلىرى .شۇنداق ئىكەن ، بۇ سىرلىق مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى ئېقىمىنى ئۈزۈپ ،بۇزۇپ قويماستىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز .ئۇنى ياتلاشقان شالغۇت قىممەت قارىشىنىڭ تۇغۇندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويماستىن ، بېيىتىش ، مۇكەممەلەشتۈرۈپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز .

يەتكۈزۈپ بېرىش مەسئۇلىيىتى پەيدا بولغانىكەن ، مەدەنىيەتنىڭ ئۈچ خىل ھالىتى مەيدانغا چىقىدۇ .يەنى ، ئۆتمۈشى قانداق ئىدى؟ بۈگۈنى قانداق؟ ئەتىسى نېمە بولماقچى؟ . . .

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتمۈش ھالىتى ھەققىدە توختىلىش ماقالىمىزنىڭ مەقسىتى ئەمەس . يەنە كېلىپ ، بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ، ئىزدىنىشلەر مەلۇم كۆلەم ، دائىرىدە ئېلىپ بېرىلدى ھەم ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ . بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۈگۈن ھەققىدە توختىلىش . بۈگۈنى نائېنىق مىللەتنىڭ ئەتە ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ،لايىھىسى بېكىتىلمىگەن بولىدۇ . ھېچبولمىغاندا خاتالىقلار يەكۈنلەنمىگەن ،نەتىجىلەر خۇلاسىلىنىپ ، ئەتىنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىنى شەكىللەندۈرمىگەن بولىدۇ . دېمەك مەسىلىلەر مەسىلە پېتى كېيىنكىلەرنىڭ گەجگىسىگە تاشلىنىۋېرىدۇ . كېيىنكىلەر ئۆتمۈشتىن قېپقالغان ئاسارەتنىڭ قاپقارا ھاڭىدا مەڭگۈ تىنەپ-تەمتىرەپ يۈرىدۇ . بۈگۈننىڭ چالا مەسىلىلىرى ئاھانەتلىك ، بەختسىز بىر ئەۋلادنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن باشقىنى قىلمايدۇ . . .

ئۆتمۈش ئۆتتى ، كەتتى ، ئۇنى ئىبرەت قىلىش مۇمكىن ، قايتا يېزىش مۇمكىن ئەمەس .يەنە كېلىپ ، ئۆتمۈشنى كوچىلاۋېرىپ بۈگۈننىڭ مەسىلىلىرىنى پەرۋاسىزلىق بىلەن تاشلاپ قويۇش تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولغان ئەتىنىڭ ئۆلتۈرۈشىنى قوپۇرىدۇ . دەۋرنىڭ تەرەققىياتى بۈگۈن ھەققىدە ئويلىنىش - پىكىر يۈرگۈزۈشىمىزنى تەقەززا قىلغانىكەن ، ئىمكانىمىز يەتكىنى بويىچە پىكىر قىلغاچ تۇرايلى .

## 2

يۇقىرى پەن-تېخنىكىنى بەلگە قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازار مېخانىزمىنىڭ شىددەت بىلەن كېڭىيىشى ،خەلقئارا سودا-ئالاقە ، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنىڭ كېڭىيىشى ، ئۇچۇر ،قاتناش ،تور ۋاستىلىرىنىڭ ئۇنۇم ، سۈپەت ،ۋاقىت ئۇقۇمىغا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك يېڭىلاش ئەكېلىشى شۇ قەدەر تېز يۈزبەردى ۋە يەرشارى سىياسىيسى ، ئىقتىسادى ، مەدەنىيىتىگە «سانائەتلىشىش» ، «شەھەرلىشىش» ، «يەرشارلىشىش» . . . دېگەندەك يېڭى مەزمۇنلارنى ئەكەلدى . نەچچە يۈز يىلغا سوزۇلغان تارىخ بوران-چاپقۇنلىرىنىڭ ئۇرۇپ-سوقۇشىدىن ئەمدىلىكتە قۇلىقى تىنجىپ ، ئاران «قورساق توق ، كىيىم پۈتۈن بولۇش»قا قەدەم ئالغان بىزلەر ئۆزىمىزنىڭ دەردىدىن ئېشىنىپ بولغۇچە ئەتراپىمىزنى شەھەر ،سانائەتنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى بىر ئالدى . ئارىدىن ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتەر-ئۆتمەيلا قارايدىغان بولساق ، خوتەننىڭ ئەڭ چەت - خىلۋەت «دەريا بويى»كەنتىدىكى دېھقانلارمۇ ياپونىيىدە ئىشلەنگەن موتسىكلىتلارنىڭ خېرىدارىغا ، بۆشۈكتىكىدىن تارتىپ تۆشۈكتىكىچە ھوللىۋۇتتا ئىشلەنگەن ئاجايىپ-غارايىپ فىلىملارنىڭ تەلۋە مەستانىلىرىگە ئايلاندى . بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان باللىرىمىز ھىندىستان كىنو چولپانلىرىنىڭ سۈرەتلىرىگە قاراپ ياتىدىغان ، ناخشىلىرىغا غىڭشىپ ، بېلىنى تولغاپ بېرەلەيدىغان بولۇشتى . ئىدىيە ۋە قىممەت-قاراشلىرىنىڭ سىڭدۈرۈلۈشى كىتاب ياكى ئاشكارا دىن ،ئىدىيە تارقىتىشتەك شەكىلدە ئېلىپ بېرىلماستىن ، سىستېمىلىق تەربىيىلەش ،سىڭدۈرۈش قۇرۇلمىسىدىن ھالقىغان ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ،

ئالاقە ۋاستىلىرىغا سىڭىپ كىردى. بۇ خىل يوشۇرۇن سىڭىپ كىرىش ئاشكارا ئىپادىلەنمىگەندەك، دەررۇ تەسىرىنى كۆرسەتمىگەندەك قىلغان بىلەن، بىر مىللەتنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ئۇنىۋېرسال تۇرمۇش ئىستېمالىغا، قىممەت قارىشىغا ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئاستا-ئاستا ئەمما كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ، كۆلەم، ئۇنۇم، سۈرئەت جەھەتتە ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىدى. ئاشكارا ئوقۇتۇش ياكى سىستېمىلىق تەربىيىلەش، سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ئارقىلىق بىر ياكى بىرنەچچە ئون ئادەمنىڭ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتكىلى بولغان بىلەن، بىر تاۋار قارىشى ياكى فىلىم ئارقىلىق مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولاتتى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۇ خىل تەسىرنىڭ ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ قىزغىن خېرىدارى ئىدى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى بولسا يېڭى بىر يۈزلىنىشتە ئۆزگىچە ئېقىن پەيدا قىلماقتا ئىدى.

ھەقىقەتەنمۇ ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي ئىستېمالنىڭ كېڭىيىشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىغا نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدىغان يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ تاشلىدى ھەم تاشلاۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدىنلا مۇرەككەپ قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تېخىمۇ مۇرەككەپ قۇرۇلما، خىلمۇخىل مەزمۇن، زىتلىق ئىچىدە ئاجرالماس مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگەن كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، جۇغراپىيىلىك ئامىللار بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغاچقا، ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ بېقىش ئۈچۈن ھەرقايسى قاتلام، تۈركۈم، ئامىللارنى ئايرىم-ئايرىم تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە مەن ئۆز كۆزقارىشىم بويىچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللارنىڭ خاسلىقى، تەرەققىيات ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىت شەكىللەندۈرگەن روھىيەت پسىخىكىسى، ياشاش ئادىتى. . . قاتارلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن بۆلۈپ، تەھلىل قىلىپ باقتىم. ئېنىقكى، بۇ بىر دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمدىن ھېس قىلغان قاراشلىرىمدۇر. بۇنىڭدا مەن تەھلىلىمنىڭ ئۈنۈملۈك، كونكرېتراق بولۇشىنىلا كۆزدە تۇتتۇم. مەزكۇر تېمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەرقايسى پەن نۇقتىلىرىدا تۇرۇپ سىستېمىلىق، ئىلمىي ھالدا تەھلىل قىلىپ خۇلاسىلاپ چىقىش بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھىم تەتقىقات ۋەزىپىمىز، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە ياكى مەلۇم بىر دائىرىدە ئارىلىشىپ، ئولتۇراقلىشىپ ياشاش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن خاسلىق، كىشىلەرنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئىلىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئالتاي، چۆچەك، بورتالالارنى قاپلىغان شىمالىي مەدەنىيەت تۈركۈمى، تۇرپان، قۇمۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي مەدەنىيەت تۈركۈمى، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا قاراماي، سانجى قاتارلىق يېڭى قۇرۇلغان شەھەرلەرگە تارقالغان، ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ قىسمەن ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە، ئۆزئىچىدىكى گىرەلەشمە مۇھىت، ئادەم، تۇرمۇش شەكلىگە قارىتا تېزدىن ئۆزگىرىش ياساۋاتقان ئارىلاشما مەدەنىيەت تۈركۈمى، قەشقەر، خوتەننى مەركەز قىلغان ھالدا ئاتۇش، ئاقسۇ، كورلىلارنى قاپلىغان جەنۇبىي مەدەنىيەت تۈركۈمىگە ئايرىش مۇمكىن.

يۇقىرىقى تۈركۈملەرنىڭ خاسلىقلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، شىمالىي تۈركۈم ئۆزلىرى ماكان تۇتۇپ ئولتۇرغان رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قازاقلارنىڭ تەسىرى، رۇسلارنىڭ چېگرىداشلىقى بىلەن ئۆز ئالدىغا خاسلىق شەكىللەندۈرگەن. بۇ تۈركۈمنىڭ مەدەنىيەت، ياشام ئالاھىدىلىكىدە قازاق، رۇسلارنىڭ تەسىرى خېلى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. كىشىلەر «ئەمگەكچان، باتۇر، روھلۇق، يۇمۇرلۇق، چاققان، ناخشا-ساز، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارغا مايىل كېلىدۇ»① يېڭى شەيئىيگە نىسبەتەن سەزگۈر ۋە تېز قوبۇل قىلىدۇ. بۇ خىل خاراكتېر يەنە ئۆز نۆۋىتىدە يېڭىدىن ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياشلىرىدا جەمئىيەتتىكى ساغلام بولمىغان ئىجتىمائىي خاھىشلارغا نىسبەتەن تېز يۇقۇملىنىشچان ھالەتكە تەرەققىي قىلىش پەيتىدە تۇرماقتا. شەرقىي مەدەنىيەت تۈركۈمىدە يەرلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ تەسىرى خېلىلا ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە ئۈرۈمچى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئادەت-قاراشلارنىڭ ئەڭ تېز ئىنكاس قايتۇرغۇچىلىرى. كىشىلەرنىڭ روھىيەت پسىخىكىسىدا «ئۇرۇقداشلىق ۋە يۇقىرى-تۆۋەن، قېرى-ياش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ساددا، تۈز . . . تۈز سىزىق بويىچە پىكىر قىلىشىدۇ»② تۇرپان كىشىلىرىدە ئىچىگە تىنىش ئېغىر، قۇمۇللۇقلاردا بولسا يۇمۇرىستىك تۇيغۇ كۈچلۈكرەك. «ھەق-ناھەق تۇيغۇلىرى كۈچلۈك» . . . يۇقىرىقى خاسلىقلار ئوتتۇرا ياش، پېشقەدەملىرىدە بىر قەدەر كۈچلۈك ساقلانغان بولۇپ، لېكىن ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان ياش كۈچلەردە بۇ خىل خاسلىق روشەن دەرىجىدە ئاجىزلىغان، يېڭى، غەيرىي ھادىسە-ئادەتلەرگە ئىنتىلىش كۈچەيگەن، ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى ھاياتنىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە ئۇنىڭ روھىيەتتىكى كونكرېت ئىپادىلىرى كىشىنى چۆچۈتكىدەك چېكىنگەن. پەرۋاسىزلىق شەرقىي مەدەنىيەت تۈركۈمىنىڭ ئومۇمىي ئېكولوگىيىسىنى

---

① ئەخمەتجان ئىسمائىل: «مىزاج، خىلقەت ۋە ئىنسان»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، 1999-يىل ئىيۇل نەشرى.

② ئەخمەتجان ئىسمائىل: يۇقىرىقى كىتاب.

شۇڭىمۇ بۇيەردىن قايناق تۇرمۇش مەنزىرىسى، ئەمما سوغۇق مېھىر ئۆرلەپ تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئاساسەن بىر-بىرى بىلەن كارى يوق. بىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىمىزغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ-چوڭ ئىشلار، يېڭى ئىدىيە ۋە پىكىر-كۆز قاراشلار ئەڭ دەسلەپتە مۇشۇ يەردە پەيدا بولغان بىلەن، ئۇ ئاساسەن كەسپىي ئورگانلاردا، ئاكادېمىيە، ئىشخانا، كىتابخانا، كۇتۇپخانىلاردا بولىدۇ. كىشىلەردە مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى تۇيغۇ ۋە مەسئۇلىيەت ئەڭ سۇس. ئېگىز بىنالار ۋە يۇقىرى ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ئەقىدە-ئېتىقاد، مەدەنىيەتنىڭ بۇ زېمىندىكى شولىسىنى تېخىمۇ خىرەلەشتۈرۈۋەتكەن. بۇ مەدەنىيەت تۈركۈمىدە يېتىلىۋاتقان يېڭى كۈچلەرنىڭ ئۆز ئەقىدە-ئېتىقادى، ئىدىيە - مەدەنىيىتىنىڭ ئۆلۈك نەزەرىيىسى بىلەنلا قېلىپ ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرالماسلىقى، شەيئىيلەرگە تۇتىدىغان تۇپتۇز، تولىمۇ يەڭگىل مۇئامىلىسى بىزنى بۇ رايوننىڭ ئەتىسى ھەققىدە ئەستايىدىل، جىددىي پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيدۇ. ئۇلارنىڭ روھىيەت پسىخىكىسى پەقەت ئەقلىنىلا، ئىقتىسادنىلا تەۋسىيە قىلىش، قالغان ھەرقانداق نەرسىنى ئالدىنقى ئىككىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى ئېنىقكى، تولدۇرۇپ بولغۇسىز پۇشايماننىڭ باشلىنىشى. بىز بۇيەردىن يىگىلەۋاتقان، زەئىپلىشىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ساختا لىباسلار ئىچىدىكى نىمجان گەۋدىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئېڭىرىشىنى ئېنىق ئاڭلاپ يېتەلەيمىز. قېتىپ قالغان سەزگۈلەر بۇنى سەزمەيۋاتىدۇ، خالاس.

جەنۇبىي مەدەنىيەت تۈركۈمى ئەنئەنىۋى يەرلىك مەدەنىيەت ئامىللىرى بىر قەدەر كۈچلۈك ساقلانغان رايون بولۇپ، ئەخمەتجان ئىسمائىل «مىزاج، خىلىت ۋە ئىنسان» ناملىق كىتابىدا تېببىي ئىنسانشۇناسلىق تەھلىل ئۇسۇلى بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتكەن پسىخىك خاسلىقلارنى، روھىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا، بۇ تۈركۈم كىشىلىرىدە ساددىلىق، مېھماننى چوڭ - ئۇلۇغ بىلىش، تىنىمسىز تىرىشچانلىق، قارامىلىق، تەۋەككۇلچىلىك، ئۆز ئېتىقادىغا، ئىشەنگەن ئادىمىگە سادىق بولۇش، كاجلىق، شۈكرىچانلىق، يېڭى كۈچتىن ئەيمىنىش، ئەخلاق ۋە ھايانى ئۇلۇغلاش... قاتارلىق ئامىللار بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. لېكىن ناھىيە، ۋىلايەتلەرئارا پەرق يەنىلا ساقلانغان. مەسىلەن، قەشقەرلىكلەر ھەشەمەتكە بېرىلىدۇ، ئاتۇشلۇقلار ئەمەلىي قىممەت ۋە ئۈنۈمنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ، ئۇچۇر ۋە تەسەۋۋۇرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا ماھىر. ئاقسۇلۇقلار رىقابەت ۋە جىددىيلىك ئۇدۇل كەلمىگىچە ئانچە تىرىشمايدۇ، دىلغۇل بولىدۇ، پسىخىك توسالغۇ كۆپ. كورلىلىقلار باغ-ئورمان يېتىشتۈرۈشكە ھېرىس، ئەمما ھۈنەر-كەسىپ بىلەن

① ئەخمەتجان ئىسمائىل: يۇقىرىقى كىتاب.

چىڭ قاپلىغان بولۇپ، بۇ رايوندىكى شانلىق مەدەنىيەت، مەرىپەتچىلىك ۋە ئىدىيىۋى خاسلىقنىڭ نۇرانە يۈزىنى قېلىن بىر قەۋەت توپا-چاڭ قاپلىماقتا. تۆۋەنكى ئادەتتىكى ئولتۇرۇشتىن تارتىپ توي - مەرىكە، زىياپەتلەرگىچە ھەممىسىدە پۇرۇقلاپ قايناپ تۇرغان ھاراق شەرقىي مەدەنىيەت تۈركۈمىنىڭ ئىچ-ئىچىدىن سىپىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بىز جىسمانىي، ئەقلىي، ئەخلاقىي ساپا جەھەتتىن كۈنسېرى چېكىنىپ، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئەرزىمەس ئېھتىياجلارنىڭ قۇربانى قىلىۋاتقان بۇ ئادەملەرنى تېخىمۇ چوڭ بەدەل تۆلەپ بولغىچە ھوشلىرىنى تېپىۋېلىشىنى سەممىيلىك بىلەن ئاگاھلاندۇرالايمىز، خالاس. بىر ئادەم ياكى بىر توپ ئادەمنىڭ نېمە قىلىش ۋە ياكى نېمىنى قىلماسلىقى قانۇنغا خىلاپ بولمىسىلا، تامامەن ئۆز ئىلكىدىكى ئىشتۇر. بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئۇنى قىل، بۇنى قىل، بۇنى بىل دەيدىغانغا ھەققى-ھوقۇقىمىز يوق. لېكىن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ھالاكەتلىك بىر يولدا دەلدۈگۈنۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن تۈگۈلۈۋېلىش ئۇنى ياردىن ئىتتىرىۋەتكەن بىلەن باراۋەر جىنايەت. بىز بىر تۈپ دەرەخنىڭ شاخلىرى، دەرەخنىڭ بىر شېخى يىرىلسا، قالغان شاخلىرىنىڭ ھاياتى كۈچىگىمۇ شىكەستە يېتىدۇ...

ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ئارىلاشما مەدەنىيەت تۈركۈمى - ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت تۈركۈمىگە تەۋە كىشىلەرنىڭ بىرگە ياشاش جەريانىدا ئۆزلىرى بۇرۇن ئادەتلەنگەن ئىدىيىۋى قاراش، تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى بىر-بىرىگە ئۇچراشتۇرۇش نەتىجىسىدە سىڭىشتۈرگەن، تولۇقلىغان، تاشلىغان يېڭىچە يۈزلىنىش بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى تۈركۈملىرى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئارىلاشمىسى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ قىرلىق ئامىللىرىدىن باشقا، رۇسلارنىڭ تەسىرىنىمۇ، ياۋروپالىقلارنىڭ تەسىرىنىمۇ، كورېيلىكلەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش، كىيىنىش، تۇرمۇش قاراش ئادەتلىرىنىمۇ... ھەتتا خرىستىئانلارنىڭ بەزى ئادەت-قاراشلىرىنى تېپىشمۇ تامامەن مۇمكىن ھالەتكە يەتتى ۋە سىپى ئۆزىدىن ئارىلاشما مەدەنىيەت ھادىسىسىنى شەكىللەندۈردى. بۇ تۈركۈم تەۋەسىدە ياشاۋاتقانلارنىڭ روھىيەت پسىخىكىسىدا «ئەقلىي كۈچكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش، كىيىم-كېچەككە ئەھمىيەت بېرىش»① كۈچلۈكرەك، ئۇچۇقلۇق، يېڭىلىققا ئىنتىلىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش تېخىمۇ كۈچلۈك ئەكس ئەتكەن. ئالدىراشچىلىق ۋە خىزمەت سىجىللىقىنىڭ تېزلىكى ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇيەردە قوشنىدارچىلىق، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلارغا ئېتىبار بېرىش كەمچىل. پۈتكۈل شەھەر ئاھالىلىرىدا بولۇدىغان روھىي - پسىخىك نورمالسىزلىق، غېرىبلىق، يالغۇزسىراش كىشىلەرنى مەھكەم چىرمىغان.

www.uyghurkitap.com

ئانچە شۇغۇللانمايدۇ. خوتەنلىكلەر دىنىي رىۋايەتلەرگە، سىرلىق ئىشلارغا قىزىقىدۇ ۋە ئەقىدە قىلىدۇ، ھەقنى ئېنىق ئايرىيدۇ، تېبابەت ئىلمىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ...

جەنۇبىي مەدەنىيەت تۈركۈمىنىڭ بۈگۈنى بىر ئاز مۇرەككەپ تۈزۈلمىنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، كورلا رايونىنىڭ تاشقى تەسىرگە ئۇچرىشى ئىنتايىن تېز بولماقتا. قالغان رايونلارنىڭ ئىچكى جاھىللىقى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، بۇيىللارغا كەلگەندە ھەرقانداق بىر يېڭى شەيئىگە بولغان قىزىقىش، ئىنتىلىش يىلسايىن ئېشىپ بارماقتا ۋە كىشىلەرنىڭ تورمۇش ئۇسۇلى، قىممەت قارىشىغا زور تەسىرلەرنى ئەكەلمەكتە. كىشىلىرىمىزنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدا روشەن ئارىسالدىلىق، نارازىلىق بىلەن قىزىقىش، چەكلەش بىلەن سىناپ باققۇسى كېلىش.. قاتارلىق مۇرەككەپ ھېسسىيات كۈچەيمەكتە. بۇ خىل ئارىسالدىلىق كورلىدىن خوتەنگە قاراپ ئاجىزلايدۇ. خوتەندىن كورلىغا قاراپ ماڭغاندا ئەقىدە-ئېتىقادنىڭ قەتئىيلىكى ئەۋرىشىملىشىدۇ. يەنە بىر قايتىساق، مەسىلىگە رېئال-نەق كۆز بىلەن قاراش رېئال ھۆكۈمگە غايە ۋە تەقدىرنى تەڭ قوشۇپ قاراشقا تەرەققىي قىلىدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىساد، مائارىپ، سەھىيە، شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تۆۋەنلەپ بارىدۇ. يۈرەكلىك، قورقماي سۆزلەيدىغان كورلا، ئاقسۇ دېھقانلىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ مېڭىۋەرسەك خوتەنگە بارغاندا قالىدىغىنى مۈڭغا پاتقان، ئەترەتنىڭ قولىغا قالغان بىچارە دېھقان بولىدۇ...

جەنۇبىي مەدەنىيەت تۈركۈمى بىر قەدەر جاھىل مەدەنىيەت تىپىغا ئىگە بولۇپ، باشقا مەدەنىيەت تۈركۈملىرىگە قارىغاندا سىرتقى كۈچنىڭ غىدىقلىشىغا قارىتا بىر ئاز پاسسىپراق، لېكىن بۇ رايوندىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ ئاستا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئېلىپ ئېيتساق، ئۇزاق تارىختىن بېرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى، سانىسىزلىغان مەدەنىيەت ئېقىملىرىنىڭ گىرەلەشمە سەھنىسى دەپ قارىلىدىغان ئەزىزانە ماكان قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەركەزلىك، ئاۋانگارتلىق رولى كۈنسېرى ئاجىزلىماقتا. ئەختەم ئۆمەرنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا «قەشقەر مىسلىسىز دەرىجىدە چۆكمەكتە». يەنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى روھىي قىممەتلەر، مەزمۇنلار كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا، كۈندىلىك ھەرىكەت ئىپادىسىدە ئاجىزلاپ بارماقتا. ئەكسىچە، ئۇلار بەكرەك ياخشى كۆرۈدىغان ھەشەمەت ۋە ئېقىم قوغلىشىش قەدىر-قىممەت تۇيغۇسىنىڭ جان يەرلىرىنى قىرقىپ بارماقتا. ئاقسۇ ۋە ئاتۇش رايونلىرىدىكى يېڭى ئەۋلاد ياشلارنىڭ قىممەت قارىشى ۋە دۇنياغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئالدىنقى ئەۋلاد كىشىلەردىن روشەن پەرقلىق بولۇپ، نەق ئۇنۇم ۋە جەمئىيەتتىكى مەھەللىۋى نوپۇز، ھەشەم رىقابىتى بۇ رايونلاردا ئۆزلۈك ئېڭى، ئىدىيىۋى قاراش ۋە ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرغۇچى قىممەتلىك روھىي مەزمۇنلارنى ئادەملەردىن مەلۇم نىسبەتتە يىراقلاشتۇرماقتا. بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا ئاستا-ئاستا يۈز بېرىۋاتقان ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ تۆۋەنلىشى، ھايا، ئەيمىنىش، نومۇس تۇيغۇلىرىنىڭ روشەن خىرەلىشىشى ۋە ھەرقانداق غەيرىي، يات نەرسە، يۈزلىنىشنى «يېڭىلىق» دەپلا قوبۇل قىلىشقا ئادەتلىنىۋېلىشى... قاتارلىقلارلا بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە خوتەن رايونىدىكى بۇرۇلۇش، يوقىتىش، مەدەنىيەت ئۇقۇمىنىڭ سۈيىئىستېمال قىلىنىشى بىر قەدەر تېز، ئېغىر بولۇۋاتقىنىغا قارىماي، ئۇنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان سوغۇق ئېقىممۇ كۈچلۈك بولماقتا. موھتاجلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان چۈشكۈنلۈك، ئەشەددىي بىغەملىك ئامىللىرىغا قارىماي، پەرزەنتلىرى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆز ئەنئەنىسىگە خىلاپ، ئېتىقادىغا ناتوغرا كېلىدىغان قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى چەكلەش كىشىلەرنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. شۇ سەۋەبتىنمۇ، خوتەن رايونىنىڭ يېڭى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياشلىرىدا ھايا، گۇناھ تۇيغۇسى، بۈيۈكلىكتىن ئەيمىنىش تۇيغۇسى يەنىلا يۇقىرى نىسبەتتە ساقلانغان بولۇپ، بۇ خىل ساغلامراق بولغان كىشىلىك دۇنيا قاراش ۋە ئەخلاق قارىشى ئۇلارنى غۇرۇر بىلەن ياشاشقا ئۈندەيدۇ.

ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، جەنۇبىي مەدەنىيەت تۈركۈمىدىلا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت كاتېگورىيىسى ئىچىدىمۇ خوتەن رايونىنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقى ۋە كىشىلىرىدىكى خاسلىقنى قەدىرلەش تۇيغۇسى ئۆزگىچە رەۋىشتە ئايان بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق دېيىشىمىز، قانداقتۇر مەلۇم بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكىنى چۈشۈرۈپ، يەنە بىرىنى كۆتۈرۈش ياكى يۇرتۋازلىقنى قايتا قوزغاش، كۆتۈرۈپ چىقىش ئەمەس. ھەم بىزنىڭ يۇقىرىقى مۇھاكىمىلىرىمىز بىرەر مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ قانداقتۇر ئۆتمۈشتىكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى، ياراتقان تۆھپىلىرى ياكى تارىخىي شەخس-قەھرىمانلىرىنى ئاساس قىلغان ئەمەس. مەلۇم بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشى، شەھەر قۇرۇلۇشى ياكى خىزمەتچىسى بىلەن دېھقىنىنىڭ سانىنى، ئوقۇغان-ئوقۇمىغانلىقىنى... تېخىمۇ ئاساس قىلغان ئەمەس. بىزنىڭ باھايىمىز يېڭى يېتىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ روھىيەت پىسخىكىسى، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىدىيە-مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋە بۈگۈننىڭ مەسىلىلىرىگە تۇتقان، تۇتۇۋاتقان پوزىتسىيىسى ھەققىدە ئومۇميۈزلۈك قاراپ چىقىشنى ئاساس قىلىدۇ، خالاس. شۇڭا بۇ خىل ئايرىپ مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇلىنى تامامەن يېتەرسىزلىكتىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. بەلكىم بۇمۇ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنىڭ كېيىنكى يۈزلىنىشىگە بولغان تەخىرسىز دىققىتىمىزنى قوزغاشقا سەۋەب بوپقالسا ئەجەب ئەمەس.

يۇقىرىقى بايانلار بىزنىڭ مەدەنىيەت تۈركۈمىنى

جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە ئۇ شەكىللەندۇرگەن خاسلىقلار ئاساسىدا قىسقىچە تەھلىل قىلىشىمىز دۇر . ئەگەر تۇرمۇش شەكلىنىڭ ۋە ئىش تەقسىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسىدا شەكىللىنىۋاتقان مەدەنىيەت ھادىسىسى بويىچە قاراپ چىقىدىغان بولساق ، ھازىرقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يەنە شەھەر مەدەنىيىتى ۋە يېزا-سەھرا مەدەنىيىتىگە بۆلۈش مۇمكىن .

ھەممىمىزگە ئايانكى ، مەدەنىيەت شۇ مەدەنىيەت تۈركۈمى كىشىلىرىنىڭ رېئال ھەرىكىتى ،روھىيىتى ، ئەخلاق قارىشى ،ئەقىدە-ئېتىقادى ۋە يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەرگە قايتۇرغان ئىنكاسى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ ۋە مەدەنىيەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . ئېنىقكى ، بۇ جەريان مەلۇم ياش ۋە دەۋرنى بەلگە قىلغان شەخس ، شەخسلەر توپى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا ، مەدەنىيەتنىڭ ساقلىنىش ، يۈزلىنىش ئېقىمىدا ئۇلارنىڭ ئوينايدىغان رولىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ . مەيلى شەھەر مەدەنىيىتى ۋە يېزا-سەھرا مەدەنىيىتىدە بولسۇن ۋە ياكى شەرقىي ، شىمالىي ، جەنۇبىي تۈركۈملەردە بولمىسۇن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش بولمىغان ئادەملەر يەنە ئوخشاش بولمىغان ئادەملەر توپى ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ . قاتلامنىڭ كۆپ خىللىقى ، ئىپادىنىڭ ئىزچىللىقى يەنە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . شۇ بويىچە بولغاندا ، بىز ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنى يەنە تۆۋەندىكى قاتلاملارغا بۆلەلەيمىز : ئاڭ سەۋىيىنى بەلگە قىلغان ھالدىكى زىيالىيلار ۋە ئىشچى-دېھقانلار قاتلىمى ، ياشىغان ، ئۆسۈپ يېتىلگەن دەۋر شارائىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى مەيدانغا چىققان پېشقەدەملەر قاتلىمى ، ئوتتۇرا ياش ، ياشلار قاتلىمى (ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن تۇغۇلغانلار كۆزدە تۇتۇلدى ) ، يېڭى ياشلار قاتلىمى . . . قاتارلىقلارغا بۆلۈش مۇمكىن . كېيىنكى ئىككى قاتلامغا تەۋە ياشلارنىڭ ئېنىق چەك-چېگرىسىنى بېكىتىش سەل قىيىنراق بولۇپ ، ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن شۇ بويىچە ئېلىنىپ تۇردى . بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

بىز تۆۋەندە ماقالىمىزنىڭ مەقسىتى سۈپىتىدە ، بولغۇسى كېلەچەكنىڭ ھەقدارلىرى بولمىش يېڭى ياشلار قاتلىمى ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەققىدە يۈزەكى بولسىمۇ توختىلىپ ئۆتىمىز .

## 3

يېڭى ياشلار قاتلىمى دېگەندە ، ئاساسلىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تۇغۇلغانلار كۆزدە تۇتۇلدى . ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇش ، ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ، جۈملىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تېز بۇرۇلۇش ياساۋاتقان مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ ، ئۇلارنى نېمىلا بولمىسۇن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يېڭى دەۋرىنىڭ گۇۋاھچىلىرى ،دېيىشكە بولىدۇ . بۇ يېڭى دەۋرنى بەرپا قىلىۋاتقانلار ،قۇرۇۋاتقانلار ئالدىنقى ئەۋلاد كىشىلەر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ سىقىلىشتىن كېيىنكى ئۇرۇنۇشى ياشلىرىمىزغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى . ۋەھالەنكى ، ئاشۇ ياشانغانلار ۋە ئوتتۇرا ياش كىشىلەر ۋەھشىيلەرچە ئوينالغان سىياسىي ئويۇنلارنىڭ بىچارە ئارتىسلىرى ، شەخسكە چوقۇنۇش - چوقۇندۇرۇشنىڭ تەۋەررۈك قۇربانلىرى ئىدى . ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرى دەل بىر قېتىملىق چوڭ ئىدىيىۋى ،سىياسىي ئۆزگىرىش دەۋرىگە توغرا كەلگەچكە ،ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى قاتمۇ قات توقۇنۇش ،گاڭگىراشلارنىڭ چاڭگىلىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . گەرچە بۇ خىل توقۇنۇش كەسكىن ئىپادىلەنمىسىمۇ ،مەسىلە بىر تەرەپ قىلىشتىكى قەتئىيلىك ، ئىدىيىۋى تۇراقلىقلىق ، مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتىگە بولغان سادىقلىق روشەن لىنىشقان ، مۇئەييەن تۇردە مۇرەسسەچىلىك خاھىشى ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى . «سولچىلىق» ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن ،بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن سىياسىي بوران-چاپقۇنلار تىنىمسىز چىقىپ تۇرغان يىللاردا ھاكىم كۈچنىڭ سىياسىي مەقسىتى ئۈچۈن ئېتىقادىدىن ،جېنىدىنمۇ كېچىشكە تەييار جان تەسەددۇقلۇق پۈتكۈل جۇڭگو مىقياسىدا جان ساقلاشنىڭ ئۇنۇملۇك يولىغا ئايلانغانىدى . ئۇلار ئۆز ئېتىقادىدىن ،مەدەنىيىتىدىن قورققانلار ئىدى . بىگۇناھ تۇرۇپمۇ گۇناھقا مەجبۇرىي پاتۇرۇلغاچقا ، ئۆز ئايغىدىن ئۈركۈيدىغان ناھايىتى ئېھتىياتچان خاراكتېر يېتىلدۈرۈۋالغانىدى . ھاكىم كۈچ پەيدا قىلغان تاتۇق مەڭگۇ ساقايمايدىغان جاراھەت پەيدا قىلىدۇ . كىشىلىرىمىزدىكى ئېھتىياتچان خاراكتېر كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندىمۇ تۈگەپ كەتمىگەنىدى . ئۇلار تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۈركۈيتتى . خۇدۇكسىرەپ ،چۆچۈپ ، ھەر بىر ھەرىكىتىدىن گۇمان قىلىدىغان خاراكتېر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قەتئىيلىكىنى يومشىتىپ تاشلىغان ، ئاسان يۇقۇملىنىدىغان ،ئىممۇنىتېت كۈچى ئىنتايىن ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىنى نەچچە ھەسسە تېزلىتىۋەتكەنىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا مەدەنىيەت ئۇقۇمىدا ،ئىمان-ئېتىقاد ئۇقۇمىدا مۇئەييەن ئۆزگىرىش شەكىللەنگەنىدى . بولۇپمۇ ئاتا-ئانىلاردا يۈز بېرىۋاتقان ئىدىيىۋى مۇرەككەپلىك ۋە گاڭگىراش ئائىلىنىڭ ، جەمئىيەتنىڭ تەلىم-تەربىيە فۇنكسىيىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە ئەكەلگەنىدى . ئىدىيىۋى گاڭگىراش ھالىتىدە تۇرغان ئادەم نېمىگە قارشى تۇرۇپ ، نېمىنى قوللاۋاتقانلىقىنى ، ھەتتا ئۆزىنىڭ نېمە ، كىم ئۈچۈن بايراق كۆتۈرۈپ نېمدەپ شۇئار توۋلاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالىدۇ . ئۆزىنى قۇتقۇزالمىغان ئادەمنىڭ باشقىلارنى قۇتقۇزۇشىدىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن ؟

1990-يىللاردىن باشلاپ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئائىلىنىڭ تەربىيىۋى رولى كۈنساناپ ئاجىزلاشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى ئامىللىرى قاپلاشقا باشلىدى. ئالاقە، تارقىتىش تورلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە يېتىپ باردى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى يۈزلىنىشىگە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئەكەلگەن يېڭى دولقۇننىڭ تۇنجى زەربىسى تېلېۋىزوردا ئۆزىنى ئەڭ كۈچلۈك نامايان قىلىپ ئۆتتى.

ئېنىقكى، تېلېۋىزور بولسۇن ۋەياكى باشقا تارقىتىش ۋاستىلىرى بولسۇن، جانسىز نەرسە. يىغىپ ئەكەلسە، بىر دۆۋە تۆمۈر-تەسەك. لېكىن ئۇنى ۋاستە قىلغان ھەرقانداق بىر شەكىلدىكى پروگراممىا ئېنىقكى تىرىك ئىدىيە. مەلۇم بىر ئىدىيىگە ۋە ياكى ھەرقانداق بىر ئېقىم، شەيئىيگە مەپتۇن بولۇش بەلگىلىك ۋاقىت، قىممەت ۋە ئىدىيىنى بەدەل قىلىدۇ. مەلۇم بىر شەيئىيدىن ھۇزۇرلىنىش جەريانى يەنە بىر ئىدىيىۋى كۆرەش، تەپەككۇر جەريانى. بولۇپمۇ سەنئەتتىن زوقلىنىش ئىدىيىلەرنىڭ يۇغۇرۇلۇش جەريانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىر كۈنلۈك ئىش-ئەمگەكتىن چارچىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىللىق ئائىلە شادلىقىدىن ۋاز كېچىپ تېلېۋىزور ئالدىغا مۆكچىيىشى بىر ئائىلىنىڭ مەنىۋى قىممىتى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاز بەدەل ئەمەس. ئاتا-ئانىلىرىمىز داستىخاندا چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ غىزالىنىپ، دۇئا قىلىپ قوپۇدىغان ئادەتلىرىنى ئۇنتۇپ قاچىسىنى كۆتۈرگىنىچە تېلېۋىزور ئالدىغا يۈگرۈشۈۋاتقان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا ئائىلە مۇھىتىدىنمۇ، ئۇلارنىڭ ئاچلىقىدىنمۇ مۇھىم بولغان بىر نەرسە ئۇلارنى ماگنىتتەك تارتىشقا باشلىغانلىقى ئايان بولىدۇ. غىلجىڭ تۇرمۇشنىڭ ساختا تەپسىلاتلىرىغا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ پەرزەنتلىرىنى، ئەقىدە-ئېتىقادى ھەتتاتەقۋادار مۇسۇلمانلىرىمىز نامىزىنىمۇ ئۇنتۇشقان ئاشۇ دەقىقىدە ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىدىكى ئىدىيىۋى بۇرۇلۇش، يوكسەكلىك تۇيغۇسى ۋە ئەقىدىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە زەھەرلىك پاكىتلار توختاۋسىز چېپىلىۋاتقان، ئىدىيىلەر غۇۋالىشىپ كېتىۋاتقان بولىدۇ. ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى، ئەخلاق ئۆلچىمى، ئەقىدە-ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىگە زىت ھەرىكەت، گەپ-سۆز، ئادەتلەرگە ئېغىزىمىزنى يوغان ئېچىپ، كۆزىمىزنى جامدەك پارقىرىتىپ نومۇس قىلماي ئولتۇرۇۋاتقان پەيتىنىڭ ئۆزىدە ئىمانىمىز چىرىۋاتاتتى، باللىرىمىزنىڭ سەبىي - پاك قەلبىدە يېڭى بىر چىركىن قاراشنىڭ، زەھەرلىك ئىدىيىنىڭ، شاللاق تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۇندۇرمىسى ئۆسۈۋاتقان بولاتتى. بىز ئۇنى يۇلۇپ تاشلىماقتا يوق، ھىجىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىۋاتاتتۇق. پەرزەنتلىرىمىز رېئاللىقتىن ھالقىغان غايىۋى، ئەپسانىۋى تۇرمۇشنىڭ مەستانىلىرىگە، چىرىپ، قات-قېتىدىن بۇسۇلۇۋاتقان تۇرمۇش ئەندىزىسىنىڭ تەلپۈنگۈچىلىرىگە، زەھەرلىك ئىدىيىنىڭ قوللىغۇچى، ئەگەشكۈچىلىرىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى. قورسىقى تويسىلا تەربىيىلەندى، ئاچ قالمىسىلا ياخشى بېقىلدى، دەپ قارىلىدىغان باللىرىمىز ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئەدەب-قائىدە، ئەخلاق، شەرمى - ھايالىرىنى ئەمەس، ئېكرانلاشتۇرۇلغان يات مەدەنىيەت، ئىدىيىلەر بىلەن يەتكىچە تونۇشۇش نەتىجىسىدە سۆڭىكى، قېنى ئۇيغۇرنىڭ، روھى كىملەرنىڭدۇ بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆسۈشكە باشلىدى. ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتەر-ئۆتمەيلا، بىز بۈگۈن يېتىلىۋاتقان يەنىمۇ يېڭى غۇنچىلىرىمىزنىڭ قىلىقىدىن تېخىمۇ زور دەرىجىدىكى ياتلىشىشنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرمەكتىمىز. بىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ 1990-يىلنى پاسىل قىلغان ھالدىكى تۇرمۇش يۈزلىنىشى بىلەن 2000-يىلنى پاسىل قىلغان ياشلارنىڭ قىممەت قارىشى، تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئەتە ھەققىدىكى غايىلىرىنى مۇنداقلا سېلىشتۇرۇپ باقساق، ئون يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىكى بۇرۇلۇشتىن چۆچۈمەي تۇرالمايمىز.

بىز تېخنىكىنى، تەرەققىياتنى، جەمئىيەتنىڭ ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىشىنى قوللايمىز. لېكىن ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق يولىدا كەم بولسا زادى بولمايدىغان ئەخلاق قارىشىنى چىرىتىپ، سېسىتىدىغان، ئىنسانىيەتنى قاراڭغۇ زۇلمەتكە، ناتوغرا - ئېزىتقۇ يولغا باشلايدىغان ھەر قانداق شەكىلدىكى ھەرقانداق نەرسىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز. ئادەمنىڭ ئادىمىلىكى مۇقەددەس، ئەگەر ئۇنىڭدا ھەممە ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرىدىغان مادىي مەئىشەت بولۇپ، ئۇنى توغرا يولغا ئىشلىتىدىغان ساغلام كىشىلىك دۇنيا قارىشى بولمىسا، ئىنسان كاتتا بېزەلگەن ھەشەمەت سارىيىدىكى يەپ-ئىچىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان توڭگۇزنىڭ نەق ئۆزىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ چاغدا ئۆزى چىچقان نىجاسەتنىمۇ بايقىماي يەۋېرىدىغان گەپ. ھالال-ھارام تۇيغۇسىنىڭ، گۇناھ، ئەخلاق تۇيغۇسىنىڭ يوقىلىشى، ئېنىقكى ئىنسانىيەتنى توڭگۇزدىنمۇ بەتتەر قىسمەتكە مۇپتىلا قىلىدۇ.

بىر ئەۋلادنىڭ تەربىيىۋى رولىنىڭ تاشلىنىشى كېيىنكى بىر ئەۋلاد ئۈچۈن قېزىلغان زىندان. پەرۋاسىزلىق يېڭى بالا-قازاغا ھامىلدار. بىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمىز، پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش زىممىسى يەلكىسىدە ئادەملىرىمىز جىددىيلىك ئىچىدە چاپماقتا. تۇرمۇش، خىزمەت، ئۆي، ئىقتىسادنىڭ غېمى ئۇلارنى ئالدىغا سېلىۋالغاندى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلار چوڭ بىلىپ، قاقشاپ-زارلاۋاتقان ئېھتىياج ئۇنچىۋالا چوڭمۇ ئەمەس ئىدى. لېكىن ئەرزىمەس رەسمىيەتلەرنىڭ نەزىرىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈپ قېلىشى، ھاياتنى كاپالەتلەندۈرگۈچى ۋاستىلەرنىڭ ھاياتلىقتىكى بىردىنبىر مەقسەت ئورنىغا ئالمىشىشى بىزنى ئەھمىيەتسىز، ئۇنۇمسىز جىددىيلەشتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

قويۇۋاتاتتى . تەن ۋە روھىمىز قۇرۇقدىلىپ كىيىم ئاسىدىغان ئاسقۇغا ، يېمەكلىك بىر تەرەپ قىلىدىغان يەپ -چىقىرىش ئۈسكۈنىسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى . روھىيىتىمىز قۇرۇقدىلىۋاتاتتى . ئەۋلادلارنىڭ كېلەچەك قۇرۇلۇشى تولىمۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن مائارىپتىن ئىبارەت تېخىمۇ بىچارە گەۋدە ئۈستىگىلا تاشلىنىپ قويۇلىۋاتاتتى .

بىزنىڭ ساددا ، ئاقكۆڭۈل كىشىلىرىمىز مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ قۇرۇلمىدىن شۇ قەدەر چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ . بىزگە كېرەكى نېمە ، مائارىپ بىزگە نېمىنى بېرىۋاتىدۇ ؟ بالىلار نېمىگە موھتاج ، ئوقۇتقۇچىلىرىمىزدا نېمە بار ؟ مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئەخلاق ، قىممەت قارىشى نەگە بېرىپ ، نېمىنى قانداق ھەل قىلىشنى ئۆگىتىدۇ ؟ مائارىپىمىز ئەخلاق ، قىممەت قارىشى جەھەتتە زادى نېمىلەرنى ئۆگىتىۋاتىدۇ ؟ . . . يۇقىرىدىكى نۇقتىلار بىزنىڭ ئاتا-ئانىلار ۋە جەمئىيەت چوڭقۇر ھېس قىلمىغان تەرەپلەردۇر .

بىزدىكى مائارىپ ھادىسىلەرنىڭ تاشقى پوستىدىلا توختاپ قالغان . تەلىم-تەربىيە ئورگانلىرىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقان ئەۋلادلارنىڭ روھى - پسىخىكىسىدىكى ئاجىزلىق ،بۇلغىنىپ كېتىۋاتقان ئەخلاق قارىشى ،بۇزۇلغان گۈزەللىك ،قىممەت قارىشى ، ئېتىقادسىزلىنىش ،غايىسىزلىق ، چۈشكۈن تۇرمۇش يولىنى تاللىۋېلىشى قاتارلىقلار بىزدىكى مائارىپنىڭ مەغلۇبىيىتىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ . بولۇپمۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە مەكتەپ ، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۇچرايدىغان يات ئىدىيە ،كۆز قاراش ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىنى غىدىقلايدىغان ناچار ئىجتىمائىي ھادىسىلەر شۇنچە كۆپەيمەكتە ۋە مەكتەپ مائارىپى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلىرى ۋە يۈزلىنىشى بىلەن قىلچە كارى يوق ھالدا نەچچە يىللار ئاۋال تۈزۈلگەن ئىپتىدائىي دەرسلىكلەرنىڭ رامكىسى ئىچىدىلا قالغاچقا ، جەمئىيەتتىكى ئىچىش-چېكىش ، خىلمۇ خىل شەكىلدىكى كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرى ۋە يۈرۈش-تۇرۇش ئادەتلىرىدىكى غەيرىي ئادەتلەر يەنىلا تەھلىلسىز ،باھاسىز قالماقتا . ئىلگىرىلەش نىشانى ۋە ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلمىگەن بالىلىرىمىز-نىڭ ئاستا-ئاستا غىلجىڭ ئادەتلەرنى ،ئاپئاشكارا قۇچاقلىشىپ ، قولتۇقلىشىشىپ مېڭىشلارنى ، ھەتتا چېكىدىن ئېشىپ ئادەم بارمۇ-يوق دېمەي ئەل كۆزىچە سۆيۈشۈشلەرنى ،كىندىكى ئوچۇق كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك قاتراپ يۈرۈشلەرنى ،نىكاھ چۈشەنچىسىنىڭ ئەسلىدىكى مۇقەددەسلىكىدىن ئايرىلىپ ، ئاتالمىش يۈرۈۋېلىش ، مۇھەببەتلىشىش شەكىللىرىگە يۈزلەنگەن بىللە تۇرۇش ،بىللە يۈرۈش ، نىكاھسىز ھامىلدار بوپقېلىش قاتارلىق ھادىسىلەرنى . . . نورمال ھادىسە ، شەخسنىڭ ئەركىنلىكىدىكى ئىش ،زاماننىڭ

تەرەققىياتى دەپلا قوبۇل قىلىۋېرىشى ۋە ئۆزلىرىنىڭمۇ شۇ خىل چىركىن تۇرمۇش يولىنى تاللىۋېلىشى يىلسېرى ئەدەب بارماقتا . تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارنىڭ كۆرسىتىشىچە ، ئائىلىسىدىن ساق پېتى ئالىي مەكتەپ ۋە ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك تېخنىكوم ،ئىنىستىتۇتلارغا ئوقۇشقا كىرىۋاتقان قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇھەببەتلەشمەي چىقىدىغىنى يوق دېيەرلىك . ئۇلارنىڭ تولۇقسىز ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى تارتىنچاقلىقلىرى ، ھايالىرى شەھەر ئىجتىمائىي يۈزلىنىشلىرىدە سۈپۈرۈلۈپ تۈگەيدۇ . قارىماققا ئەركىن ،رومانتىك ، غايىۋى كۆرۈنگەن زەھەرلىك تۇرمۇش ئىدىيىسى ئۇلارنىڭ قىزلىق نومۇسىنى ،غۇرۇرىنى ۋە قىز-ئوغۇل ، ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا جەزمەن ساقلىنىشى كېرەك بولغان ،نىكاھ ئۈستىگىلا قۇرۇلۇشى كېرەك بولغان ھېسسىي مۇناسىۋەتلىرىنى كۆمپەيكوم قىلىپ تاشلىماقتا . ئوقۇۋاتقان بىر ئەۋلاد ياشلىرىمىزنىڭ ئەقلىي ساپاسى ، ئەخلاق چۈشەنچىسى ۋە ئادىمىيلىك قەدىر-قىممەت تۇيغۇسى تېز سۈرئەتتە (?) بۇيىچە

ئالدىدا:

تۆۋەنلىمەكتە . مۇھەببەت پاجىئەسى ـ قىز -ئوغۇللارنى ھاراقتا ،كېچىلىك كۇلۇبلاردىكى تەلۋە-ئەسەبىيلىكتە ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىشكە سۆرىمەكتە . كىشىنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى قوزغايدىغىنى ، بىر-بىرىگە تالاي -تۈمەن يالغان ۋەدىلەرنى بېرىشكەن ئاتالمىش «جۈپلىرىمىز» نىڭ ھەر ئىككىسى ئېنىق بىلىدۇكى ، ئۇلار كېيىنچە توي قىلمايدۇ . ئۇلارنىڭ مەقسىتى زېرىكىپ قالماسلىق ، ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ، ئوقۇش ھاياتى جەريانىدىكى يالغۇزلۇقتىن بولۇدىغان ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش .ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى بىر بۈيۈك تۇيغۇنىڭ ئىچپۇشۇقنى چىقىرىش ۋاستىسىگە ئايلىنىشى نىكاھ ،ئائىلە ،جەمئىيەت ساغلاملىقىنىڭ يىمىرىلىۋاتقانلىقىنىڭ پاكىتى . تەكرار بىر-بىرىدىن ئايرىلىش ۋە يارىشىش ،يەنە تېپىشىش ساغلام ئەخلاق قارىشىنى ،غۇرۇرنى دەپسەندە قىلىپلا قالماي ، ئەقلىنى بىھۇدە زايە قىلىدۇ . كەلگۈسىدىكى نىكاھقا يۇيۇپ بولغۇسىز ئېغىر داغلارنى پەيدا قىلىدۇ . ئائىلە ماجىرالىرىنى ،پاجىئەلىرىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ .

ھەئە ، كىشىلەر ئالدىراش چاپماقتا . شەھەرلىكلەر ئىچ پۇشۇقىنى كۆڭۈل ئېچىش كۇلۇبلىرىدا ، رېستورانلاردا ، ئولتۇرۇش - زىياپەتلەر-دە چىقارماقتا . دېھقانلار ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇپ بىر-بىرىگە مۇڭ تۆكۈشمەكتە . پېشقەدەملەر ئۆيلەردە يالغۇز قالماقتا . ئوتتۇرا ياش ،ياشلار خىزمەت ،سودا . . يەنە ئاللىقانداق ئىشلارنىڭ قۇلى . يېڭى يېتىلىۋاتقان ياشلىرىمىز بولسا دەپتەر-كىتابنىڭ ئالدىدا ،تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ۋە ياكى ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقنىڭ ۋە ياكى قايسىدۇر بۇلۇڭلاردا «ئادىمي» ئويۇنچۇقلىرىنىڭ قولتۇقلىرىدا . . . ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى قاتلاملارنىڭ ئارىسىدىكى ھاڭ كىشىنى ئەنسىرەتكۈدەك (?)

مەدەنىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىنى بەلگە قىلىدۇ. غايىسىزلىشىۋاتقان بىر ئەۋلاد بىلەن ئامالسىز قىياپەتكە كىرگەن يەنە بىر ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۈنسايىن چوڭقۇرلاشماقتا. گەرچە بۇ ئاشكارا توپىلاڭ چىققاندەك چىقمىسىمۇ، بىر-بىرى بىلەن كېلىشەلمەسلىك، بىر-بىرىنى ياراتماسلىق، بىر-بىرىنى گەپكە كىرگۈزەلمەسلىكلا بۇنى چوڭقۇر ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. تىل بىر، لېكىن بىرىمىزنىڭ مۇددىئاسىنى، چۈشەنچىلىرىنى يەنە بىرىمىز چۈشەنمەيمىز، قوبۇل قىلالمايمىز. ئاخىرى قوپۇپ «جەمئىيەت تەرەققىياتى» دەپلا بولدى قىلىمىز. زىددىيەتتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرماقچى، ئىشلارنى ئۆز يولىغا تاشلاپلا بولدى قىلماقچى بولىمىز. ۋەھالەنكى، بۇ ئۇنداقلا بولدى قىلىدىغان ئىت بىلەن مۈشۈك ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشەلمەسلىك، توقۇنۇشۇپ قېلىش ئەمەس، بەلكى دىنى، تىلى، ئىرقى، مەدەنىيىتى بىر دەپ قارىلىدىغان بىر مىللەت كىشىلىرى ھەتتا بىر ئانا، بىر دادىدىن بولغان بىر ئائىلە كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. ئۇنى ھەل قىلماي تۇرۇپ بىز بىر ئائىلە، بىر مىللەت بولۇپ ئۇيۇشۇپ چىقالمايمىز. ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىنى باغلاپ تۇرۇدىغان مۇناسىۋەت زەنجىرىنىڭ ئۈزۈلۈشى ئائىلىنىڭ ھەتتا مىللەتنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ ئائىلە، مىللەت ئۇچرايدىغان تاشقى بېسىممۇ ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئىچى سېسىق تۇخۇمنىڭ چېقىلمىغىنىنى سىز نەدە كۆرگەن؟

يەنە كېلىپ «جەمئىيەت تەرەققىياتى» - جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، يەنى ماددىي ۋاستىلەرنىڭ، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ، ئىنسانىيەتنى ئوراپ تۇرغۇچى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئادەم تەبىئىيىتىنىڭ، كىشىلىك دۇنياغا قويۇدىغان تەلىپىنىڭ مەنىۋى نېگىزلىرىنىڭمۇ ئۆزگىرىشىنى كۆرسەتمەيدۇ. جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ، تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە، يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپلا ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزگىرىۋاتقان جەمئىيەتكە ئەگىشىپ شەكلىنىلا ئەمەس، ماھىيەتىنىمۇ ئۆزگەرتىش، ئادەمنىڭ ئاكتىپ ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، ئۇنى مەخلۇقاتلار دۇنياسىدا ئىككىنچى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئادەمنىڭ ماھىيىتى ماددىي جەمئىيەتنى ئۆز مەۋقەسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالمىسا، شەكسىزكى، ئۇ ماددىنىڭ يېتەكلىگۈچىسى ئەمەس، ئەگەشكۈچىسىگە، ئادەم ئەمەس، سېپى ئۆزىدىن ھايۋانغا ئۆزگىرىدۇ.

## 4

ئىچكى بىرلىكنىڭ خورىشى تاشقى مۇداپىئە كۈچىنىڭ يوقىلىشىدىن بېشارەت. ئىچكى قالايمىقانچىلىق، زىددىيەتلەرنىڭ چوڭىيىشى، چەتتىن كېلىدىغان بېسىم، خەۋپكە تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىپ بېرىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ مەسىلىلىرىنىڭ مەسىلە پېتى تاشلىنىپ قېلىۋېرىشى جەمئىيىتىمىزنى پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتىن باشقىغا يارىمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ھەقىقەتەنمۇ مەدەنىيىتىمىزگە چەتتىن كېلىدىغان بېسىم كۈنسېرى ئېغىرلاپ بارماقتا. مەدەنىيىتىمىزنىڭ ماددىي كاپالىتى، سىياسىي، ئىقتىسادىي... يۆلەكلىرىنىڭ ئاجىز بولۇشى بۇ خىل خەۋپنى تېخىمۇ تېزلەتمەكتە. ئىستېمال، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئالاقىدىكى پۈتۈنلەي تاشقى ئامىلغا تايىنىش مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆزلۈك قىممىتىنى ئۆپرىتىپ تاشلىماقتا. كىشىلەر ھەتتا نېمىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغىنىنىمۇ ئويلىشىپ باقماستىن، ئىنتايىن ساددا يېنىكلىك بىلەن كىم قاتتىق تۇۋلىسا، كىم چىرايلىقراق گەپ قىلسا شۇنىڭ كەينىدىن كېتىۋەرمەكتە. بۇنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە، بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىگە، ماگىزىنلىرىغا روژدېستۋو بوۋاينىڭ رەسىملىرىنى چاپلاپ، يات ئىدىيىگە تەگكەش بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدىغان بوپقالدۇق. كىم بۈگۈنكى كۈندە «Merry Christmas» (روژدېستۋو بايرىمىغا مۇبارەك) دېگەن خەتكە زوقمەنلىك بىلەن قارايدىغانلارنى بىزدە يوق ياكى ئاز دېيەلەيدۇ؟ روژدېستۋو بايرىمى يەنە ئاللىقانداقتۇر بايراملاردا تورت يەپ ھوزۇرلىنىپ بايرام تاماشىسى قىلىدىغان، ھەتتا چېركاۋلاردا بايرام ئۆتكۈزۈدىغان، لېكىن ئەڭ ئەقەللىيسى نەۋرۇز بايرىمى كەلسە ئۇنتۇپ قالىدىغان، روزى ھېيت، قۇربان ھېيتلارنى يەپ-ئىچىش بايرىمى قاتارىدىلا ئۆتكۈزۈپ، ھەقىقىي مەنىسىنى پۈچەكلەشتۈرىدىغانلار ئارىمىزدا ئازمۇ؟...

كىشىلەر ھاياتلىقتىن ئىبارەت بۇ ئۆتەر يولدا ھامان ئۆزلىرى يېتەكچى قىلىدىغان، ئەگىشىدىغان، ئۇنىڭدىن تەپتارتىدىغان، ئەيمىنىدىغان، يامان يولدىن تارتىپ تۇرىدىغان بىر خىل يېتەكچى ئىدىيىگە، ئەقىدىگە موھتاج. ئۇنىڭ ئۇنتۇلۇشى ياكى ئېتىبارسىز قېلىشى ئىنساننى ھەر بالاغا باشلايدۇ. بۇ خىل ئىدىيىنىڭ كۈچىدىن قېلىشى ئېنىقكى، يەنە بىر خىل ئىدىيىنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. گەرچە ئۇ رەسمىي رەۋىشتە ۋە ياكى مەلۇم كۆلەم شەكلىدە ئاشكارا شوئار تۇۋلاپ چىقمىغان بىلەن ئادەت-يوسۇنلىرى، قاراشلىرى، مەسىلە تەھلىل قىلىش ئۇسۇللىرى ھەر بىر ھەرىكىتىمىزگە سىڭىپ كېتىشى مۇمكىن. دۇنيادا ئىدىيە نۇرغۇن، گەپ جىق، ئۇلارنىڭ ئىگىسىمۇ، ئىدىيە - ئېتىقادىمۇ، تەۋەلىكىمۇ ھەر خىل. بۇ خىل ئىدىيە - قاراشلارنىڭ ئۇيغۇرچە ۋارىيانتلىرى ئارىمىزدا پات-پات ھەرخىل شەكىلدە پەيدا بولۇپمۇ تۇرىدۇ ۋە ھەتتا ئارىمىزدا نەدىن كەلگەنلىكى نائېنىق بولغان ئازغۇن ئىدىيىلەرنىڭ جان تەسەددۇق مۇخلىسلىرى، ئىخلاسمەن تەقۋادارلىرى توپ-توپى بىلەن پەيدا بولۇپمۇ ئۈلگۈرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇچۇر - ئالاقە تېز سۈرئەتتە ئالمىشىۋاتقان بۈگۈنكى

كۆندە تېخىمۇ شۇنداق بولماقتا . لېكىن شۇ نەرسە ھەممەيلەنگە ئايان بولۇشى كېرەككى ، ھەممىسىنىڭ چالىدىغىنى ئۆزىنىڭ دۇمبىقى ، تولىدىغىنى ئۆزىنىڭ دەردى . خەق نېمە دېسە راست دەپ ئىشىنىپ ، ئەگىشىپ كېتىۋېرىش ئۆزىگە خاس بەلگىلەرنى قۇربان قىلماي قالمايدۇ . بىزگە كېرىكى ئۆزىمىزنىڭ چىن پارىڭى . بىز باشقىلارنىڭ بىز ھەققىدىكى پىكىر - قاراشلىرىنى تۇتىيا بىلمىز . ۋەھالەنكى ، بىر ياۋروپالىق ،ئامېرىكىلىق ۋە ياكى ئافرىقىلىق بولسۇن ، مەجبۇرىيەتكە ئايلانغاندا ۋە ياكى بىۋاستە پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەندە بىز ھەققىدە توختىلىشى ، ھەتتا چىڭقىلىپراق توختىلىشىمۇ مۇمكىن . بولمىسچۇ ؟ جان بېقىش ، كۆڭۈل ئېچىش ،پايدا . . . بەس ، يېتىپ ئاشىدۇ . بىرەر چەت ئەللىك ئاشخانىلىرىمىزغا كىرىپ بىرەر ۋاق غىزا يەپ ،ئىككى رەت ئېغىز تامشىتىپ قويسا كېرىلىپ كەتمەيلى . قورسىقى تويغىنى ئۈچۈن ماختايدۇ . كۆڭۈل خۇشى دەپ كېلىدۇ ، پايدىنى دەپ پاي سالىدۇ ، بازىرىڭىزنى قۇرۇپ بېرىدۇ ، ھەتتا بوسۇغىڭىزنىڭ تۈۋىدىلا ولۇشىمۇ مۇمكىن . بازار بوسۇغىڭىزدا ، پۇل ئاقىدۇ نەقنىڭ قويىنىغا . بىز شۇنداق بىر ئاچچىق ھەقىقەتنى ېنىق ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەككى ،بىرەر چەت ئەللىكنىڭ بىز ھەققىدە دەپ بەرگەنلىرى ،بىز ئۈچۈن قىلىپ بەرگەنلىرى تۇتىيا ئەمەس . بۇ ھەرگىزمۇ ھەمكارلىششىنى چەتكە قاققانلىق ئەمەس . ھەمكارلىشىش - تەڭ نىسبەتتىكى ئورتاق قۇرۇش . پاسسىپ ھالەتتىكى قوبۇل قىلىش ۋە ھەمكارلىشىش تەقدىرىمىزنى يىگىلىتىدۇ . «بىر بالاسى بولمىسا قۇيرۇق ياتامدۇ تاشتا ؟» ئەسلى گېپىمىزگە قايتساق ، باشقىلارنىڭ بىزگە ئىدىيە تارقىتىشى ، بىزنىڭ قوبۇل قىلىشىمىزنى ، بىزنى تەتقىق قىلىشى بىزنىڭ تەتقىق قىلىنىشىمىزنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ . دېمەككى ، بىز تەتقىق قىلىنغۇچى ، قورۇلغۇچى ، ئۆزگەرتىلگۈچىلىك ئورنىغا چۈشۈپ قالىمىز . تەتقىق قىلىنىدىغان نەرسىدە تەتقىق قىلغۇچى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ، قورۇلغان نەرسىدە قورغۇچى ئۈچۈن مەنپەئەت يەتكۈزۈش ،ئۆزگەرتىلگۈچى نەرسىدە ئۆزگەرتكۈچىنىڭ مۇددىئاسىغا ئۇيغۇنلىشىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ . يەنچۇ ؟ . . . ياغاچچى ياغاچ رەندىلىگەندە دىققەت قىلىپ باققانمىتىڭىز ؟ رەندىدە يەنە شۇنداق تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بىر ھەقىقەت باركى ، رەندىگە يارىسا ، ئىشلىتىلىدۇ ، يارىمىسا تاشلىنىدۇ ، ئورنىغا باشقىدىن ئەكېلىپ سەپلىنىدۇ . بۇجەرياندا خېلى-خېلى توم بادرىلارمۇ تاراشلىنىپ تارىشىغا ئايلىنىشى ،لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا تۇترۇق بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئەرزىمەس قوتۇر چىماقلار ئالىي سۇپەتلىك ياغاچ سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ ، ھەشەمەتلىك بىنالارنىڭ بىرىگە تىزىلىشىمۇ مۇمكىن . بۇيەردە قىممەت ئۆلچىمى ياغاچچىنىڭ ئىلكىدە ،ئەلۋەتتە .

جاھاندا ھېچكىم قورۇلغۇچى ، قورۇپ بېرىلگۈچى بولۇشنى خالىمىسا كېرەك . لېكىن بەزىدە شەخسنىڭ ئۆزى تەۋە جەمئىيەتنى خالىغىنىچە تاللاش ھوقۇقى بولمايدۇ . نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان يېتىم بالا باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ يېتىۋالالمايدۇ . شۇنداقلا ھېچكىم بىراۋغا ئىدىيىسىنى زورلاپ تېڭىپ قوبۇل قىلدۇرالمايدۇ . ئۇنىڭدا تاللاش ، ئۆزگەرتىش ، قۇرۇش روھى ، ھوقۇقى بولىدۇ . شۇ مەنىدىن مەن ئۆزىمىزنىڭ ھەر بىر تىجارەتچىسىدىن پەخىرلىنىمەن ،ئۇ ھەتتاكى پايپاق ساتسىمۇ ؛ ئۆزىمىزنىڭ ھەربىر كارخانىچىسىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىمەن ،ۋەيران بولغانلارغىمۇ ؛ئۇلاردا قۇرۇش - ئۆزىگە خاس ئىدىيە - روھنى نامايان قىلىش بار ؛مەن ئۆزىمىز ھەققىدىكى ھەربىر ئىزدىنىشتىن سۆيۈنىمەن . ماڭا شۇنداق ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى ئۆزىمىزنىڭ گەپلىرى بەكرەك خۇشياقىدۇ . بۇ جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولمىغانلارنىڭ بىز ھەققىدىكى پىكىر - قاراشلىرى شۇلارنىڭ مەلۇم بىر پەيتتىكى ئۆتكۈنچى ھېسسىيات ، قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئەگىشىپ كېتىۋاتقان بەزى ئېقىم ۋە ئىدىيىلەر ،ئادەت - ئۇسۇللار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىۋاستە ئىنكاسى بولماستىن ، سىياسىي تۈزۈلمىسى ،ئىدىيىۋى قۇرۇلمىسى ، ئاڭ فورمىسى ئوخشىمايدىغان ،ھەتتا مۇتلەق قارىمۇ قارشى ئىككى قۇتۇپقا تەۋە زىت نەرسىلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئۇلار بىلەن ھەپىلىشىش بىزگە ۋاقىت ،زېھىن ،ئىقتىساد ئىسراپچىلىقى ،ئىدىيە قالايمىقانچىلىقىدىن باشقا نەرسە ئەكەلمەيدۇ . بىزدە ئىدىيە بار ، مەدەنىيەت بار ، تەپەككۇر بار . بىزدىن جاھانغا تۈزدەك كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چىقىشى مۇمكىن . بىزنىڭ مەسىلىلىرىمىزگە ،بۇگۈنگە ، خۇنۇك ،گاڭگىراشقا پاتقان ھالىتىمىزغا جاۋابمۇ بىز دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ تۇپراقتىن چىقىشى شۈبھىسىز . تەرەپ-تەرەپلەردىن كېلىدىغان ، تەرەققىياتقا مۇخالىپ ،ئېسىل مىللىي ئەنئەنىگە زىيانلىق ئاقما ئىدىيىلەر بىزگە خىرىستىن بۆلەك نەرسە ئەكەلمەيدۇ . جاۋابنى باشقا يەردىن باشقىچە ئۇسۇلدا ئىزدەشمۇ زىددىيەتكە پېتىپ قېلىۋاتقان ،كەسكىنلىكىنى ،ئېنىق نىشانىنى ؛ غايىسىنى يوقىتىۋاتقان مەدەنىيەت ، روھىي ھالىتىمىزنى تېخىمۇ ئېغىر توقۇنۇشقا ئاپىرىشى ئېنىق . روھىي ئالىمىمىزنى پاكلاشتۇرۇش ئەتىكى تەقدىرىمىزنىڭ قۇياشىنى تاپقان بىلەن باراۋەر . شەك-شۈبھىسىزكى ، بىز قۇياشسىز ياشىيالمايمىز ، يولىمىزنى تاپالمايمىز . بۇ قۇياش بىزگىلا ئەمەس ، كېلەچەككىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم .

2003-يىل 12-دېكابىر ، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور : شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى 2002-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى(M1)

www.uyghurkitap.com

# ئەخلاقنىڭ رولى ۋە نۇرى

يۇسۇپجان سەمەت



ئەخلاق سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئىنساننىڭ ئوي-خىيالىنى - ئىدىيىسىنى، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ھەربىر ئىش-ھەرىكىتىنى - ئەمەلىيىتىنى ئۆلچەمگە، رەتكە سېلىپ تۇرۇۋدىغان، ئىنساننىڭ بارچە ئىشلىرىدا ھەل قىلغۇچ بىرىنچى ئامىل بولغان مۇقەددەس سۇبيېكتىپ كۈچتۇر. ئەخلاقنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى - ئىش-پائالىيەتلىرىدىكى ھەربىر ئۇششاق ھالقىلارغا قەدەر بولغان رولىنى باشقا ھېچقانداق مەنىۋى كۈچكە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىنساننىڭ ياخشى - يامانلىقى، ئالىيجاناب ياكى رەزىللىكى ئۇنىڭ ياشاش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئەخلاق قارىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەۋرەتلىرىنى، مەھرەملىرىنى دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن توسۇغانلىقىدىن شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئەخلاق تۇيغۇسى ۋە ئۇ شەكىللەندۈرگەن ئىنسان پسىخىكىسى ئىنسانلارنىڭ ئەسلى تەبىئىيىتىدۇر. ئەنە شۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن باشلانغان تارىخ ئەخلاقنىڭ، ئەخلاق قارىشىنىڭ ئىنسانلاردا تەدرىجىي مۇكەممەللىشىش جەريانى ئىدى. ئىنسانلار ئەينى چاغدا ئىپتىدائىي ئەخلاق تۇيغۇسى، ئۆلچىمى بىلەن ياشىغان بولسا، كېيىنچە ئەخلاق پرىنسىپلىرى، ئەخلاق ئۆلچەملىرى بارا-بارا تولۇقلاندى ۋە بىر پۈتۈنلۈككە قاراپ ماڭدى. ئەخلاقىي قاراشنىڭ مۇكەممەللىشىشى باتىنىي جەھەتتە ئىنسان روھىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، زاھىرىي جەھەتتە ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، غىزالىنىشى ۋە كىيىنىشلىرىدە ئەدەب تۈسى شەكىللەندى. ئىنسان روھىنىڭ يۇيۇلۇپ، بېزىلىپ مۇكەممەللىككە يۈزلىنىشى روھىي پاكلىق بولسا، بۇ خىل مۇقەررەر ئەخلاقتا ۋە روھقا ماس ھەم خاس بولغان سىرتقى قىياپەت - كىيىنىش، غىزالىنىش، يۈرۈش-تۇرۇش دەل پاكىزلىقتۇر. ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل ئەخلاق قارىشى بىلەن شەھەر مەدەنىيىتى، كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ۋە غىزالىنىش مەدەنىيىتى قاتارلىق ماددىي مەئىشەت ۋاسىتىلىرىنى ئىختىرا قىلىپلا قالماستىن، ئىنسان روھىنى پاكلىق ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت بىلەن قوراللاندۇرۇۋدىغان روھىيەت ئېلېمېنتلىرىنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

بىر ئىنساننىڭ كىشىلىك ھاياتتا قانداق ياشىشى، قانداق ئىپادىلىنىشى ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشىنىڭ ۋە تەربىيە ئېلىشىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى بولغان ئەخلاق قارىشىغا باغلىق بولىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا ھەزارەت (مەدەنىيەت)لىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئوخشىمىغان ئەخلاقىي ھالەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى رەتكە سېلىپ تۇرۇۋدىغان ئىدىيە-مەپكۇرلىرىدىمۇ، زاھىرىي كۆرۈنۈشىدىكى كىيىنىش، غىزالىنىش دېگەندەك ئۆرپ-ئادەتلىرىدىمۇ پەرقلەر مەۋجۇد. دېمەك، بىر ئىنساننىڭ ئەخلاق قارىشى شۇ ئىنساننىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنىڭ ھەر بىر

www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىشكە قەدەر چېتىلغان بولىدۇ. شۇنداق بولغاچ، ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە، قول ئاستىدىكىلەرگە ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ھەم تەبىئەتكە نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى ئوخشاش ئەمەس. يازغۇچى يازغۇچىغا خاس، رەھبەر رەھبەرگە خاس، ئوقۇتقۇچى ئوقۇتقۇچىغا خاس، دېھقان دېھقانغا خاس... ئەخلاقىي قاراشقا ئىگە بولمىسا ۋە ئۆزىدىن ھالقىغان ئومۇمىي كىشىلەر توپىغا نىسبەتەن مەلۇم مەسئۇللۇق تۇيغۇسىغا ئىگە بولمىسا، ھەربىر ھەرىكىتىنى ئاشۇنىڭغا پائال ھالدا ماس ئېلىپ ماڭمىسا، بۇ، دۇنيا پاساتچىلىقنىڭ نېگىزى بوپقالىدۇ. ھەر تائىپە چوقۇم ئۆز مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتلىرىگە ئەخلاقىي مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. بۇ دەل ئىنسانىيەت بۇرچ تۇيغۇسىدۇر، ئىنسانىيلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. نېمە ئۈچۈن ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندى (خۇدا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي): «مەن ئوغلۇمدىن نۇرغۇن ئىلھاملارنى سەزگەندىم، لېكىن بۇ ئىلھاملار تىرىكچىلىكنىڭ غەۋغالىرىدا يوقىلىپ كەتتى...» (ئابدۇقادىر جالالىددىن: «داغمۇ ياكى زىناقمۇ؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 3-سان) دەپ قايغۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ يازغۇچى. ئۇ ھەر دەقىق ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى، رولىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. بۇ دەل يازغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك روھتۇر، ئەخلاقتۇر. ھەر بىر يازغۇچىدا ئۆز خەلقىنىڭ ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ روھىي كېسەللىكلىرىنى تاپىدىغان، ئۇنىڭغا جايىدا دىئاگنوز قويۇپ، ئۆز ۋاقتىدا داۋالايدىغان، ئۇنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى تونۇپ يېتەلەيدىغان ۋە ئۆز دەۋرىگە ئىگە بولۇدىغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەخلاق قارىشى تىكلىنىشى كېرەك. بۇ دەل بۈگۈنكى يازغۇچىلىرىمىزدا بولۇشقا تېگىشلىك روھتۇر. ئەگەر يازغۇچىلاردا يازغۇچىلارغا خاس ئەخلاقىي قاراش بولمايدىكەن، ئۇ پۈتكۈل خەلقنىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئازابى بەدىلىگە «پەلسەپە» يارىتىدۇ، خالاس. ئۇنىڭ روھى مىليونلىغان خەلقنىڭ روھىيىتى، ئارزۇ-غايىسى، دۇنيا قارىشى ۋە تۇرمۇش قارىشى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان، كۆزىنى يۇمۇپلا ئىش قىلىۋېرىدىغان ئاشۇ ئەكسىيەتچى، رەزىل سىياسىيئونلارنىڭ چىركىن روھىدىن قېلىشمايدۇ-دە، ئۇ، تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىنىدۇ (بۇ گەپلەر ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرۇپ قىلغانلارغا قارىتىلدى). باشقا تائىپىلەرمۇ ھەم شۇنداق.

دېمەك، ھەربىر ئىنساندا ئىنسان بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۆز ھوقۇق، مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكىلەرگە، يەنى ئۆز توپىغا مەسئۇل بولۇدىغان، تارىخ ئالدىدا ئۆزىدىن ھېساب ئالىدىغان ئەخلاقىي قاراش بولۇشى كېرەك. ئېيتىلىشىچە، ئۆمەر بىننىي خەتتاب شۇنداق دېگەنىكەن: «سىلەر ئاخىرەتتە ھېساب بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىپ بېقىڭلار!». بىر ماشىنىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەر بىر ۋىنتىسى پائال رول ئوينىغاندەك، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىمۇ ئۆز «ۋىنتىلىرى»نىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ئۆز كەلگۈسىنى يارىتىدۇ. ناۋادا مەلۇم بىر تىپ ئۆز مەسئۇلىيىتىگە سەل قارايدىكەن، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ھالقىلىرى بىر-بىرىگە تۇتاش بولغان ئەخلاق زەنجىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئەخلاق زەنجىرىنىڭ ئۈزۈلۈشى – ئەخلاقنىڭ تەگچۆكسىزلىنىشى ئىنسانلار ھالاكىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە، مىللەتنىڭ ھاكىمىيەت ماشىنىسىنىڭ ئىلمىي ئادەملىرى بولغان زىيالىيلارنىڭ رولى باشقا تىپلارغا قارىغاندا مىسلىسىزدۇر. بۇ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

روھىي تاكامۇللۇق ۋە ماددىي تەرەققىيات جەھەتتىن بولسۇن تەڭپۇڭ مۇۋازىنەت ئۈستىدە ئىلگىرىلەۋاتقان ئىنسانلار بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە مىسلىسىز ئەخلاقىي كرىزىسقا دۇچ كەلدى. بەلكىم بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە: «ئادەم سۆزلىيەلەيدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسىيالايدىغان... ھايۋان» دەپ تەبىر بەرگىنىدىن باشلانغان بولسا كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار ئەخلاققا ئىلگىرىكىدەك يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قارىمايدىغان بولدى. بۇ خىل خاھىش جەمئىيەت تەرىپىدىن توغرا چۈشىنىلىپ، زاماننىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىندى. ئىلگىرىكى كىشىلەر ئۆز بەختىنى ۋە قىممىتىنى ئەخلاق، شەرمى-ھايا، ديانەت ۋە پاكلىق تۇيغۇلىرىدىن ئىزدىگەن بولسا، تارىخ چاقى چۆرگىلەپ بۈگۈنگە كەلگەندە ماددا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىدى. ئىنسانلارغا ماددىي نەرسىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئىنسانىيلىقنىڭ – ئەخلاقنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ماددىي مەنپەئەت ئالدىدا ئەخلاق، ھايا... دېگەندەك ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ گۈزەل زىننەتلىرىگە ھېچ نەرسە كەلمەيدىغان بوپقالدى. ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىيەتتىكى ئورنىنى ماددىي مەنپەئەت ۋە چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ئىگىلىدى. گېپى كەلگەندە ئەخلاقمۇ ماددىي مەنپەئەتنىڭ دەسمايىسىدۇر. كىشىلەر ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرقانداق ھالاكەتكە ئۆتۈشكە تەييار. پراگماتىزم پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى ۋىلىيام جېمس ئېيتقاندەك: «خۇداغا ئىشىنىش پايدىلىق بولۇدىغان بولسا» مەسچىتنى ئاۋارە قىلىدىغانلار بولۇشى مۇمكىن (ئابدۇرېھىم دۆلەت: «پەلسەپە ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز»، «مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇدلۇقىمىز» 281-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل نەشرى). دېمەك، ماددا كونترول بولۇشتىن كونترول قىلىشقا ئۆتتى. نەتىجىدە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئىختىرالىرىنىڭ قۇلىغا ئايلاندى (بۇنداق بولۇشنى ئويلىمىغان بولغىيتتى). مىلتىق، پۇل... قاتارلىقلار بۇنىڭ تىمسالىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە «بازار ئىگىلىكى»، پۇل «قىزىق تېما»، «ئاناڭمۇ بازار، داداڭمۇ بازار». مانا بۇ بازار ئىگىلىكى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىنسانلارنى بىر تاسقاپ قويۇۋېدى، ئىنسانلار بولالمايلا قالدى. ئۇلار پۇل ئۈچۈن بارلىقىنى، ھەتتا ئىنسانىيلىقىنىمۇ گۆرۈگە قويىدۇ.

ئەسلى پۇل مەلۇم مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن بىر ۋاستە ئىدى. ھازىر بارچە «ۋاستە»لەر پۇل تېپىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىنسانلاردا ۋاستە مەقسەت بوپقالدى (خۇدايىم ھېلىمۇ ئىنساننى بىر بۇردا نانغا تويۇدىغان قىلىپ يارىتىپتىكەن). مۇناپىقلىق، پاھىشىلىق كىشىلەرگە ھېچقانداق تويۇلمايدىغان ھەتتا ئېتىقادىمۇ گېزى كەلگەندە تاۋار بوپقالدى. دوختۇرلار پۇل ئۈچۈن «ساختا دورا»لارنى ساتسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. نەپسانىيەتچى رەھبەر - ئەمەلدارلار ئۆز «خوجايىنلىرى»نى - پۇقرالىرىنى قاقتى-سوقتى قىلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ... (ئېيتىلىشىچە، خىيالىي سوتسىيالىزمنىڭ ۋەكىلى فۇرېي (1772 - 1837) ئەينى دەۋرنى پاش قىلىپ مۇنداق دەپتىكەن: «... دوختۇرلار كېسەللەرنىڭ كۆپ بولۇشىنى، ‹ئۆلۈك ساندۇقى› سېتىش دۇكىنى كۆپرەك ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى، ئادۋوكاتلار ھەممە ئائىلىلەرنىڭ دەۋا قىلىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ...»)

ئەخلاقنىڭ بىرلا تەرەپتىن ئەمەس، ھەممە تەرەپتىن تەڭلا كرىزىسكە دۇچ كېلىشى، شۇ جەمئىيەتنىڭ ۋە شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئەخلاق قارىشىنىڭ پالەچ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىنسانلار ھازىر ھېچقايسى دەۋردە كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئەخلاق مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ چېكىدىن ئاشقان ھايۋانىيلىقنىڭ - ئاشكارا جىنسىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدۇر. غەربلىكلەر «ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى»، «بەچچىۋازلىق»، «پاھىشىۋازلىق» دېگەنلەرنى رەسمىي قانۇنلاشتۇردى. كۆز ئالدىمىزدىكى غەرب جەمئىيىتى، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئەخلاق قارىشى، ئۇيەردىكى بۇزغۇنچىلىقلار كىشىنى چۆچۈتىدۇ. «ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى»، «بەچچىۋازلىق»... دېگەندەك ئاتالغۇلار ۋە بۇ بۇزۇقچىلىقلار غەرب تۇپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە شۇ جايدا قانۇنلاشتۇرۇلۇپ يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، بۇ، غەربنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تەسىرى پۈتكۈل يەر شارىغا ئورتاق بولۇۋاتقان بۈگۈنكىدەك كۈندە كۆڭۈل بۆلۈش ئەڭ زۆرۈر مەسىلىدۇر. غەربتە ئىجاد قىلىنغان مەيلى نەزەرىيىۋى ئىختىرا بولسۇن، مەيلى ماددىي كەشپىياتلار بولسۇن شەرق تۇپرىقىدا بازار تېپىۋاتقان، كېڭىيىۋاتقان، ئىستېمال قىلىنىۋاتقان كۈنىمىزدە بۇ خىلدىكى چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە مەيدانغا كېلىشى ۋە تەشەببۇس قىلىنىشى كىشىنى ھەقىقەتەندە خاتىرجەمسىزلەندۈرىدۇ. چۈنكى تۈنۈگۈن چىققان غەربچە پاسوندىكى كىيىم-كېچەكلەر بۈگۈن ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۇچىسىدا، تۈنۈگۈن ھوللىۋۇد ئىشلىگەن تېلېفىلىم بۈگۈن ياشلىرىمىزنىڭ مېڭىسىدە...

مەتبۇئاتلاردىن، ژۇرناللاردىن: «بۇ يىل (2002) 3-ئىيۇلدا برازىلىيىنىڭ سان پاۋلو شەھىرىدە 400مىڭ بەچچىۋاز نامايىش ئۆتكۈزۈپ، تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. تەبرىكلەش مۇراسىمىدا سان پاۋلو شەھىرىنىڭ باشلىقى نۇتۇق سۆزلەپ، سان پاۋلو شەھىرىنىڭ بەچچىۋازلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشتا كاپالەتلىك قىلالىغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشاللىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇيىلقى نامايىشچىلار بۇلتۇرقىدىن بىر ھەسسە كۆپەيگەن» (ئادىل ئابدۇقادىر: «مەن ياشاۋاتقان دۇنيا»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 5-سان) دېگەندەك گەپلەرنى ئوقۇپ: «توۋا، دۇنيا راستىنلا مۇشۇنداقمىدۇ؟ ئىنسانلار قايسى دەرىجىدە ئەخلاقسىز بولغاندا مۇشۇنداق بولۇدىغاندۇ؟» دەپ ئىدىيەمدىن پەقەتلا ئۆتكۈزەلمەي، بۇنى قوبۇل قىلالماي يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا كېتىۋېتىپ ستولبىلاردىكى: «قىزلىق پەردىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىمىز، ئادرېسى: ××، تېلېفون: ××، دوختۇر - ۋىراچلار: ××» دېگەن ئېلانلارنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالدىم. «جاھان نېمە بوپكەتتى؟ راستىنلا مەن مۇشۇنداق مۇھىتتا ياشاۋاتامدىمەن؟» كىچىككىمدىن باشلاپلا ئەخلاق تەربىيىسىدە ئۆسكەچكىمىكىن، بۇ رەزىللىق ئەمەستەك، رەزىللىق باشقىچە بولۇشى كېرەكتەك ھېس قىلاتتىم. بۇنى ئېتىراپ قىلغۇم كەلمەيتتى. ھالبۇكى، بۇ رەزىللىق ئىدى. ئەتراپىمدىكى بۇزۇقچىلىقلار، كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ قىز-ئاياللارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى، گەپ-سۆزلىرى، كىيىنىشلىرى بۇنىڭ راستىنلا رەزىللىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مېنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىم بىلەن جەمئىيىتىمىزنىڭ، يۇرتىمىزنىڭ ئەخلاقىي چۈشكۈنلىشىشى تەتۈر تاناسىپ بوپتۇ.

بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندىكى بۇ «ئەركىن دۇنيا»نىڭ ئاۋانگارتلىرى 1980-يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان مەن دىمەتلىكلەر ئىدى (مەن 20ياش). ئۇلار ئوغۇل بولسۇن، قىز بولسۇن چاچلىرىنى ھەرخىل - خىيالىغا كەلگەن رەڭ-بوياقلار بىلەن بويىشىدۇ. ھەتتا ئوغۇللارمۇ قۇلاقلىرىغا نەرسە ئېسىۋېلىشىدۇ. تار ئىشتانلارنى كىيىشىدۇ. قىزلارنىڭ كىيگەن يەڭسىز، كىندىك ياپالماس مايكىلىرى مەھرەملىرىنى - زىننەتلىرىنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى تەربىيىلىنىشكە ماس ئەمەس. يۈرۈش-تۇرۇشلىرى، گەپ-سۆزلىرىدىكى ھاياسىزلىقلار ئادەمنى تولىمۇ خىجىل قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى خالاپ بىر قەۋملەرگە ئوخشىۋالغان كىشىلەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «كىمكى خالاپ بىراۋلارغا ئوخشىۋالسا، شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بوپكېتىدۇ» دېگەن). ھەتتا ئۇلارنىڭ قىز ياكى ئوغۇل ئىكەنلىكىنى ئايرىشمۇ گېزى كەلگەندە بەسىي مۇشكۈلدۇر. مەن دىمەتلىكلەر ئارىسىدىكى بۇ خىل ھالەتلەر مەن بىلەن ئۇلار ئارىسىدا ھاڭ شەكىللەندۈرگەن. ھەتتا ئىلگىرىكى دوستلىرىم ۋە ساۋاقداشلىرىممۇ مەندىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. يالغۇزلۇق، تەنھالىق مېنى تولىمۇ بىزار قىلغان چاغلاردا، ئادىل ئابدۇقادىر ئاكامدەك (خۇدا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي): «ئادەملەر قېنى؟» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 1-سان) دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ. دېمەك، ئەقىدە، ئەخلاق

www.uyghurkitap.com

ئەھلىلىرى مىسلىسىز تەنھالىققا دۇچ كېلىۋېتىپتۇ. بەلكىم كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

بىلىشىمچە، غەربنىڭ ۋە ئۇلاردا شەكىللەنگەن ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ تەسىرى ئانا دىيارىمىزغا خېلىلا بوپتۇ. گەرچە بۇيەردىكى مەسىلە غەربتىكىدەك بەك ئېغىر بولمىسىمۇ، لېكىن باشلىنىۋېتىپتۇ. ئۈرۈمچىدەك مەركىزىي شەھەرلەردە (بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا) زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، بەچچىۋازلىق، پاھىشىۋازلىق دېگەنلەر مەۋجۇد ئىكەن. ئاڭلىشىمچە، ئۈرۈمچىدىكى بەزى ئائىلىلەردىمۇ ئائىلە ئەھلىلىرى (غەربلىكلەردەك) سۆيۈشۈپ سالاملىشىدىكەن (ئەر-ئايال دېمەي). ئالىي مەكتەپلەر تۇگۇل ئوتتۇرا مەكتەپلەردىمۇ قىز-ئوغۇللارنىڭ مۇھەببەتلىشىشلىرى ئادەتتىكىدەك ئىش. بەلكىم بۇ يەردىمۇ دېڭىز ساھىللىرى بولۇدىغان بولسا، ئۇيەردە ئېغىناپ ھوزۇرلىنىدىغانلار، ئاپتاپقا يالىڭاچ قاقلىنىدىغانلار چوقۇم چىقىشى مۇمكىن (ئاڭلىشىمچە، تورپان قۇم دېڭىز ساھىللىرىدا قۇمغا كۆمۈلىدىغان بەزى كىشىلەردىكى ئۇياتسىزلىقلار ئوتتۇرا دېڭىز ساھىللىرى بويىدىكى ئۇياتسىزلىقلاردىن قېلىشمايدىكەن. ئۇ يەرگە داۋالىنىش ئۈچۈنلا ئەمەس، «راھەتلىنىش» ئۈچۈنمۇ بارىدىغانلار كۆپەيگەن). دېمەك، ئەخلاق مەسىلىسى رايونىمىزدىكى ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ خىل ئەخلاقسىزلىقلار نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى شەكىللەندۇرۇۋاتىدۇ: بىر قىسىم ئاتا-ئانىلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە قىز باللىرىنى ئوقۇتماسلىقى نوقۇل ئىقتىسادىي چىقىمنىڭ كۆپ بولۇشىدىن بولماستىن، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاقسىزلىقلارمۇ سەۋەب بولماقتا. قىز-ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ھۆرمىتىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىدىن ئەنسىرىمەكتە...

بۈگۈنكى دۇنيادىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، ئۇرۇش، زوراۋانلىق، ئىجتىمائىي بېسىملار ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى... قاتارلىقلارلا قورقۇنچلۇق بوپقالماستىن، چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىقمۇ ئاجايىپ ۋەھىمىلەرنى ئەكېلىۋېتىپتۇ. ئەتراپىمىزدا شەيتانلار تەنتەنە قىلىۋېتىپتۇ. ئادەملەر نەپسى - خاھىشىغا بېرىلىپ كېتىپتۇ. تەكلىماكان بۇرجەكلىرىدىكى چەت يېزا ئەھلىلىرىمۇ بۇ كىرىزىستىن مۇستەسنا ئەمەسكەن. كىچىكىمدە چوڭلاردىن سورايتتىم: «تاغنىڭ ئارقىسىدا نېمە بار؟»، «سۇ» دەيتتى ئۇلار. ئەسلى تاغنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك بىر دەريا ئارقىلىق ئېقىپ كېلىدىغان سۇنى نەزەردە تۇتقانىكەن. مەن شۇ چاغدىكى گۆدەك تەپەككۇرۇم بىلەن ئويلايتتىم: «تاغنىڭ ئارقىسىدا دېڭىز باركەن-دە، ئۇ دولقۇنلاپ تاغنىڭ پەس جايلىرىدىن تېشىپ كەتسە، يۇرتىمىزدىكى كىشىلەرنى غەرق قىلىۋەتسە قانداق بوپكېتەر؟» دەرۋەقە، «تاغ ئارقىسى» دىن كېلىۋاتقان «توپان» كىشىلىرىمىزنى غەرق قىلىۋەتمىسىمۇ، سۇ ھوشۇققا كەپتۇ. ھەي...ي، بۇ «توپان» كىشىلىرىمىزنى غەرق قىلىۋەتمىگەندى؟!...

بەلكىم بۇ كىرىزىسلار غەربلىكلەرنىڭ ئاخبارات ھۇجۇمىنىڭ - ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ تەسىر كۈچىدىن بولسا كېرەك.

غەربلىكلەر ئۆز ئەخلاقىي قاراشلىرىنى تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت دېگەندەك ۋاستىلەر ئارقىلىق تارقىتىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى، ھەتتا ئىسلام ئەللىرىمۇ بۇلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا يولۇقتى... (ئاڭلىشىمچە، مىسىردىكى ئاياللار «دېموكراتىيە» نى، «ئاياللار باراۋەرلىكى» نى دەۋا قىلىپ، «تارىختىن بۇيان ئەرلەر بىزنى تالاق قىلىپ كەلگەن، ئەمدى بىز ئەرلەرنى تالاق قىلىمىز!» دەپ نامايىش ئۆتكۈزگەنمىش...) ئەلۋەتتە، ئەخلاقسىزلىقلاردا ھاراقنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق نېسىۋىسى بار. ھاراق بارچە جىنايەتنىڭ ئانىسىدۇر. ھاراق توغرىسىدا كۆپ سۆزلىگۈم يوق، پەقەت قەدىمكى زاماندىكى بىر ھېكايىنى قىستۇرۇپ قويىمەن: بۇرۇنقى زاماندا بىر كېلىشكەن، تەقۋادار كىشى ئۆتكەنىكەن. شۇ چاغدىكى ئايال پادىشاھ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ئۆز كېنىزىكىگە: «ئۇ كىشىنى چاقىرىپ كەل! گۇۋاھلىققا تارتىلىدىغان ئىشى بار» دەپتۇ. ئۇ ھېلىقى كىشىنى چاقىرىپ كەپتۇ. بۇ دېدەك ھەربىر ئىشىكتىن كىرگەندە ئىشىكلەرنى تاقاپ مېڭىپتۇ. بۇ ئىشقا ھېلىقى تەقۋادار كىشى ئەجەبلىنىپتۇ. ئۇلار ئايال پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ئايال پادىشاھ ئۇ كىشىگە: «مەن سېنى گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن چاقىرمىغان. يا مەن بىلەن بىرگە بولىسەن، يا بۇ كىچىك - سەبىي بالىنى ئۆلتۈرىسەن، يا بۇ بىر قەدەھ مەينى ئىچىسەن!» دەپتۇ. بۇ كىشى ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ مۇنداق قارارغا كەپتۇ: «بۇ ئايال بىلەن بىرگە بولسام، مەنمۇ، ئۇمۇ گۇناھ ئۆتكۈزىمىز، بىر ھاراملىق كۆپىيىدۇ، بۇ كىچىك بالىنى ئۆلتۈرسەم، بىر پاك جاننى ئۆلتۈرگەن بولىمەن، ئۇ كەلگۈسىدە چوڭ ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى بۇ قەدەھتىكى مەينى ئىچىۋېتەي». ئۇ، بۇ قەدەھنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن مۇلازىملارغا: «يەنەبىرنى!» دەپتۇ. ئۇ يەنە بىر قەدەھ مەينى كۆتۈرۈۋېتىپتۇ. قارىسا، بۇ ئايال پادىشاھ شۇنداق چىرايلىق. ئۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىمىغان ئىشنى قىپتۇ، ھېلىقى گۆدەك بالىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ...

ئېيتىلىشىچە، لۇت قەۋمى ئومۇميۈزلۈك بەچچىۋاز بوپكەتكەچكە، تاش ياغدۇرۇلۇپ ھالاك قىلىنىپتىكەن. ئەينى دەۋردىكى ئىرانلىقلاردىمۇ نىكاھ تۈزۈمى ئىنتايىن پاسات بولۇپ بولۇپ، پۈتكۈل ئىرانلىقلار مەھرەملەر (توي قىلىش چەكلەنگەن يېقىن تۇغقانلار) بىلەن توي قىلىۋېرىدىكەن. مىلادى بەشىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىران ھۆكۈمرانى يەزدجەرد II ئۆز قىزى بىلەن توي قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. كوپېنھاگېن ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى مۇدەررىسى، ئىران تارىخى مۇتەخەسسىسى، پروفېسسور ئەرتەھر كرىستىن-سن ئۆزىنىڭ «ساسانىيلار دەۋرىدىكى ئىران» ناملىق كىتابىدا شۇنداق دەيدۇ: «ساسانىيلار دەۋرىنىڭ بۈگۈنكى زامان تارىخچىلىرى ئىرانلىقلاردا ئۆز مەھرەملىرى بىلەن توي قىلىدىغان ئادەتنىڭ بارلىقىنى دەلىللەپ كۆرسىتىدۇ. ساسانىيلار دەۋرىدە مۇشۇنداق توي قىلىشىدىغان ئىشلار مەۋجۇد: بەھرام جۇۋبىن ۋە جۇشتەسىپ (خرىستىئان بولۇشتىن ئىلگىرى) مەھرەملەر بىلەن توي قىلغان... جوڭگولۇق ئېكىسپېدىتسىيىچى تاڭ سىڭ بۇ خىل ئادەتكە ئىشارە قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: ‹ئىرانلىقلار تۇغقانچىلىق ئايرىماستىن توي قىلاتتى›. ئىراندا مىلادى 3-ئەسىردە «مانى» ئوتتۇرىغا چىقىپ، چېكىدىن ئاشقان بۇزۇقچىلىققا قارشى تۇرۇپ، مانى دىنىنى ئەكەلگەن ۋە كىشىلەر ئارىسىدا بۇنداق نىكاھنى مۇتلەق ھارام، دەپ قارىغان. ئۇنى بەھرام مىلادى 276-يىلى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئەمما

ئۇنىڭ تەلىماتى ئىسلامغىچىلىك ھۆكۈم سۈرگەن. «مانى تەلىماتى»غا قارشى مىلادى 487-يىلى تۇغۇلغان مەزدەك (ئىراندا) «ئىباھىزىم»[1]نى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ شۇنداق دەپ قارايدۇ: «ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر تۇغۇلغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. نەپسى ئۇنى تارتىدىغان، ئۇنى ئىشتىھا قىلىدىغان بارلىق مال-دۇنيا، خوتۇن دېگەنلەردە ھەممە كىشى ھەمشېرىك بولۇشى كېرەك». شەھرىستانىي مۇنداق دەيدۇ: «مەزدەك ئاياللاردىن، بالىلاردىن، مال-دۇنيادىن ۋە ئېكىن-زېمىنلەردىن پايدىلىنىشتا بارلىق كىشىلەرنىڭ خۇددى ئوتتىن، سۇدىن ۋە دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپلەردىن پايدىلانغاندەك ئورتاق پايدىلىنىش ھوقۇقى بار، دەپ قارىغان» (ئەبۇلھەسەن ئەلىيىۇل ھەسەن نەدۋىي: «مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشى بىلەن دۇنيا نېمىنى زىيان تارتتى؟» ناملىق كىتاب، 49-سەھىپە، ئەرەبچە). مانا بۇ ئىراندا بارلىققا كەلگەن «ئىباھىزىم»ۋە ئۇنىڭ قاراشلىرى. ھالبۇكى، غەربتە «خوتۇن ئالماشتۇرۇش كۇلۇبى»، «بەچچىۋازلىق كۇلۇبى»، «دۇنيا جەننىتى»... دېگەندەك ئورۇنلار يوق ئەمەس. ئەينى دەۋردىكى — «جاھىلىيەت دەۋرى»دىكى ئەرەبلەرنىڭ نىكاھ تۈزۈمىمۇ ئىنتايىن رەسۋا بولۇپ، ئالىملار ئۇنى تۆت تۈرگە يىغىنچاقلايدۇ:

1. خۇددى بۈگۈنكى ئەرەبلەردەك توي قىلماقچى بولغان قىزغا كىشى كىرگۈزىدۇ، ئەگەر پۈتۈشسە توي قىلىدۇ؛

2. ئەر ئايالى ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئايالىغا: «پالانىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغىن» دەيدۇ. ئايال تاكى ئۇ دېگەن ئەر بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۇنىڭغا بالا تۇغۇپ بەرمىگىچىلىك ئەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولماي ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئايال تۇغقاندىن كېيىن ئۇنى ياخشى كۆرسە بىللە بولىدۇ. بۇ، بالىغا قىزىقىپ بولغان بولۇپ «باشقىلاردىن پايدىلىنىش نىكاھى» دەپ ئاتىلىدۇ؛

3. ئۇنغا يېقىن ئەر كىشى بىر ئايال بىلەن بىرگە بولىدۇ. تۇغقاندىن كېيىن ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇلارنىڭ كەلمەي ئامالى يوق. ئايال ئۇلارغا: «نېمە قىلغىنىڭلار ئۆزۈڭلارغا ئايان، بالا تۇغۇلدى. ئى پالانى! بۇ سېنىڭ بالاڭ» دەپ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتايدۇ، بالا شۇنىڭ بولىدۇ؛

4. «پاھىشەلەر» دەپ ئاتىلىدىغان ئاياللار بولۇپ، ئۇلار ئىشىكلىرىگە ئەلەم-بايراق قاداپ قويىدۇ. كىملا خالىسا ئۇلار بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئۇ تۇغقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلار ھەممىسى چاقىرىپ كېلىنىپ، قىياپەتشۇناسلار[2] تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇلار چىرايىغا قاراپ بالىنىڭ ئاتىسى بېكىتىلىدۇ. (سەپىيۇر رەھمان ئەلمۇبارەك فورىي: «پېچەتلەنگەن شاراب» (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى) پاكىستان نەشرى، ئەرەبچە، 65-بەت). (ئۇ دەۋرنىڭ «جاھىلىيەت دەۋرى» دەپ ئاتىلىشىدا ئىككى سەۋەب بولۇپ، بىرى، ئۇلاردا توغرا نىكاھ ئېڭى يوق، ئەخلاق ئىنتايىن چۈشكۈن؛ يەنە بىرى، ئۇ دەۋردىكى بۇتپەرەسلىك — خۇراپىيلىق تارىختا مىسلىسىز بولۇپ، بۇ دەۋردىكى بۇتلارنىڭ سانى 330مىليون ئىكەن. شۇ دەۋردىكى سەل ئۆزگىچە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەت قىلىنىدىغان «ئىلاھ» بوپقالغانىكەن. — ئەبۇلھەسەن ئەلىيىۇل ھەسەن نەدۋىينىڭ يۇقىرىقى كىتابىدىكى بايانلار). بىز يۇقىرىدا ئەخلاق ۋە ئۇ شەكىللەندۈرگەن ئىنسان پىسخىكىسى ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىيىتى دېگەنىدۇق. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئىنسانلار جەمئىيىتىدە يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەخلاقسىزلىق ۋە ئۇنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ھىمايە قىلىدىغان تەشەببۇسلار مەيدانغا كېلىدۇ؟ بۈگۈنكى كۈندىكى غەربلىكلەرمۇ نېمە ئۈچۈن «بەچچىۋازلىق»، «ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى»... دېگەنلەرنى قانۇنلاشتۇرىدۇ؟ ھەيى، دەۋرىمىزدە (مەيلى يەرشارىنىڭ قايسى يېرىدە بولسۇن) ھايۋانىيلىق ۋە چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىققا پەتىۋا ئىزدەپ، بىرەر «پەلسەپە» مەيدانغا كەلمىگەي. زوراۋانلىق، ئورۇش، تەڭسىزلىككىمۇ «پەتىۋا» تېپىۋاتقان ئىنسانلارنى بۇنىڭغا گەپ تاپمايدۇ دېگىلى بولارمۇ؟ بەلكىم بۇ خىل «پەتىۋا»مۇ مەيدانغا كېلىپ بولغاندۇ: دارەن ئۆزىنىڭ «ھايۋانچىلىك بولالمايدىغان ئىنسانلار» ناملىق ماقالىسىدا شۇنداق يازىدۇ: «... بۈگۈنكى دەۋردە غەربلىكلەرنىڭ ‹ جىنسىيەت › جەھەتتىن ئېچىۋېتىلگەن بولۇشى، ھايۋانلىق تەبىئەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشقانلىق بوپقالدى. نىكاھ سىرتمىقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ ئىمكانىيەت ھەم تاللاش بارلىققا كەلدى... خۇشاللىنارلىقى، يېقىنقى يىللاردىن بىرى كىشىلەر تەدرىجىي ھايۋانىي تەبىئەتكە يېقىنلىشىۋاتىدۇ...» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 3-سان). بۇ، بۈگۈنكى زامانچە «ئىباھىزىم»مۇ؟

ئېيتىلىشىچە، نوھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە نۇرغۇن كىشىلەر ئەخلاقسىز بوپكەتكەنىكەن. نوھ ئەلەيھىسسالام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك ئۇلارنى بۇ رەزىل قىلمىشلاردىن يېنىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇلار بويۇنتاۋلىق قىپتۇ. ئاخىر نوھ ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگاھقا: «ئۇلاردىن بىرىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمىغىن، ئەگەر ئۇلارنى قالدۇرۇپ قويساڭ، شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ...» دەپ دۇئا قىپتۇ. نوھ ئەلەيھىسسالامغا پەقەت ئازغىنا ئىنسانلار ھەمراھ ئىكەن. ئۇ كۆڭلىدە، ئەگەر بۇ بۇزۇقلار يوقالسا، كېيىنكى ئىنسانلاردا مۇنداق ئەخلاقسىزلىقلار يۈز بەرمەيدۇ، دەپ ئويلاپتۇ... «توپان بالاسى»دىن كېيىنمۇ ئاشۇ ئەخلاقلىق كىشىلەردىن بۇزۇق، ھاياسىز، ئەخلاقسىز كىشىلەر مەيدانغا كەپتۇ... بەلكىم بۇ، ئەخلاقسىزلىقنىڭمۇ ئوخشاشلا ئىنسان ۋۇجۇدىدا بارلىقىغا ئىشارە بولسا كېرەك.

تالاي ئىمپېرىيىلەرنىڭ، تالاي ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىق تۈپەيلى ھالاك بولغانلىقى ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم. سەيمىل خانتىڭتونمۇ بۈگۈنكى غەرب جەمئىيىتىدىكى ئەخلاقسىزلىقلارنى،

---

① ئىباھىزىم — «ئىباھ» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «دۇرۇس قىلماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەزدەك ھەممىنى «دۇرۇس» دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن بۇ تەلىمات ئەرەبلەردە «ئىباھىزىم» دەپ ئاتالغان. — ئاپتور.

② قىياپەتشۇناسلار— شۇ دەۋردىكى چىرايىغا قاراپ تۇغقان ئايرىيدىغان كىشىلەر.

چۈشكۈنلۈكلەرنى دەلىللەپ كۆرسىتىدۇ . بۇنداق شارائىتتا غەربكە ئەگىشىش خەۋپتىن دېرەك بېرىدۇ .

مىلادى 7-ئەسىرگە كەلگەندە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى ئەكەلدى . بۇ دىن رېئال دۇنياغا يېقىن بولغان تەشەببۇسى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي باشلامچىلىقى بىلەن قىسقا مۇددەتتە ئىنسانلارجەمئىيىتىدە ئۆزىگە خاس ئورۇن ئىگىلىدى . بۇ دىن ياراتقان يېڭى ئۈممەت ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەتنىڭ كارتىنىسىنى سىزىپ ئۆتتى . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز تەلىماتلىرىنىڭ ئەڭ يېتۈك ئىجراچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ مۇسۇلمان ئۈممەتلەرنىڭ قەلبلىرىدىن ئورۇن ئالدى . ئۇ ئۆز قاراشلىرىنى پۈتكۈل ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ھەر بىر ئۆگىلىرىگە قەدەر سىڭدۈرگەنىدى .ئۇنىڭ ئەخلاقىدىن سورالغاندا ، كىشىلەر : «ئۇنىڭ ئەخلاقى〈 قۇرئان كەرىم〉 ئىدى »دەپ جاۋاب بېرىشكەن . ئۇنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنىڭ ، ھەتتا ئۇ ئارىلاشقان كىشىلەرنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنىشى شۇ سەۋەبتىن بولۇشى ئېھتىمال . ھەدىسلەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك ۋاقتىدا يۈرىكىدىن شەيتاننىڭ ئېلىۋېتىلگەنلىكى ، مىراجغا ئۆرلىگەندە يۈرىكىنىڭ ئابى زەمزەمدە يۇيۇلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ . مانا بۇلار ئۇ كىشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە مىسلىسىز كىشىگە ئايلاندۇرغان . بەلكىم بۇ پاكلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشى مۇمكىن .

فارابي ، ئىبنى سىنا ،غەززالىي . . . قاتارلىق شەرق ئالىملىرى نوقۇل ئىلىم چولپانلىرى بولۇپلا قالماستىن ، شەرق ئەخلاقىنىڭ ئىجراچىلىرىدۇر . فارابي ھەزرەتلىرىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ بىر قەدەر گەۋدىلىك . بۇ خىل روھنى بۈگۈنكى زىيالىيلىرىمىزدىن تېپىش تەس . شۇڭلاشقا ، دېھقانلار زىيالىيلارغا ئالدىراپ قايىل بولمايدۇ . ئۆز ئەمەلىيىتىگە خىلاپ كىچىككىنە ئىش ئارقىلىقمۇ ئۇلارنى ئىنكار قىلىۋېتىدۇ . قارىماققا ئۈستىۋېشى چاڭ-توزان كۆرۈنىدىغان دېھقانلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ ئەخلاق مۇجەسسەم : ئۇلار كىشىلەرگە تونۇسۇن - تونۇمىسۇن ئەدەب بىلەن سالام قىلىدۇ . ئۇلار ئائىلىدە بولسۇن ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بولسۇن ، ھەتتا ھاجەتخانىدىكى ئۇششاق تازىلىق ھەرىكەتلىرىدە بولسۇن ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان . ئەلۋەتتە ، بەزى جەھەتتە دېھقانلار زىيالىيلارغا ئۈلگە بولۇشقا يارايدۇ .

ئىنسان دۇنيادا پاك ياشىشى كېرەك . بۇنى ئۇنىڭ تەبىئىيتى بەلگۈلىگەن . ئابلىز ئۆمەر ھاجى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان «مەن بويلىغان قىرغاقلار » ناملىق ئەسىرىدە بالىلىقنى پاكلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى ، دەپ كۆرسىتىدۇ . ئاشۇ بالىلىقتىكى روھىي ھالەت تەڭرى «توقۇغان »ئەڭ پاك ھالەتتۇر . ئۇ ، چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭ روھى ئاتا-ئانا ۋە جەمئىيەت تەرەپتىن تالاي قېتىم «چۇۋۇلۇپ » ،تالاي قېتىم قايتا «توقۇلىدۇ» (جايىدا توقۇلسىلا مەيلىغۇ ) .

ئۇنداقتا بىزنىڭ روھىمىزنى چۇۋۇپ توقۇۋاتقان ئامىللار نېمە ؟ مادىدا نېمە ئۈچۈن كىشىنىڭ مەنىۋىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ؟ بۈگۈنكى دۇنيا ھەزارەت (مەدەنىيەت )لەر ئۆزئارا خىرىس قىلىۋاتقان دۇنيادۇر . بۇ دۇنيا ھەركىشىنىڭ دۇنيادا مەۋجۇد بولۇپ ياشىشى ئۈچۈن ئۆز روھىدا ئىدىيە قورغىنىنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى تەقەززا قىلدى . ئۇنداق بولمىغاندا ، ئىنسان زامان شاماللىرىدا سەرگەردان ، دېڭىزدولقۇنلىرىغا يەم .

ئەتراپىمىز خىرىسقا تولغان دۇنيا ، جىددىيلىككە ، ئالدىراشلىققا تولغان دۇنيا .غەربنى مەركەز قىلغان ئەخلاقسىزلىق مۇشۇنداق يامراۋېرەرمۇ ياكى بۇ توپاندىن قۇتقۇزۇدىغان نوھ كېمىسى بارمۇ ؟ يۇقىرىدا ئەخلاقنىڭمۇ ، ئەخلاقسىزلىقنىڭمۇ ئوخشاشلا ئىنسان ۋۇجۇدىدا بارلىقىنى دېگەنىدۇق . شۇنداق بولغانىكەن ، دۇنيانىڭ تەڭپۇڭ مۇۋازىنەت ئۈستىدە نورمال تەرەققىي قىلىشىمۇ كىشىلەردە ئورتاق ئەخلاقىي قاراشنىڭ بولۇشىغا ۋە ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ ئەخلاقسىز كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتەلىشىگە باغلىق (ھەربىر ئادەمنىڭمۇ نەپسىدىن غالىب كېلىشىگە باغلىق ) . بۈگۈنكى دۇنيادا ئەخلاقلىق كىشىلەر كۆپمۇ ياكى ئەخلاقسىز كىشىلەرمۇ ؟ بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئالدىراپ جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ . چۈنكى بۇنى ستاتىستىكا قىلىشلا تەس بوپقالماستىن ،دۇنيا خەلقلىرىنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس . ئىنسانلار يەنە قانداق زامانلارغا ، يەنە قانداق كرىزىس ، مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ ، بۇنامەلۇم . مېنىڭچە ، ئىنسانلار (ھەربىر ئىنسان )ئۆز مەسئۇلىيەت - مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇپ (يەنى ئۆزىنى تونۇپ ) ،ئۇنىڭغا ئىنسانىي ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلالىغاندىلا گۈزەل كەلگۈسى يارىتىلىشى مۇمكىن . ئۇنداق بولمايدىكەن ،ئىنسانلار يەنە يېڭى-يېڭى كرىزىسلەرگە دۇچ كېلىۋېرىدۇ ، بىر-بىرىنىڭ روھىنىمۇ ئىستېمال قىلىۋېرىدۇ ، سېسىق ئالمىدەك بىر-بىرىنىڭ روھىنى چىرىتىدۇ .

---

ئاپتور : شىنجاڭ ئىسلام دىنىي ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ، ھازىر ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا يۇقىرى ئىشتارچى كەنت ئۆزۈن كوچا مەھەللىسىدە ،دېھقان(M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت

بۇ سانىنىڭ تېخرىداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان ماموت




# ساھىبجامال ۋە مۇۋەپپەقىيەت يولى

چېن شۇشۇن

2000-يىلى 8-ئاۋغۇست جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەزەرىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئورنىدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ياقلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. زىلۋا ۋە تارتىنچاق ئۇيغۇر قىزى ساھىبجامال دۆلەت مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەردىن كەلگەن توققۇز نەپەر باھالاش ھەيئىتىگە ئىلمىي ئەمگىكىنى ئىنگلىز تىلىدا راۋان دوكلات قىلدى. دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ ماۋزۇسى «مەركىزىي زەرەت $C=2$ نىڭ ئەگمە قۇتۇپ نەزەرىيىسى ۋە مەركىزىي زەرەت $C=3$ شۇنداقلا $n=2$ ئولترا سىممېترىيىلىك ئەگمە قۇتۇپ نەزەرىيىسىنىڭ تۈرلىرى» ئىدى. ھەممەيلەن ماقالىنى بىردەك ماقۇللىدى.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر قىزى

- ساھىبجامال، نۇرغۇن تەتقىقات گۇرۇپپىلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ساھەدە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئۇتۇق قازىنىپتۇ، - دەپ ھېسابلاشتى ئۇلار، - سەۋىيىسى ئىنتايىن يۇقىرى مۇنەۋۋەر ماقالە بوپتۇ.

ئەجەبا، بۇ راستمىدۇ؟ بۇيەردىمۇ «ئازسانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىغا ئېتىبار بېرىدىغان» ئادەت بارمىدۇ-يا؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ماقالىدىكى تېمىنى گېرمانىيىلىك داڭلىق نەزەرىيە فىزىكىسى ئالىمى، پروفېسسور W. نام چىقارغانىدى. بۇ، ئادەتتىكى كىشىلەرلا ئەمەس، ھەتتا تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەرمۇ تەستە ئاڭقىرىدىغان قىيىن مەسىلە ئىدى. چۈنكى ئۇ يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسىدىكى ئۆزگەرمەس ئەگمە كۋانت قۇتۇپى نەزەرىيىسى، ئولترا گىپوتېنوزا نەزەرىيىسى، مودۇللار توپى، كرىستاللار توپى قاتارلىق سىرلىق ئالىي فىزىكا ۋە ئالىي ماتېماتىكىغا بېرىپ تاقىلىدىغان ئۇقۇم بولۇپ، بۈگۈنكى دۇنيادىكى زەررىچە فىزىكىسى ھادىسىسى، تارتىش

www.uyghurkitap.com

كۆچى ۋە ئالەمشۇناسلىق ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ مۇھىم ۋاستىسى ئىدى. زەررىچە فىزىكىسى بويىچە داڭلىق ئالىم، پروفېسسور H.P نىللىس ساھىبجامالنىڭ ماقالىسىنى باھالاپ مۇنداق تەكىتلەيدۇ: «ساھىبجامال ئۆز ماقالىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر فىزىكا ئالىمەسىگە خاس پەزىلىتىنى ئىسپاتلىدى. بولۇپمۇ ئۇ ماقالىدىكى ماتېماتىكىلىق قۇرۇلمىلارنى ئىنتايىن تىرىشىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەيران قالارلىق، ئىنتايىن مۇھىم ۋە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغان. كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئۇنىڭ ماقالىسىنى مۇنەۋۋەر باھالاشقا بولىدۇ. خەلقئارا ئۆلچەملەر بويىچە بولغاندا ئۇ دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئېلىشقا تامامەن ھەقلىق». خەلقئارادىكى داڭلىق نەزەرىيە فىزىكىسى ئالىمى W.نام باھالاش سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر قىسىم ئالىملار بۇ نەزەرىيىۋى تۈرلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن مەسىلە ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك مۇرەككەپ بولغىنى ئۈچۈن، ئۇزۇل-كېسىل ھەل قىلىنمىغانىدى. مانا ئەمدى ساھىبجامالنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بۇ مەسىلىنىڭ يېشىمىنى بىر قەدەم ئىلگىرى سۈردى، دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ يۈكسەك تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن تەتقىقات گۇرۇپپىلىرىنى قىزىقتۇرۇپ كەلگەن بۇ تۈگۈننى ئاخىرى يەشتى. ئۇنىڭ ماقالىسىنى مۇنەۋۋەر باھالاشقا بولىدۇ. ساھىبجامال دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئېلىش سالاھىيىتىنى تولۇق ھازىرلىدى». پروفېسسور H.رويېر باھالاش سۆزىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ساھىبجامال تاللىغان بۇ تېما يۈكسەك ماھارەتنى، ئۇستىلىق بىلەن تەشكىللەشنى ۋە بىر-بىرىگە ئىرماش-چىرماش بوپكەتكەن ئىنتايىن مۇرەككەپ نەزەرىيە فىزىكىسى ساھەسىدە بۆسۈپ ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلىدىغان قىيىن مەسىلىدۇر. ساھىبجامالنىڭ ئەلا نەتىجىسى مەندە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىشكە بولىدۇ». داڭلىق نەزەرىيە فىزىكىسى ئالىمى R.فلومبى مۇنداق دەيدۇ: «ساھىبجامالنىڭ K. ۋېنالاند بىلەن بىرلىشىپ يازغان ماقالىسى (دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، دۇنيادا تەسىرى بار بىر ئىلمىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان) ئۆلچەملىك پايدىلىنىش ماتېرىيالىغا ئايلىنىدۇ».

بۇيەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش زۆرۈركى، ئالىم R.فلومبىنىڭ: «ئۆلچەملىك پايدىلىنىش ماتېرىيالىغا ئايلىنىدۇ» دېگىنى «نەزەرىيە فىزىكىسى تارىخىغا يېزىلىدۇ» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن بۈيۈك باھا ئىدى. يېزىلغان باھالارنىڭ ھەممىسىلا ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، بەزىلىرى ھەتتا خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 1500خەت ئەتراپىدا ئىدى. چۈنكى ساھىبجامال مەزكۇر ماقالىسى ئارقىلىق ئىككى ئۆلچەملىك ئۆزگەرمەس ئەگمە كۋانت نەزەرىيىسى ساھەسىدە ئۇزۇندىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان قىيىن بىر مەسىلىنى ھەل قىلىپ، زەررىچە فىزىكىسى تەتقىقاتى ئۈچۈن يېڭىچە ئاساس سالغانىدى. شۇڭا، ئالىملارنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى نەزەرىيە فىزىكىسى ئىلمى ساھەسىدىكى خەلقئارالىق نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ ساھىبجامالغا زەررىچە «ئېتىبار»دىن مۇستەسنا ھالدا بەرگەن لىللا باھالىرى ئىدى.

ساھىبجامال خوتەن چىرا ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1985-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىدى. ئۇ «ئۇيغۇر تىلىدا ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچى»لاردىن ئىدى. بۇ «سوۋېت» ئۇنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ، دېگەنلىك بولاتتى. ساھىبجامال 1990-يىلى مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى چاجاۋجېڭ ئەپەندىدە نەزەرىيە فىزىكىسى بويىچە ئوقۇيدىغان ماگىستىر ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدى. دەرسلىكنىڭ تەلىپى بويىچە ساھىبجامال تەدرىجىي «دىففېرېنسىئاللىق گېئومېترىيە»، «لى ئالگېبراسى»، «ئالىي كۋانت مېخانىكىسى»، «كۋانت قۇتۇپى نەزەرىيىسى» قاتارلىق ئالىي ماتېماتىكا ۋە يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى ساھەسىگە كىرىپ باردى. بىراق بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى يېتەرسىز، بولۇپمۇ خەنزۇچە ئاڭلاپ چۈشىنىش ئىقتىدارى ئاجىز ئىدى. ساھىبجامال مۇئەللىپكە ئىنتايىن سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «مەن چىرىدا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە ئوقۇغانىدىم. ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا بىر يىل مەخسۇس خەنزۇچە ئۆگەنگەن بولساقمۇ، لېكىن قالغان تۆت يىل جەريانىدا نۇرغۇن كەسپىي دەرسلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىدۇق. ھازىر ئاسپىرانتلارنى پۈتۈنلەي خەنزۇ مۇئەللىملەر تەربىيىلەيدۇ. راستىنى دېسەم، ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنىڭ دەسلىپىدە مەن ھەقىقەتەن قىينالغانىدىم!»

دۇرۇس، ئازسانلىق مىللەتلەر كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مىللىي مائارىپتا ئىزچىل ئېتىبارلىق سىياسەتنى يولغا قويۇپ، ئازسانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىشتىكى نومۇر ئۆلچىمىنى خەنزۇلارنىڭكىدىن تۆۋەن بېكىتىپ كەلدى. مانا ھازىر ساھىبجامالنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى يېپيېڭى ئىلىم - پەن مۇساپىسى ئىدى. مەسىلەن ئالايلى: 100مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ھەممەيلەن بىر پەللىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان تۇرسا، سىنى: ئۇيغۇركەنسەن، ئالدى بىلەن سەن ئون مېتىرغا يۈگۈرۈۋالغىن، دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا چاۋجېڭ ئەپەندى ئوقۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى يەنە بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىسى بىلەن مۇڭداشقاندا مۇنداق دېگەنىدى: «سىلەرنىڭ ئاساسىڭلار ئاجىز. بىراق ئىلىم-پەن مۇساپىسىدە پەقەت كۈچلۈكلەرلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. شۇڭا سىلەر ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلار كېرەك!»

ساھىبجامال قەيسەر ئىرادىلىك قىز ئىدى. ئۇ

ئۆز كەسپىگە ئوتتەك ئىشتىياق باغلىدى. ئۇ شۇ چاغدىكى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن دەسلەپتە ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىندىم، ئەمدى شاھادەتنامە ئالالىشىمدا گەپ يوق، دەپلا ئويلىغانىدىم. بۇنچىۋالا ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇشۇمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايتتىكەنمەن. ئىشقىلىپ، مەن چېكىنسەم بولمايتتى ھەم چېكىنىش يولۇممۇ يوق ئىدى».

دۇرۇس، ساھىبجامالنىڭ چېكىنىش يولى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر چېكىنىش يولى — ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىدىن ۋاز كېچىش ئىدى. چاجاۋجېڭ ئەپەندىمۇ ساھىبجامال ۋە يەنە بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا ئاساسىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. بىراق ئۇ: «ئالىي دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە ئۇلارغا چوقۇم قاتتىق تەلەپ قويۇش كېرەك. ئۇلارغا قويۇلىدىغان ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ناۋادا 〈ئېتىبار〉 بىلەن ئۆلچەمنى تۆۋەنلەتكەندە، ئالىي دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. بىراق مائارىپتا بولۇپمۇ مىللىي مائارىپتا ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلاردا نېمە كەم بولسا، شۇ جەھەتتىن تەربىيىلەش كېرەك» دەپ ئويلايتتى.

شۇڭا ئۇ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىككى ئوقۇغۇچىسىغا ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان «دەرس تولۇقلاش» ئۇسۇلىنى قوللاندى. ساھىبجامال بىلەن دەرس تولۇقلاشقا قاتناشقان يەنە بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمى ئايجامال ئىدى. دەرستە ئۇلار نېمىنى ئاڭقىرالمىسا، شۇنۇقتىنى تولۇقلاپ چۈشەندۈرەتتى. چا جاۋجېڭ ئەپەندى ئۇلارغا ھەتتا دىففېرېنسىئاللىق گېئومېترىيىگە ئائىت ئەڭ دەسلەپكى ساۋاتلارنىمۇ باشتىن سۆزلىدى. ماتېماتىكىدا يەنە نۇرغۇن ھېسابلاشلار بولىدۇ. ھېسابلاش ھالقىسىنى ئۇقمىغاندا ماتېماتىكىنى ئوبدان ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ، دەرس مەزمۇنىنى ئۇلار (خەنزۇ تىلى ئاساسى ئاجىز بۇ ئۇيغۇر قىزلىرىغا. — تەرجىماندىن)غا خەنزۇ تىلىدا ئېزىپ ئىچۈرۈشكە، تاكى ئۇلار مەسىلىنى ئاڭقىرالىغۇچە قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا چا جاۋجېڭ ئەپەندى بۇ ئىككى ئوقۇغۇچىسى بىلەن كۈندە دېگۈدەك تاكى كەچ سائەت 12لەرگىچە بىللە بولاتتى.

بىنانى ئېگىز سېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇلىنى چوڭقۇر — پۇختا قويۇش كېرەك. شۇنىڭغا ئوخشاش، پۇختا ماتېماتىكا ئاساسىنى سالماي تۇرۇپ، نەزەرىيە فىزىكىسىدا يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەيمەن، دېيىش مۇمكىن ئەمەس. ساھىبجامال بېسىمنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەنلىكىنى، زور بەدەل تۆلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. شۇڭا بارلىق ۋاقتىنى ئۆگىنىشكە ئاتىدى. دەرسلەردە ھەر قېتىم ئۆزى چۈشەنمەيدىغان (خەنزۇچە) خەت ئۇچرىغان ھامان دەرھال لۇغەتتىن ئاختۇرۇپ، تاكى پىششىق بىلىۋالغانغا قەدەر قايتا-قايتا ئۆگەندى. ئۇ دەرسلەرنى بىرمۇ بىر تولۇقلاپ، قىيىن مەسىلىلەرنى بىرمۇ بىر يېشىپ ماڭدى. شۇنداق قىلىپ، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇ تولۇقلاشقا تېگىشلىك بارلىق مەزمۇنلارنى تولۇقلاپ چىقتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاسپىرانتلىق ئوقۇشى بىر يىل ئۇزارتىلدى. ئۇيغۇرلار ناخشا-ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن خەلق. ساھىبجامالنىڭ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتى دەل ئۇنىڭ ئالتۇندەك بەرنا چاغلىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ باشقا قىزلارغا ئوخشاش ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناشنى، چىرايلىق ياسىنىپ يۈرۈشنى ئويلايتتى. بىراق ئۇنىڭ بۇنىڭغا ۋاقتى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈك ھەرىكىتى پەقەت ياتاق، ئاشخانا ۋە سىنىپتىلا بولاتتى. ھەركۈنى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغىنى تىرەن مەزمۇنلۇق دەرسلىكلەر، لۇغەت ۋە يېشىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان قىيىن مەسىلىلەرلا ئىدى. ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم دوستى بىلەن كىنوغا بېرىش ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارامى ئىدى. نېمىدېگەن زېرىكىشلىك، مەززىسىز ئاسپىرانتلىق ھاياتى-ھە!

تۆت يىل جەريانىدا، ئۇ ئالىي مەكتەپتە خەنزۇلارغا ئۆتۈلىدىغان تولۇق كۇرس ماتېماتىكىسى-نىڭ بارلىق مەزمۇنلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ چىقتى. ھەتتا خەنزۇ تىلىدا دەرس ئاڭلاش، پىكىرلىشىش، ئوقۇش ۋە خەنزۇچە تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىنىۋالدى. باشقىلار ئۇنىڭ كۈتۈپخانىدا «لى ئالگېبراسى»، «دىففېرېنسىئاللىق گېئومېترىيە» قاتارلىق مۇرەككەپ ماتېماتىكا نەزەرىيىسىگە ئائىت خەنزۇچە كىتابلارنى ئوقۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگىنىدە ھەيران قېلىشاتتى. چۈنكى بۇ كىتابلارنى ماتېماتىكا تولۇق كۇرسىدا ئوقۇۋېدىغان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ تەستە چۈشىنەتتى. بىراق ساھىبجامال ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلىگەنىدى. پۇختا ماتېماتىكا ئاساسى ئۇنىڭغا ئالىي ماتېماتىكا ئىشىكىنى داغدام ئاچتى... ساھىبجامال جاپالىق ئۆگىنىشنى تاماملاپ، ئاخىرى دىسسېرتاتسىيە يېزىش باسقۇچىغا كىردى. ماقالىنى خەنزۇچە يېزىش كېرەك ئىدى. ئۇ دىسسېرتاتسىيىسىنى ئاخىرى پۈتتۈرۈپ دەسلەپكى ئورگىنالىنى ئوقۇتقۇچىسىغا تاپشۇردى. ماقالىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىققان چا جاۋجېڭ ئەپەندى نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى ساھىبجامالنىڭ ماقالىسىدا نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۇققىلى بولمايتتى. دېمەك، ئۇنى دىسسېرتاتسىيە دېگىلىمۇ بولمايتتى. چاجاۋجېڭ ئەپەندى مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى ئاخىرى سەزدى. ئەسلىدە مەسىلە ساھىبجامالنىڭ خەنزۇ تىلى ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى يېزىقچىلىق ئاساسىنىڭ ئاجىزلىقىدا ئىدى. چۈنكى ماقالىدىكىسى پۈتۈنلەي لوگىكا قالايمىقانچىلىقى بولۇپ، بۇ، ساھىبجامالنىڭ لوگىكا ئۇقمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى ئۇستاز ئۇنىڭدىن.

www.uyghurkitap.com

- مەن ماقالىنى قانداق يېزىشنى ئۇقمايدىكەنمەن، - دەپ جاۋاب بەردى ساھىبجامال، - كىچىك ۋاقتىمدا ماقالە يېزىشنى ئاساسەن مەشىق قىلىپ باقمىغان. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا بىر مەۋسۇمدە ئاران بىر پارچە ماقالە يازاتتۇق.

قارىغاندا، ساھىبجامال ماقالىدىكى پىكىرنى قانداق راۋانلاشتۇرۇشنى بىلمەيۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن چا جاۋجىڭ ئەپەندى ئىشنى باشتىن باشلىدى. ئۇ ساھىبجامالنى يېتەكلىدى . . . بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن ئالغا يېتەكلەپ ماڭدى . . . شۇنداق قىلىپ، ساھىبجامال ئاخىرى دىسسېرتاتسىيىسىنى خەنزۇچە يېزىپ پۈتتۈردى.

قېتىرقىنىپ ئىزدىنىدىغان، يېتەكچىلىكنى چۈشىنىدىغان، مۇھىمى ئۆزىنى كونترول قىلىشنى بىلىدىغان، ئىرادىسى كۈچلۈك، پاراسەتلىك، مەنىۋى كۈچكە باي ساھىبجامال چا جاۋجىڭ ئەپەندىدە ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

بىراق، ماگىستىرلىقنى تاماملاش ئالىي دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ بىر باسقۇچىلا ئىدى. ساھىبجامال ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇساپە تېخى ئۇزۇن ئىدى. چۈنكى نەزەرىيە فىزىكىسى ئىنتايىن ئابستراكت ماتېماتىكا دۇنياسى بولۇپ، يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى تەتقىقاتىنىڭ ئاساسى ھېسابلىناتتى.

ساھىبجامال ئىتالىيە خەلقئارا نەزەرىيە فىزىكىسى مەركىزىنىڭ يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى گۇرۇپپىسىدا چەت ئەللىك ماگىستىر ئاسپىرانتلار دەرسلىكى بويىچە بىر يىل بىلىم ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈردى. بۇ مەخسۇس 3-دۇنيا ئەللىرىگە تەۋە ئاسپىرانتلارنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە تەربىيىلەيدىغان ئورۇن بولۇپ، ئوقۇش ۋاقتى بىر يىللا ئىدى. بۇ، ساھىبجامالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇستەقىل ئىشلەش، ئۆگىنىش ۋە چېنىقىش پۇرسىتى ئىدى. چۈنكى ئۇ يەردە ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇتقۇچى يېتەكچىلىك قىلمايتتى. ساھىبجامالنىڭ بىرگە بولۇدىغانلىرى پەقەت نېگىر ۋە ئەرەب ساۋاقداشلىرىلا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرسمۇ ھەم جىددىي، ھەم ئېغىر ئىدى. ھەركۈنى ناھايىتى نۇرغۇن مەشقلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. ساھىبجامال بۇ بىر يىل جەريانىدا دەرسلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئۆگىنىپ بولدى. باشقا ساۋاقداشلىرىغا قارىغاندا ئۇ ھەممە پەندە لاياقەتلىك بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساھىبجامالنىڭ مۇستەقىل ئىشلەش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

شۇنىڭغا ئۇلاپلا ساھىبجامال يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نەزەرىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئورنى ۋە گېرمانىيە بونن ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىشىپ تەشكىللىگەن دوكتورلۇق ئوقۇتۇش نۇقتىسىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۇنىڭ ئۆگىنىشى بىرىنچى يىلى بېيجىڭدا بولۇدىغان قىلىپ بەلگىلەندى. ئىككىنچى يىلى دىسسېرتاتسىيە تەييارلاش ئۈچۈن گېرمانىيە بونن ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا تەتقىقات ئورنىغا باردى ۋە خەلقئارادىكى داڭلىق نەزەرىيە فىزىكىسى ئالىمى، دوكتور W. نام ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دىسسېرتاتسىيىسىنى تاماملاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ، شۇ كەتكىنىچە 2000-يىلى ئاۋغۇستتا ئاندىن دىسسېرتاتسىيىسىنى ياقلاش ئۈچۈن جۇڭگوغا قايتىپ كەلدى. بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەر يېڭىپ كېتەلمەيدىغان ئېغىر قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كەلدى. 1998-يىلدىن 2000-يىلغىچە ساھىبجامال گېرمانىيىدە ئوقۇدى. ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، ئۇ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى دۇنياغا داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت - بونن ئۇنىۋېرسىتېتىدا تاماملىدى. بىراق ئۇ خىزمەت ۋە ئۆگىنىشنىڭ جىددىيلىكىدىن بارلىق ۋاقتىنى ئۆگىنىشكىلا قاراتتى. شۇڭا ئۇ گېرمانىيىدە ئۈچ يىل تۇرۇپ، بونن شەھىرىنى تۈزۈك كۆرەلمەي يېنىپ كەلدى. ئالاھەزەل ئون ئايغىچە ئۇ بولكا بىلەن ئالمىدا قورساق توقلىدى. شۇڭا ئۇزۇن مۇددەت ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەچكە، ئۇنىڭ چاچلىرى چۈشۈپ كەتتى. 1998-يىلى ساھىبجامالنىڭ ئۆمۈر يولدىشى تۇرغۇن ئۇنى يوقلاپ بونىغا باردى. ئايالىنىڭ ياداپ باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى كۆرگەن تۇرغۇننىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. شۇڭا تۇرغۇن بونىغا بارغاندىن كېيىن ھەر كۈنى ئۆزى تاماق ئېتىپ، ساھىبجامالنىڭ ئىشخانىسىغا ئاپىرىپ بەردى.

ئوقۇۋاتقان چاغلىرىنى ئەسلىگىنىدە ساھىبجامالنى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئازابقا سالىدىغىنى، ئۇنىڭ كۆيۈمچان ئاتىسىنىڭ ئىسسىق يۈزىنى كۆرەلمىگىنى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئاتا-ئانىسى قازا قىلغان پەرزەنتلەر ھەرقانچە يىراقتا بولسىمۇ يېنىپ كېلىپ مېيىتنى ئۆز قولى بىلەن ئۇزىتىشى كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ساھىبجامالنىڭ ئاتىسى قازا قىلغاندا، ئۆيگە يىغىلغان چوڭلار تۇرغۇننى ئارىغا ئېلىۋېلىپ: «ساھىبجامالغا خەۋەر قىلسىلا، دەرھال يېنىپ كەلسۇن. ئۆلۈمدە ئاتىسىنىڭ بېشىدا تۇرمىسا قانداق بولىدۇ؟» دەپ نەسىھەت قىلغىلى تۇردى. بۇگەپلەر تۇرغۇننىمۇ تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ ئاخىرى چوڭلارغا: «ساھىبجامال ئاتىسىغا بەك ئامراق ئىدى. ناۋادا بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىسا ئۇ چوقۇم ئايلىنىپ يىقىلىدۇ. قانداق قىلارمىز؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن چوڭلار ئەلھۆكمىللا دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ، ساھىبجامالغا خەۋەر قىلىنمىدى. ساھىبجامال بېيجىڭدا دىسسېرتاتسىيىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياقلاپ بولۇپ يۇرتىغا - چىرىغا بارغاندىلا، ئاتىسىنىڭ ئاللىقاچان قازا قىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاندىن ئۇقتى.

ساھىبجامال، مانا ھازىر دوكتورلۇق شاھادەتنامىسىنى قولغا ئالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ساھىبجامال ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ بېسىپ ئۆتكەن ھەر بىر قەدەم كۈرمىڭ مۇشەققەت بىلەن تولغان ئۇزۇن مۇساپە ئىدى. بۇ قىيىنچىلىقلار باشقا قىيىنچىلىق ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۇ تاللىغان

تېمىنىڭ قىيىنلىقى ئىدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، فىزىكىدا نەزەرىيە فىزىكىسى ئەڭ قىيىن تېما ھېسابلىنىدۇ؛ نەزەرىيە فىزىكىسىدىكى كېوتېنوزا نەزەرىيىسى ۋە ستاتىستىكا فىزىكىسىدا قوللىنىشنىڭ ئۆزىمۇ ئاجايىپ جەلپكار تېمىلاردىن ئەلۋەتتە. 20نەچچە يىلدىن بۇيان دۇنيادىكى نۇرغۇن نەزەرىيە فىزىكىسى تەتقىقات گۇرۇپپىلىرى ئۇنى تەتقىق قىلىپ باقتى. لېكىن پروفېسسور W. نامىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «مەسىلە ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك مۇرەككەپ بولغاچقا، ئۇزۇل-كېسىل ھەل بولمىغانىدى». چۈنكى ئۇ يۇكسەك ئابستراكىت فىزىكا ۋە ماتېماتىكا ساھەسىدە يېڭىچە ھېسابلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان قىيىن نۇقتا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلگىرىكىلەر ئۇنى ئاخىرىغا ئاچىقالمىغانىدى. دەسلەپتە بېيجىڭدىكى فىزىكا تەتقىقات ئورنى بۇ تېمىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، نۇرغۇن كەسپداش ئالىملار ساھىبجامالنىڭ ئۇنى بىر باشقا ئاچىقالىشىغا ئىشەنچ قىلالمىغانىدى. بىراق قەيسەر ئىرادىلىك ئۇيغۇر قىزى ساھىبجامال بوننى ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارغاندىن كېيىن بۇ تېمىنى ئاخىرى بىر باشقا ئاچىقالىدى.

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ساھىبجامالنىڭ ماقالىسى تېخى پۈتمىگەنىدى. شۇڭا ۋاقىتنى ئۇزارتىشقا توغرا كېلەتتى. ئىككىنچى يىلى چا جاۋجېڭ ئەپەندى بوننىغا كېلىپ ساھىبجامالنىڭ چاچلىرىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. چا جاۋجېڭ ئەپەندىمۇ دۇنيادا داڭقى بار نەزەرىيە فىزىكىسى ئالىملىرىدىن ئىدى. ئۇ، W. نام ئەپەندى ئۇنى كۆرۈپ باقسۇن دەپ ئەۋەتكەن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئارىدىن بىر ھەپتىدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. ئۇ، ماتېرىياللارنى تېخى رەتلەپ بولالمىدى. بىر كۈنى ساھىبجامال ئۇنىڭ يېنىغا ئىتتىك كىرىپ كەلدى-دە، ۋارقىرىۋەتتى:

— مۇئەللىم، مەن مەسىلىنى يەشتىم!

بۇ ئاجايىپ تۇيۇقسىز كەلگەن خۇش خەۋەر ئىدى. چۈنكى يىراق شىنجاڭدىن، كوئېنلۇن باغرىدىن كەلگەن، ئالىي مەكتەپكە «ئۇيغۇر تىلىدا ئىمتىھان بەرگەن» بىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ نەزەرىيە فىزىكىسى ساھەسىدىكى دۇنيا خاراكتېرلىك ئىنتايىن قىيىن بىر مەسىلىنى يېشىپ چىقالىشى كىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلسۇن؟! ھەتتا W. نام ئەپەندىمۇ بۇنىڭغا ئىشەنمەي قالدى. چۈنكى ئۇ ساھىبجامالنىڭ بۇنچىۋالا زور بۆسۈش ھاسىل قىلالايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بىراق بۇنىڭ ھەممىسى راست ئىدى. ئۇ، ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىجادىي تەپەككۇرغا تويۇنغان ساھىبجامالنىڭ سانسىز كېچىلەرنى ئىزدىنىش بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا جەملەنگەن ئەقىل-ئىدرىكىنى قېزىپ، ئادەتتىن تاشقىرى ئىرادە بىلەن قولغا كەلتۈرگەن شاھانە مېۋىسى ئىدى! دۇرۇس، ھېكمەتلەردە ئېيتىلغاندەك: «تىرىشقان تاپار، تاشقا مىخ قاقار».

تۆت نەپەر گېرمانىيە پروفېسسورى ساھىبجامالنىڭ دىسسېرتاتسىيىسىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەڭ ئادىل باھالارنى يازدى. گەپنى ئۇدۇللا ئېيتقاندا، ئۇ، ئۇيغۇرنىڭ ئىلىم-پەن تارىخىدىكى ئاجايىپ كاتتا ئىش ئىدى. ئۇ چوقۇم شىنجاڭنىڭ تارىخىغا يېزىلىشى كېرەك!

ساھىبجامالنى ھەقىقىي لاياقەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن چا جاۋجېڭ ئەپەندى ئۇنىڭغا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئورنىنىڭ دوكتور ئاشتىلار خىزمەت پونكىتىغا بېرىپ ئىككى يىل ئىشلەش تەكلىپىنى بەردى. بىراق ساھىبجامالنىڭ قايتىپ كەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن مەكتەپ بۇ تەكلىپكە قوشۇلمىدى. چۈنكى نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار كېتىپ بولغانىدى. شۇڭا مەكتەپ ئۇنىڭغا: «زادى بارىمەن دېسىڭىز، تەربىيىلەش خىراجىتىنى قايتۇرۇڭ» دېگەن تەلەپنى قويدى. ساھىبجامال مەكتەپ ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆلىگەن تەربىيىلەش خىراجىتىنى قايتۇرالمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ پۇلى يوق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ھۆرمەتلىك ئالىم چا جاۋجېڭ ئەپەندىنىڭ ئىچى تىتىلداپ كەتتى. ئۇ، رەپىقىسى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۆي-زېمىنىنى رەنە قويۇپ، ساھىبجامال ئۈچۈن كېپىل بولدى، شۇنداقلا ئۇ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنىغا بېرىپ گۇۋاھلىق رەسمىيەتلىرىنى ئۆزى بېجىردى. مەكتەپ ئاشۇ رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مەكتەپكە تولۇق تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىنلا ئاندىن ساھىبجامالنىڭ مېڭىشىغا رۇخسەت قىلدى.

مانا ھازىر ساھىبجامال بېيجىڭدىكى يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئورنىدا خىزمەت قىلماقتا. ئۇيەردىكى رەھبەرلەر ۋە كەسپداشلىرىنىڭ ھەممىسى ساھىبجامالدىن قولىدىن كېلىدىغانلىكى ياردىمىنى ئايىمىدى. دوكتورئاشتىلار خىزمەت پونكىتى مەخسۇس مۇستەقىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ئىدى. ساھىبجامال ئۇ يەردە ناھايىتى ياخشى ئىشلەپ، بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بىرى دۆلەت ئىچىدىكى يادرولۇق ژۇرنالدا، يەنە بىرى چەت ئەلدىكى بىر يادرولۇق ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى. بۇ نەزەرىيە فىزىكىسى ساھەسىدە قالتىس نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. كېيىن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنى ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر بوپقالغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي كۈچىنىڭ زورلىقى، ئىلمىي دوكلاتىدا يېڭىلىق ۋە ئۆزگىچە بۆسۈشنىڭ بولغانلىقىدىن ئىدى. ئىلمىي ساھەدىكى دوكلات مۇنبىرىگە ئەمەلىي كۈچى بولمىغان ئادەمنىڭ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، ساھىبجامالنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بېيجىڭدىكى كەسپداشلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ناھايىتى ئېسىل چىققانلىقى ئۈچۈن، 2000-يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بويىچە نەزەرىيە فىزىكىسى

تەتقىقاتى ئورنىدىن مۇكاپاتلانغان بىر دىنىبىر ئىلمىي ئەسەر بوپقالدى . بۇ قىلمىشمۇ «ئېتىبار» بىلەن بېرىلگەن «خەير-ئېھسان» بوپقالماستىن ، بەلكى ساھىبجامالنىڭ 15 يىللىق قان-تەر بەدىلىگە ئۆز قەدىر-قىممىتىنى جۇلالاندۇرغانلىقى ئىدى . ساھىبجامالنىڭ يۇكسەك ئابستىراكتلاشقان نەزەرىيە فىزىكىسى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن بۇ نەتىجىسى ئۇيغۇر تارىخىدىكى يېڭى بىر يۇلتۇز بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىدىمۇ كەمدىنكەم ئۇچرايدۇ . ساھىبجامالنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى جۇڭگونىڭ «ئىسلاھ قىلىش ، ئېچىۋېتىش» سىياسىتىنىڭ قەدىمىي ئۇيغۇر مىللىتى ۋە شىنجاڭ زېمىنىغا چەكسىز ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغانلىقىنى نامايان قىلدى . ئۇنىڭ نەمۇنىلىكى ، شىنجاڭدىكى يېڭى بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ ئەقىل-پاراسەت بۇلىقىنى ئېچىشىغا تۈرتكە بولۇشقا باشلىدى . ئۇلار پەقەت ساھىبجامالغا ئوخشاش ئۆزىدىن ھالقىپ ، ھارماي-تالماي ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىدىغانلا بولسا ، ئۇيغۇرلارنىڭ غايەت زور ئەقىل بۇلىقى ئۈزلۈكسىز ئېچىلىپ بارغۇسى !

## ئاخىرقى سۆز

مەن بۇ ماقالىنى ساھىبجامال بىلەن ئۇنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى چاجاۋجېڭ ئەپەندىنى زىيارەت قىلىپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن يازدىم . قولۇمغا قەلەم ئېلىشتىن ئىلگىرى يۈرىكىم ئاجايىپ ھېسلارغا تولدى ؛ مېنى تەسىرلەندۈرگەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ چىقماقچى بولدۇم . بىراق ئاخىرى يەنە ئىككى ئارىلىقتا ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدىم . چۈنكى مەن پۈتكەن ئورىگىنالنى چاجاۋجېڭ ئەپەندىگە بېرىۋېدىم ، ئۇ كۆرۈپ ، ئۆزى ھەققىدە يازغانلىرىمنى ئىمكانىبار ئازايتىپ قىسقارتىشىمنى ،ئەڭ ياخشىسى ئۇ ھەقتە يازماسلىقىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى .

- باشقا ئوقۇتقۇچىلارمۇ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ، - دېدى ئۇ ، - بولۇپمۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەزەرىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئورنى ۋە يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك فىزىكا تەتقىقات ئورنىدىكى مۇتەخەسسىس - ئالىملار ساھىبجامالغا نۇرغۇن ياردەم قىلدى .

- پەقەت ساھىبجامالنىلا تەشۋىق قىلسىڭىز ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ ، - دېدى ئۇ قايتا-قايتا .

مەن ماقالىنى ساھىبجامالغا كومپيۇتېر تورى ئارقىلىق ئەۋەتتىم . ئۇمۇ جاۋابىدا مۇنداق دېدى : «بولغان ئىشلارنى يېزىپسىز . بىراق چا جاۋجېڭ ئەپەندى تەربىيىلىگەن ئۇيغۇر مەنلا ئەمەس ، يەنە بىر قانچىسى بار . شۇڭا چاجاۋجېڭ ئەپەندىنىڭ ئىشلىرىنى كۆپرەك يازسىڭىز . ئەگەر چا جاۋجېڭ ئەپەندى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيلىمىگەن بولسا ، بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، باشقىلارنىمۇ زىيارەت قىلىپ بېقىڭ !»

بۇ ئىككەيلەننىڭ تەكلىپلىرى ئالدىدا ئامالسىز قالدىم . ئويان ئويلاپ ، بويان ئويلاپ ئاخىرى پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىنى قوشۇپ قويۇش نىيىتىگە كەلدىم :

1 . چاجاۋجېڭ ئەپەندى بەش ئۇيغۇر ئاسپىرانت تەربىيىلىدى ، ئۇلاردىن ئىككىسى ئوغۇل ، ئۈچى قىز ، ئىككىسى «ئۇيغۇر تىلىدا ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچى»لاردىن . ساھىبجامالنىڭ ساۋاقدىشى ئايجامال گېرمانىيىدە كۋانت فىزىكىسى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئېلىپ ، شۋېيەردىكى دوكتور ئاشتىلار خىزمەت پونكىتىدا ئىشلەۋاتىدۇ . قالغان ئۈچى گېرمانىيىگە ئوقۇشقا چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ .

2 . «ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ . لېكىن ئۆگىنىشتە ئۇلارغا ئېتىبار بېرىشكە بولمايدۇ . چۈنكى پەندە ئېتىبار بېرىلسە كۆندىن كۈنگە چېكىنىپ كېتىدۇ» . چاجاۋجېڭ ئەپەندى يەنە مۇنداق دەيدۇ : « شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون . شۇڭا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك . ۋەھالەنكى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسى - مىللىي مائارىپنى يۇكسەلدۈرۈشتۇر . مىللىي مائارىپ يۇكسەلسىلا ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۆزلىكىدىن ياخشىلىنىدۇ . بىز خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار ئازسانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەشكە كۆپرەك كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك . ئەلۋەتتە ، ئازسانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىمۇ چوقۇم ھەسسىلەپ تىرىشىشى كېرەك . تىرىشمىسا ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىلدۈرگىلى بولمايدۇ . مېنىڭ بەش ئوقۇغۇچىم خەلقئارا ئىلىم مۇنبىرىگە چىقتى . ئۇلار خەلقئارادىكى داڭلىق ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن ،ئۇلارغا ھېچكىم :〈 سەن ئۇيغۇركەنسەنغۇ 〉 دەپ〈 ئېتىبار 〉 قىلمىغان . گېرمانىيىدە تېخىمۇ شۇنداق . چۈنكى ئۇ ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغان ھەم بۇ جەھەتتىكى قائىدە-نىزاملىرى ئىنتايىن قاتتىق دۆلەت» .

3 .ساھىبجامالنىڭ بىز ماقالىمىزنىڭ بېشىدا ماۋزۇسىنى ئېيتىپ ئۆتكەن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىدىكى بەزى پرىنسىپ ۋە يەكۇنلىرىنى غەربتىكى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم نوپۇزلۇق ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ جەمئىي بەش پارچە ئىلمىي ئەسىرىدە ستاتا ئېلىپ ئىشلىتىپتۇ .

---

ئاپتور : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى .سەۋدايى تەرجىمىسى(M2)

www.uyghurkitap.com



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ سىنىڭ يالغۇز قىلىشىڭ ،بىر بولسا سىنىڭ مەغلۇبىيىتىڭ ، بىر بولسا باشقىلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدۇر .

▲ ئەڭ ئېسىل كىشىلەرمۇ ،ئەڭ رەزىل كىشىلەرمۇ ئالىملاردۇر .

▲ قانداق ئادەمنى بىلىملىك دەيمىز ؟

ـ كۆپ بىلمىسىمۇ ،تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەمنى .

## تەپەككۇر كۆزى

▲ ئاللا ھەربىرىمىزگە بىردىنلا پۇرسەت بەرگەن . ئۇ بولسىمۇ ھاياتتۇر .

▲ كونىلار : «بۇگۇنكى ئىشنى ئەتىگە قويما !» دېگەن بولسا ،مەن «ھازىرقى ئىشنى ھېلىغاقويما !» دەيمەن . چۈنكى دەۋرىمىزدە ۋاقىت «دەقىقە ،شەقىقە» لەر بىلەن ئۆلچەنمەكتە .

▲ يازغۇچىلار قانداق ۋاقىتتا ئۆلۈغ ؟

ـ ھەقىقەتكە ۋارىسلىق قىلالىغاندا .

▲ باشقىلارنىڭ «ياخشى»دېيىشىنى ئۈمىد قىلىش روھىي تىلەمچىلىكتۇر .

▲ ماغزاپ نەرسىلەرگە ئالدانما ،دوستۇم ! شەكىل ماھىيەتنىڭ ئورنىغا چىقىۋالغان دەۋردە ياشاۋاتىمىز .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى شىنجاڭنىڭ ئەينىكىدۇر .

▲ يۈرەك ئوڭشالمىغىچە ئادەم ئوڭشالمايدۇ .

## سەرگەردان ھېسلار

▲ ھەقىقەتنى سۆزلەپ ،ئەمەل قىلماسلىق ئۇنى سەپسەتىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ .

▲ ئۆزۈڭنىڭ چوقۇم «خاتالىق» ئۆتكۈزۈدىغانلىقىڭنى بىلىشىڭ كېرەك . چۈنكى سېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭ بىراۋلار ئۈچۈن توغرا بولسىمۇ ، يەنە بىراۋلار ئۈچۈن خاتالىقتۇر .

▲ نادانلارنىڭ ئەڭ چوڭ نادانلىقى ، قىلىۋاتقان ئىشىنى نادانلىق دەپ چۈشەنمەسلىكى ۋە باشقىلارنىڭ توغرا قارىشىنى قوبۇل قىلماسلىقىدۇر .

▲ گاھىدا «نادان» بولۇۋېلىشنى بىلىدىغان كىشىلەر ھەقىقىي ئاقىللاردۇر .

▲ ئەدەبىيات شېئىردىن باشلىنىپ پەلسەپىدە ئاخىرلىشىدۇ .

▲ ئادەم ئادەملىكىدىن گۇمان قىلىپ ئۆزىنى : «بىئولوگىيىلىك ھايۋان» دېگەن كۈنى ھالاكەتكە يۈز تۇتقان كۈنىدۇر .

▲ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام : «ئۈممىتىمگە ئۈچ ئىشتىن قورقىمەن : سەمرىپ كېتىش ، داۋاملىق ئۇخلاش ۋە ھورۇنلۇق» دەپتىكەن . بۇنى بۈگۈنگە تەدبىقلىساق . . .

▲ ئاۋۋال ئىدىيىنى ،ئاندىن تىلنى ۋە ھەرىكەتنى ئۆزگەرتەلمىگەن ھەقىقەت قانداقمۇ ھەقىقەت بولسۇن ؟ ! . . .

▲ شېئىرنى ئاشىقلار يازىدىغان قەۋمدە ، پۇقرالار ئازاب يازىدۇ .

▲ ھەقىقەتنىڭ ئېگىلگىنى ئۇنىڭ قىيامىتى .

▲ مۇھەببەت دېگەن نېمە ؟

- ئۆزىنى سۆيۈش دېمەكلىكتۇر .

▲ خاتالىقنى تەكرارلىمىغان كىشى ھەقىقىي ئىرادىلىك كىشىدۇر .

▲ بەدەن ئەمەس روھ ھارىدۇ .

▲ نەپسى - خاھىشىدىن كېچەلمىگەن كىشى مەڭگۈ ھەقىقەت ھەققىدە سەپسەتە ساتىدىغان كىشىدۇر .

▲ نادان ئاتا- ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى قۇربانلىق مالدۇر .

▲ ئالىملارنى سىققان جەمئىيەت ئۆز گېلىنى سىققان جەمئىيەتتۇر .

▲ دەۋرىدە بايراقدار يازغۇچىدىن تۆتنى ساناپ بېرەلمىگەن مىللەت ھالاكەتنى ئەڭ بۇرۇن كۈتۈۋالىدىغان مىللەتتۇر .

▲ ھەقىقەت كىشىنى سەرگەردان قىلىدۇ ۋە ھەقىقىي بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ .

▲ روھىي جەھەتتىن مۇر ئادەملەرنىلا ھەقىقىي مۇر دېگىن .

▲ كىشى ئىزدەنگەنسېرى سوئال تۇغۇلىدۇ . بۇ سوئاللارغا «تەڭرى» جاۋاب بېرىدۇ .

▲ ئاياللار بىر بولسا ھەسەلگە ،بىر بولسا زەھەرگە ئوخشايدۇ .

▲ كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ھەر خىل دىنلارنى ئىجاد قىلدى ؟

- پەتىۋا ئىزدەپ .

▲ ئاگاھ بول ، ئىنسان ! ۋاقىت ئەرزىمەس ئىشلارغا كۆپ سەرپ بولۇدىغان دەۋردە ياشىماقتىمىز .

▲ ئاقىللار خاتالىقنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىدىن ئىزدەيدۇ ، نادانلار باشقىلاردىن ئىزدەيدۇ .

▲ ماددىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق نەرسە نۇردۇر . ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيىنى ۋە يولىنى يورۇتسا ، ھەقىقەت نۇرى دىلنى يورۇتىدۇ .

▲ يازغۇچىلارنىڭ ئازغۇنلۇقى مىللەتنىڭ ئازغۇنلۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

- يۈسۈپجان سەمەت

---

ئاپتور : ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا ئىشتارچى كەنت ئۆزۈن كوچا مەھەللىسىدە ،دېھقان

## ئەقىل مېۋىلىرى

▲ ۋاپاسىز ئادەملەر كەلگۈسىدە چوقۇم خائىن بولىدۇ .

▲ بىلىم - كۈچ دېمەكتۇر .بىلىش-ھوقۇق دېمەكتۇر .

▲ تەڭرىنىڭ جاكارسى : ئۆلۈمدىن قورقۇدىغانلار تېزدىن دار ياساشقا ئەۋەتىلسۇن !

▲ ماختاش كۆپ جايدا قەھرىمان بولمايدۇ .

▲ تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتسە ئىسراپچىلىق ،ئېھتىياج قاندۇرۇلمىسا جىنايەت كېلىپ چىقىدۇ . بۇلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالايدىغانلار ئەڭ ئاددىي ئادەملەردۇر .

▲ ئارىمىزدىكى مۇستەقىل كۆز قارىشى يوق - «ماقۇلجان»لار دەل زامانىۋى ماڭقۇرتلاردۇر .

▲ ئىبرەت كۆۋرۈكى ئازاب دەرياسىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان .

▲ تونۇش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىك ئاجىزلىقنىڭ ئەپلىك يوچۇقى .

▲ ھومايۇن قۇشى ئېيتتىكى ، بەختنىڭ ئوڭ قانىتى تەشەببۇسكارلىق ،سول قانىتى پۇرسەت .

▲ بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن ۋاقىتلىرىمىز كېيىن تام-تۇساق بولۇپ ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ .

▲ بىر مىللەتنىڭ ئالىملىرى بولمايدىكەن

مەدداھلىرى كۆپ بولىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي تراگېدىيە.

▲ جاھاننىڭ رەپتارىغا ھەممىدىن بەكرەك باقىدىغىنى ئىقتىساد.

▲ بۈگۈنگە خوجايىن بولالمىغان ئادەم ئەتىگە ئەسىرگە چۈشىدۇ.

▲ تۇغۇلغاندا ۋاقىت بىلەن دوست ئىدىم. ئەمدىلىكتە ئۇ مەسئۇلىيەت يۈكىنى ماڭا ئارتىپ قويۇپ ئۆزى كېتىپ قاپتۇ.

▲ ئۆزىنى تونۇتۇۋېلىش ئادىمىلىك بىلەن ھايۋانىلىق ئارىسىدىكى روشەن بىر خاراكتېر پەرقى.

▲ بىلىمسىز ئادەم كۆپ نەرسىلەرنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالىدۇ.

▲ كىشىلەر دۇنيادا سىغدۇرمايدىغانلار ئالىملار، قەھرىمانلار، ئىسلاھاتچىلار، كىشىلەرنىڭ تاشلىۋېتىدىغىنى شائىرلار، پەيلاسوپلار.

▲ ئالىملار مۇنبەت تۇپراق. قايسىبىر مىللەت بۇ تۇپراققا ئۇرۇق چاچمايدىكەن، قولىدىكى نەرسىسى بىلەن مەڭگۈ قېپقالىدۇ.

▲ قېرىنداشلار تەقدىرداش بولالمىسىمۇ، تەقدىرداشلار قېرىنداشلاردىن بولالايدۇ.

▲ ھەقىقەت قانچىلىك باش كۆتۈرسە، خۇشامەتچىلەرنىڭ بېلى شۇنچىلىك پۈكۈلىدۇ.

▲ تۆھمەت ئادەملەرنى سۆزلىيەلمەس قىلىۋېتەلەيدۇ.

▲ ئاجىز ئادەملەر ئۆز-ئۆزىنى قەپەس ياسايدۇ. ئۇلار بىرلىشىپ جەمئىيەتتىن ئىبارەت قەپەسكە كۈچلۈكلەرنى سولايدۇ. ئاجىزلار، كۈچلۈكلەرنىڭ قەپەستىكى قىلىقلىرى، تىللىرىدىن خان-پادىشاھلار ھۇزۇرلىنىدۇ.

▲ كىشىلەر ھەممىشە تارتىنچاقلىقى بىلەن ئۆزىنى ئىنكار قىلىدۇ.

▲ يوقاتقانلىرىمىزنى ھېسابلىغاندىن كۆرە، ئېرىشكەنلىرىمىزدىن پايدىلانغىنىمىز تۈزۈك.

▲ زاماننىڭ زورلۇقىدىن تاماشا كۆرگۈچىلەر-نىڭ كورلۇقى يامان.

▲ ئەخلاقسىزلىق ئۆلۈم خەزىنىسىنىڭ ياخشى ئاچقۇچى.

▲ كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن قىلىنغان ھەممە ئىش كۆڭۈل ئاغرىقى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ تەبىئىي نەرسىلەرنى چۈشىنىشكە قادىر بولالمىغان ئىنسانلار سۈنئىي نەرسىلەرنى ياساپ ئۆزلىرىنى بىلەرمەن چاغلىشىدۇ.

- ئابدۇرېھىم قادىر

ئاپتور: لوپ ناھىيە ناۋا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ بىز نېمىلەرنى يوقىتىپ، نېمىلەرگە ئېرىشكىنىمىزنى بىلەلمىگەچكە، باشقىلارنىڭ «ئەخلەتلىرى»گە كۆمۈلۈپ ياشاۋاتىمىز.

▲ ئەخلاق تەرىپىدىن تۈزەلمىگەن مىللەتنى قانۇن ئارقىلىق تۈزىگىلى بولمايدۇ.

▲ قانچىكى گۈزەل نەرسىدىن ئايرىلساڭ، ئازابى شۇنچىكى ئاچچىق بولىدۇ.

▲ بىر مىللەتتە خاس مىللىي روھنىڭ يوقىلىشى، ئۇ مىللەتنى ئوق يىلتىزىنى قۇرت يەپ تۈگەتكەن دەرەخكە ئوخشىتىپ قويىدۇ.

▲ ئامېرىكىنىڭ نەزىرىدىكى تېرروروچىلار ئامېرىكىنىڭ يولىغا پۇتلاشقانلاردۇر.

▲ ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ قولاقلىرى مەدھىيە-ماختاشلارغا كۆنۈپ كەتكەچكە، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاھۇ-زارىنى ئۇلارغا ئېيتىش خۇددى «ئېشەككە راۋاب چېلىپ بەرگەندەك» ئىش بوپقالماقتا.

▲ كۆلگەنلەر ۋە كۆلەيدىغانلار بولمىغان جايدا ھەجىيىش كۆلكە ھېسابلىنىدۇ.

▲ ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتى قانچە تېزلەشكەنسېرى ئەندىشە ۋە تەشۋىشلىرىمۇ شۇنچە كۆپەيمەكتە.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، تەبىئىي پەنگە تەبىئەتنىڭ تامغىسى بېسىلسا، ئىجتىمائىي پەنگە ھۆكۈمرانلارنىڭ تامغىسى بېسىلىدۇ.

▲ پەرزەنت ئاتىنىڭ يېرىم جېنىدۇر.

▲ ھەقىقەتنى ئىزدەيمىز، ئەمما ئۇنى سۆيمەيمىز. شۇڭلاشقا «دۇنيادا ھەقىقەت يوق» دەپ زارلايمىز.

▲ «مەدەنىيەتلىك كىشىلەردىن بولايلى» دەپ شوئار توۋلايمىز، ئەمما نېمىنىڭ مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز.

▲ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلانمىغان مەتبۇئات «ئالىي دەرىجىلىك تازىلىق قەغىزى» ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتتۇر.

▲ سېنىڭ بەش يىل سەرپ قىلىپ قوپۇرغان مۇھەببەت تېمىڭ بەش مىنۇتلۇق ھېسسىيات تەۋرىنىشىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

▲ ھەربىر كىشىنىڭ بايلىق كىرىمى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن ئېرىشكەن خۇشاللىقىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

▲ ياخشى سۆز قۇلاققا ياقمايدىغان، پىتنە-پاسات داۋان ئاتلايدىغان جەمئىيەتتە بىر قۇلىقىڭغا پاختا تىقىۋېلىپ يۈرگىن...

▲ ئادەملەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ بولغان نەرسە قەدىرسىز قالىدۇ.

▲ سەن تونۇگۇن قاھ-قاھلاپ كۈلگەن ۋاقتىڭدا باشقىلارنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ قويۇشنى ئويلىغان بولساڭ، بۈگۈن ئۇنداق ئاچچىق يىغلاپ كەتمىگەن بولاتتىڭ.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ تەس ئىش، ئۆزى خالىمىغان ياكى قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى قىلىشتۇر.

▲ قانۇننى بىلمىگەنلەر سىياسەتنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ بەزى ئەرلەر ئۆزىنى باشقۇرالمىغانلىقتىن، ئۇلارنى ئاياللىرى باشقۇرماقتا.

▲ ئەرلەر يېرىم-يالىڭاچ كىيىم كىيگەن قىز-ئاياللارنى ھاقارەتلىگەن ۋاقتىدا، بۇ كىيىملەرنى ئۆزلىرىنىڭ لايىھىلىگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

▲ سۇ تەننى پاكىزلايدۇ، كۆز يېشى روھنى.

▲ قانۇن ئۆز رولىنى يوقاتقان جەمئىيەتتە ھەممە ئىشلار سىياسەت ئارقىلىق بىجىرىلىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، پۇقرالارغىلا كۈچى يېتىدىغان قانۇن مۇستەبىت قانۇندۇر.

▲ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئورتاق تەربىيىلەيدىغان دەرسخانا تەبىئەتتۇر.

▲ بالىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنىلا ئويلىشىپ، بالىلارنىڭ مېھىر-مۇھەببەت بۇلىقىنى ئېچىشقا سەل قارىغان مەكتەپ بىر توپ «ماشىنا ئادەم»لەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

▲ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ئادەمنى باشقىلارمۇ تاشلىۋېتىدۇ.

▲ 20-ئەسىردىكى ئۇرۇش نېفىت رىقابىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولسا، 21-ئەسىردىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۇرۇشلارغا سۇبايلىقى پىلتە بوپقېلىشى مۇمكىن.

▲ پۇشايمان كېچىكىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ بىزنىڭ قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر، چەت ئەللەرنىڭ قەھرىمانلىرى بولسا تىرىككەلەردۇر.

▲ ئۇنتۇش قىيىن بولغان ئىش ئەڭ ئاسان ئېستە قالىدىغان ئىشتۇر.

▲ ئاسان ئۆلۈم ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدىغان ئامەتتۇر.

▲ ئاسان ئۆلۈم تەڭرى ساڭا ھەدىيە قىلغان ئەڭ ئاخىرقى بەختىڭدۇر.

▲ بەزىلەر «ھازىر دۇنيادا ھەقىقىي سۆيگۈ-مۇھەببەت قالمىدى» دېيىشىدۇ- يۇ، ئەمما ھەقىقىي يۈرەكلەر بارمۇ، دېمەيدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، بىر مىللەتنىڭ ئۆمرىنى شۇ مىللەت تىلىنىڭ ئۆمرى بەلگىلەيدۇ.

▲ ئۆزۈڭنىڭ يېتەرسىزلىكىڭگە تەسلىم بولساڭ، ئۇ سېنى باشقۇرىدىغان زالىم پادىشاھقا ئايلىنىدۇ.

▲ بىر نەرسىنىڭ تۇرغان ئورنى ئوخشىمىسا قىممىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

▲ ئۆزلىرى ياراتقان (بارلىققا كەلتۈرگەن) نەرسىلەرنى خەقنىڭ تارازىسىدا ئۆلچەش ئۇنى مەھكۇملۇققا ئېلىپ بارىدۇ.

▲ ئۆزۈڭنىڭ خوجايىنى بولاي دېسەڭ، ئۆزۈڭ ھەققىدە كۆپرەك ئويلانغىنىڭ تۈزۈك.

▲ قىزنىڭ ئىچىدە قىز بار، لېكىن ئوغۇلنىڭ ئىچىدە ئوغۇل يوق.

▲ مەسئۇلىيەتسىز كىشى ئۆز تەخىيگە ئىگە بولمايدىغان ھاڭگا ئېشەككە ئوخشايدۇ.

▲ خۇشاللىق ھەسەتخور كىشىدىن قاچىدۇ.

▲ تاج ياسىماق ئاسان، لېكىن ئۇنىڭغا مۇۋاپىق باش تېپىش قىيىن.

▲ ساختا ئادەملەرگە راست نەرسىلەرمۇ ساختىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

▲ بىراۋغا ھەددىدىن زىيادە ھەۋەس قىلىپ كەتمە، بولمىسا ھەسەتخور ئادەمگە ئايلىنىپ قالىسەن.

▲ بىراۋنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈپ كەتسەڭ، ئۆزۈڭ تەنھا قالىسەن.

▲ ئەرلەرنىڭ بويتاق يۈرۈشى شارائىتنىڭ ناچارلىقىدىن بولسا، ئاياللارنىڭ بويتاق يۈرۈشى شارائىتنىڭ ياخشىلىقىدىندۇر.

▲ قۇياش ھەرقانچە پارلاق بولسىمۇ، ئۇنى كۆرگۈچى كۆز خىرە ياكى قارىغۇ بولسا قۇياش نۇرسىز بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

▲ كىچىككىش - پۇشايماننىڭ تۇغۇت ئانىسىدۇر.

▲ ئۆز ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىغان ئادەم باشقىلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالىدۇ.

▲ ئادەملەر ئۆزىنىڭ شەكلىگە ئاساسەن بۇتنى ياساپ چىقتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزى بىلەن ئوخشاش (جانسىز) ئادەمدىن ئۆزلىرىنىڭ رىسقىنى، بەختىنى تىلەشكە ھەم ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىغا موھتاج بولماقتا. جانسىز ئادەم تىرىك ئادەمدىنمۇ ئۈستۈن تۇرارمىدۇ؟

▲ «ئېىست»دەپ قالماي دېسەڭ، سېنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈپ ماختىغان ئادەمدىن ھەزەر ئەيلە.

▲ كۆڭلۈڭنى توختات، بولمىسا پۇت-قولۇڭ، كاللاڭ كويزا-كىشەنلەر بىلەن توختىتىلىدۇ.

▲ ۋاقىتنىڭ تېزرەك ئۆتۈشىنى تىلىگىنىڭ ئۆلۈمىڭنى تىلىگىنىڭ بىلەن باراۋەردۇر.

▲ قىسقا كىيىم بەدەننى ئېچىپ قويسا، چولتا پىكىر نادانلىقنى ئېچىپ قويىدۇ.

▲ ھەقىقەتنى توۋلاۋەرسەڭ قورۇق شوئارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ تەنقىدكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئادەمنى ماختىساڭ قامغاقتەك توزۇپ كېتىدۇ.

▲ قورقۇنچاق سودىگەرنىڭ سودىسى تېزلا كاساتلىشىدۇ.

▲ ئەگەر 60ياش ۋاقتىڭدا تارىخ ئۆگەنسەڭ ئۆزۈڭنىڭ تېخى بالا ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلىسەن.

— ئابلىكىم روزى

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە چولپان يېزىسىدا، دېھقان

* * *

▲ ئۇ تەرەپتە ئۆگەنگۈچىلەر كۆپ، ئۆگەتكۈچىلەر ئاز، شۇڭا تەرەققىيات يۇقىرى؛
بۇ تەرەپتە بولسا ئۆگەتكۈچىلەر كۆپ، ئۆگەنگۈچىلەر ئاز، شۇڭا نادانلىق — مەھكۇملۇق ئېغىر...

▲ زامان دېگەن توگمەنگە ئوخشايدۇ. دانالار ئەنە شۇ توگمەننى چۆرگىلەتسە، نادانلار ئۇنىڭغا ئۆگۈت بولىدۇ...

— غالىب مۇھەممەت (قارلۇق)

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر 46-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

## ئېگىرغان نەپەسلەر

▲ ھەرقايسى نەشرىياتلار ۋە بەزى يازغۇچى — شائىرلىرىمىز ئادەملىرىمىزنىڭ كىتاب ۋە گېزىت-ژۇرنال ئوقۇمايدىغانلىقى توغرىسىدا تولا ۋايسايدۇ. ئەمما ئۇلار 90پىرسەنت كىشىلىرىمىزنىڭ دېھقان ئىكەنلىكىنى قىلچىمۇ يادىغا كەلتۈرۈپ قويمايدۇ.

▲ ئۆتمۈشتىكى سەلتەنەتلىك تارىخىمىز بىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىزنى دۇنياغا تونۇتتى. ئەپسۇسكى، دۇنيانىڭ بىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىزنى ئەنە شۇ سەلتەنەتلىك تارىخىمىز ئارقىلىق تونۇشى بىز ھازىرقى كۈندە دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ پاجىئەدۇر.

▲ بىز پەقەت 21-ئەسىرگە كىرگەن چېغىمىزدىلا نوپۇسىمىزنىڭ 90پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلىرىمىزنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئارقىلىق ئاران بىر پىرسەنت چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.

▲ بۇدۇنيادا چېگرا سىزىقى يوقالمىغۇچە ئىنسانىيەتكە تىنچلىق مەڭگۈ نېسىپ بولمايدۇ.

▲ تۈرمە بىلەن دوزاق بۇدۇنيانىڭ تىنچلىقىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ئىككى چوڭ ئەڭگۈشتەر.

▲ ئىنسانلار تىنچلىققا ھەممىدىن بەك ئىنتىلگۈچىلەر. بىراق ئۇلار ھەرخىل زامانىۋى ئۇرۇش قوراللىرىنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزلىرى ئىنتىلگەن تىنچلىقنى بۇزغۇچىلاردۇر.

▲ قەپەسكە سولانغان قوش ئۆزىنىڭ توختىماي تېپىرلاشلىرى ئارقىلىق ئەركىنلىككە ئىنتىلمەكتە. مەن بولسام قەپەس سىرتىدىكى ئىنسان تۇرۇپ، ئۆز ئەركىنلىكىمنى بىلمەي ئاۋارە.

▲ ئىلگىرى بىز دېھقانلارنى ئەمگەك قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان «ماشىنا ئادەم» دەپ قاراپ كەلگەنىدۇق. مانا ئەمدىلىكتە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇلارغا پىكىر قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىۋېدى، بىز ئۇلارنىڭ چىن يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان تولىمۇ مۇڭلۇق ۋە ئەلەملىك كۈيلىرىنىڭ بارلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىپ يەتتۇق.

— ئەيساجان ئابدۇللا

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە مازار يېزا شەيخ كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ بىز رىقابەتنى ئۆچمەنلىككە ئايلاندۇرۇپ قويغاچقىلا، ئارىمىزدىكى مېھىر-شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ.

▲ ھەق ئۈچۈن كېسىلگەن تىل مەڭگۈ سۆزلەيدۇ.

▲ ئازابلىق ناخشىلار ھايات رېتىمى بۇزۇلغاندىكى كېچىككەن ھېسسىياتتۇر.

▲ كۆپىنچە كىشىلەر قانۇننىڭ ئۆزىگە پايدا يەتكۈزۈدىغان تەرىپىنى ئۆگىنىپ، مەجبۇرىيەتكە چېتىلىدىغان تەرەپلىرىنى ئۆگەنمىگەچكە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغانلار تۈگىمەيۋاتىدۇ.

▲ پۇقرالارغا كېلىدىغان پېشكەللىك ئەمەلدارلارغا ئەڭ يېقىن كىشىلەردىن كېلىدۇ.

▲ مەدەنىيەت قەدىمىلىكى بىلەنلا ئەمەس، قىممىتى بىلەن ئۆلۈلغانىدا ئاندىن شۇ مىللەت مەدەنىيەتىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىدۇ.

▲ نەتىجىسىز چىققان ئىشلارنى ئۆزىمىزدىن كۆرمەي ھەدېسىلا تەقدىرگە دۆڭگەپ قويۇش، رېئاللىق ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەنگە باراۋەر.

▲ كۆز ئاۋۋال باشقىلارنى كۆرگەچكە، كىشىلەر ئاسانلا ئۆزىنى سەۋەنلىكتىن خالىي دەپ قاراپ، باشقىلارنىڭ سەۋەنلىرىنى تىلغا ئېلىپ مازاق قىلىدۇ. كۆڭۈل كۆزى ئۆز ماھىيىتىنى كۆرگەچكە جىمجىت سۆزلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

▲ ئۆز ھېسسىياتىنى قانداق ئىزھار قىلىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەر كۆپ ھاللاردا مەسخىرىگە قالغانغا ئوخشاش ،باشقىلارغا قانداق ياردەم بېرىشنى بىلمەيدىغانلار ئاسانلا تۆھمەتكە قالىدۇ .

▲ ياخشى گەپنىڭ تاشنى ئېرىتىدىغانلىقىنى تىلەمچىلەرنىڭ سەدىقە تىلەش ئۈچۈن قىلغان سۆزىنىڭ نەتىجىسىدىن تېخىمۇ ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ .

▲ دۇنيادا مۇنداق ئۈچ خىل ئادەم ئەڭ خاتىرجەم ياشايدۇ : بىرى ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ساغلام كىشىلەر ،ئىككىنچىسى ، سىياسەتكە كۆپ ئارىلاشمىغانلار ، ئۈچىنچىسى ،ساراڭلار .

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، ئەڭ ۋەھشىي ھۆكۈمدار خەلقنى ماددىي جەھەتتىن ئەمەس ، مەنىۋى جەھەتتىن ئاچ قالدۇرىدۇ .

▲ ھوقۇق بىر خىل قورال ،ئۇنى ئەقلىڭنى ئىشقا سېلىپ چىڭ تۇتۇپ توغرا ئىشلەتسەڭ ئۆزۈڭنى ۋە خەلقىڭنى بەختكە ئېرىشتۈرەلەيسەن . ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساڭ باشقىلار تارتىۋېلىپ سېنى قۇل قىلىدۇ . ھەتتاكى ئۆزۈڭنى ئېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولىسەن .

▲ ساغلاملىقنىڭ بەخت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز ، لېكىن مۇھىتنى بۇلغايمىز ،ھاراق ئىچىمىز ، تاماكا چېكىمىز ،ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىمىز . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، بىزنىڭ بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىز ئەكېلىدۇ .

▲ سەنئەت چىن ھېسسىيات بىلەن تويۇنغان رېئاللىق سۈرىتى .

▲ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بىر-بىرىنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلالماسلىقتىن بۇزۇلىدۇ .

▲ ئىقتىدارسىزلارنىڭ تەسادىپىي ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيىتى يولدىن تېپىۋالغان ئالتۇنغا ئوخشايدۇ . شۇڭا ئۇنداقلار ئاشۇ «ئالتۇن»نىڭ قەدرىنى بىلمىگەچكە ،ئاسانلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپ ئەل نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ .

▲ نەتىجىگە ئېرىشكەندە ماختايدىغانلار كۆپ ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا مازاق قىلىدىغانلار كۆپ بولغان ئىشلار ئەھمىيەتلىك ئىشلاردۇر .

▲ ھەقىقىي گاچىلار ھەقىقەت ئالدىدا تىلى سۆزگە كەلمەي تۇرغانلاردۇر .

▲ ئىشەنچ - كۈچ ۋە قابىلىيەتتۇر .

## ھايات ھېكمەتلىرى

▲ مەنپەئەت ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تۈگۈنىگە ئايلانغان دەۋردە ئادىمگەرچىلىك شەكلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ .

▲ سەن ئۆزۈڭنى ھەقىقىي چۈشەنگەن چېغىڭدا ھاياتلىق ھېكمىتىنىڭ ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىسەن .

▲ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى بايقىمىغان ئادەم ياشاش ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزەلمەيدۇ .

▲ چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرغان مۇھەببەت ئەڭ چوڭقۇر بولىدۇ .

▲ تۆھپە - ھەر بىر ئادەمنىڭ ھايات يولىغا سېلىنىغان بەلگە .

▲ خاتالىقنى تەن ئالمىغانلار قوشلاپ خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ .

▲ غۇرۇرلۇق ئادەملەردىكى قىساس تۇيغۇسى دائىم پارتلاپ تۇرۇدىغان يانار تاغدۇر .

▲ ئادەملەردىكى قەدىر-قىممەتلىك نەرسىلەر ئاشكارا ، پەسكەش قىلىقلار يوشۇرۇن بولغاچقا ،ھايات سىرلىق تۇيۇلىدۇ .

▲ دۇنيادا كاللىسى ئىشلىمەيدىغان ئادەملەر يوق ، كاللىسىنى ئىشلەتمەيدىغان ئادەملەر بار .

▲ ھۆرمەتكە ئېرىشكەن ئەرلەر جەمئىيەتنىڭ تۈۋرۈكى ،ھۆرمەتكە ئېرىشكەن ئاياللار دەۋرنىڭ گۈلى .

▲ يالغانچىلار كۆپ سۆزلەيدۇ .

▲ سەممىي ، ئاقكۆڭۈل ئادەملەرنى ئالداش ئاسان ، بىراق قارىلىماق قىيىن .

▲ نېمە ئۈچۈن ياشاشنى بىلمىگەن ئادەم ،نېمە قىلىشنى بىلمەي ھاياتنى بىھۇدە ئۆتكۈزىدۇ .

▲ مەقسەت - يول ،
ئېھتىياج - ھەرىكەت دېمەكتۇر .

▲ ۋىجدان - سەممىي ئادەملەرنىڭ قانۇنى . چۈنكى ۋىجدانلىق كىشىلەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە ئۆزىنى - ئۆزى سوتلايدۇ .

▲ ئىسراپخورلار - ئىككىلەمچى قان ساتقۇچىلاردۇر .

▲ ئادەملەر ئۈچۈن شەرمى - ھايا ۋە نومۇس ھەقىقىي كىيىمدۇر .

▲ بىز ئادەتتىكى ساۋاقلارنى نەزەرگە ئالمىغاچقا ، ئاسانلا چوڭ زىيان تارتىمىز .

▲ بىلىملىك ئادەملەر ئېسىل كىتابقا ئوخشايدۇ .شۇڭا سەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەم سۆزلەپ ، كۆپ ئۆگەن .

▲ ئىجتىمائىي گۈزەللىك يوقالغان دەۋردە ئاياللار رەڭۋازلىققا ، ئەرلەر ھۇرۇنلۇققا يۈزلىنىدۇ .

▲ ھەربىر ئادەم ئۆز ئوبرازىنى ئۆزى رەڭ-بوياقسىز سىزىپ چىقىدىغان ماھىر رەسسامدۇر .

▲ بۇ ئىشىمدىن پۇشايمان قىلمايمەن دېيىش ، نومۇس ئىچىدىكى ئىلمىي پۇشايماندۇر .

▲ غەم-قايغۇنى يوشۇرۇشتىن خۇشاللىقنى يوشۇرماق قىيىن . چۈنكى بىز سەۋەنلىكنى يوشۇرۇپ ،كىچىككىنە ئارتۇقچىلىقنىمۇ كۆز-كۆز قىلىشقا ئادەتلەنگەن .

▲ باشقىلارنىڭ سىرىنى بىلەي دېسەڭ ، دۈشمىنىڭنىڭ كۆزىگە ، دوستۇڭنىڭ سۆزىگە قارا .

▲ قىزلارنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرۈدىغان يىگىتلەر ئانىسىغىمۇ ۋاپادار بولالمايدۇ .

▲ جاھىللىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك - خاراكتېردىكى ئۆسمە .

▲ ئادەم خەتەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالىسا ،ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ .

▲ ئايالار ئەرلەردىن ئىرادىلىك ۋە كۈچلۈك . ئەگەر ئايالار ئەرلەردەك قوللاشقا ،ياردەمگە ئېرىشىپ قالسا ،جاپا-مۇشەققەتكە چىداش روھى بىلەن دۇنيانى تېخىمۇ گۈزەل قىلغان بولاتتى .

▲ باشقىلاردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن قىلىنغان ياخشىلىق ئالدامچىلىقنىڭ بىزدىكى ئەنئەنىۋى شەكلىدۇر .

▲ ئۆز يۈرىكىنىڭ رىتىمىنى بىلىپ تۇرۇدىغان ئادەملەر ئۈچۈن سائەت ئېلىپ يۈرۈش ھاجەتسىز .

▲ ئاياللارنى قەدىرلىمىگەن ئەرلەر ،بالىلىرىنى تەربىيىلەشنى بىلمىگەن ئاياللار مەڭگۇ ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەيدۇ .

▲ ئۆزىگە ئىشەنچىسى يوق كىشىلەر دائىم ئۆزىنى ئاقلاپ سۆزلەيدۇ .

▲ رەقىبىڭنى يېڭەي دېسەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پسىخىكىسىدىكى ئاجىزلىقنى ئىگىلەپ ،ئاندىن مەغلۇب قىلىش يولىنى ئىزدە .

- قۇربان ئابلىمىت

---

ئاپتور : يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## قانلىق قاداقلار

▲ خورلۇقنىڭ جاراھىتى مۇنداق ئىككى سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇ : بىرى ، ئۆزگىنىڭ خورلىغۇچى بولغىنىدىن ،يەنە بىرى ، ئۆزۈڭنى خورلانغۇچى قىلىپ قويغىنىڭدىن .

▲ تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىساڭ ، ھەقىقەتنىڭ ئاجىزلارنىڭ قولىدا ،سەپسەتىنىڭ زوراۋانلارنىڭ قولىدا پىششىپ يېتىلگەنلىكىنى بىلەلەيسەن .

▲ نۇرغۇن نەرسىلەر ئارىسىدىن ئۆزۈڭگە زۆرۈر بولغان قىممەتلىك نەرسىنى تاللاشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالساڭ ، بۇسېنىڭ يوقىتىشىڭنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىشقا مۇشت تەڭلىگەنلىكىڭ بوپقالىدۇ .

▲ ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا ، نەتىجىسىنى باشقىلاردىن سورا . شۇ چاغدىلا ھەقىقىي غەلىبىگە ئېرىشكەن بولىسەن .

▲ ئادالەتنىڭ نېمىلىكىنى تونۇپ يەتسەڭ ، ھەقىقەتنى ئاندىن سەپسەتە قوينىدىن تارتىپ چىقىرالايسەن .

▲ شەكىلۋازلىقتا بىرگە نادانلار ئىشىنىدۇ ، يەنە بىرگە خەلق بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىنى ياراتمىغان ھۆكۈمدارلار ئىشىنىدۇ .

▲ ئۆز دەۋرىڭنىڭ ئادەملىرىگە باھا بەرمەكچى بولساڭ ، ئەڭ ئاۋۋال ئىمان-ئېتىقاد ۋە غەزەپ-نەپرىتى-نى ئۆلچەم قىل .

▲ خوشلاشمايلا كەتكۈچىلەر بىر بولسا سەندىن قورقىدىغانلار ،يەنە بىر بولسا ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغانلاردۇر .

▲ بۇ دۇنيادا ئىككى خىل ساتقىن بار :بىرى ، ئۆزىنى ساتىدۇ ، يەنە بىرى ، ئۆزگىنى .

▲ مۇناپىقلار ساتقىنلىق قىلغاندا ، ئاقىۋەتتە ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇ سېتىۋەتكەن كىشىدەك قىسمەتكە قالىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلىسە ئىدى ، باشقىلارغا بىھۇدە ساتقىنلىق قىلمىغان بولاتتى .

▲ سۈكۈت - سېنى نۇرغۇن نەرسىلەردىن ۋاقىتلىق مەھرۇم قالدۇرۇپ ، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرگە مەڭگۈلۈك ئېرىشتۈرۈپ قويالايدۇ .

▲ بەزىدە باشقىلارنىڭ بىلمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۆزۈڭ ئويلاپمۇ باقمىغان ئۇتۇقلارغا ئېرىشىپ قېلىشىڭمۇ مۇمكىن .

▲ دۈشمىنىڭگە يول قوي .ئەمما ئۇنى يول قويغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئۆزۈڭدىن بىر قەدەم نېرى كەتكۈزمە .

▲ ماسلىشىش مۇنداق ئۈچ خىل سەۋەبتىن بولىدۇ : بىرىنچىسى ، ئۆزى ماڭىدىغان مۇستەقىل يول بولمىغانلىقتىن ، ئىككىنچىسى ، ئۆزى ماڭىدىغان يولغا باشقىلارنىڭ قەدەم بېسىشىغا يول قويغانلىقتىن ، ئۈچىنچىسى ، مۇستەقىل يول مېڭىش سالاھىيىتىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن .

▲ سېنىڭ مەلۇم بىر نەرسىنى قولدىن بېرىپ قويۇشىڭ ئانچە ئەنسىرىگۈدەك ئىش ئەمەس . بىراق ئەڭ ئەنسىرىگۈدەك ئىشىڭ شۇكى ، ئاشۇ قولدىن بېرىپ قويغان نەرسىنىڭ سەن ئۈچۈن قىممىتى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمەسلىكتۇر .

▲ مەجبۇرىيەت ھەققىدە ئويلانماسلىق بىر بولسا نادانلىق ، بىر بولسا قورقۇنچاقلىق ، يەنە بىر بولسا پۇرسەتپەرەسلىكتىن بولىدۇ .

▲ ئەخلاق چىرىكلەشسە ئېتىقاد يوقىلىدۇ ، قانۇن چىرىكلەشسە دۆلەت گۇمران بولىدۇ .

▲ خۇددى قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىققاندەك ،ئىدىيىدە نېمە بولسا ئېغىزدىن شۇ چىقىدىغان گەپ .

▲ سۈكۈت قىلىش - بەدەل تۆلەش ئۈچۈن سېلىنغان دەسمايە .

▲ بۇدۇنيادا دېگىنىگە ئەمەل قىلىدىغان ئادەم بولۇدىغان بولسا ، ئاللاغا چوقۇنۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولاتتى .

▲ سېنىڭ غەلىبەڭ نېمىگە ئېرىشكەنلىكىڭ بىلەن ئەمەس ، بەلكى نېمىنى يوقاتقانلىقىڭ بىلەن ئۆلچەنگەندىلا بۇ غەلىبە ئەبەدىيلىك غەلىبە بولىدۇ .

▲ يولدىن چىققۇچىلار پەقەت بىز مېڭىشنى خالىمايدىغان يولدا ماڭغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارنى ئەيىبلەيمىز .

▲ پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ ئەڭ ياخشى قالقىنى بىتەرەپلىك ۋە ئىككىيۈزلىمچىلىكتۇر .

▲ مەسئۇلىيەتنىڭ نېمىلىكىنى مەغلۇب بولغۇچىدىن سورا .

▲ چۈمۈلىنىڭ سۇۋادان تېرەكنى ئۆرۈۋېتىمەن دېيىشى قارىماققا ئەخمىقانىلىقتەك تۇيۇلسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىرادىسى ھەرگىزمۇ ئەخمىقانىلىق ئەمەستۇر .

▲ باشقىلارغا قانچىكى ئېگىلسەڭ كۆتۈلۈك شۇنچىكى دۈگدەك چىقىدۇ .

▲ سۆزلەش ئاسان ، قىلىش تەستۇر . شۇڭا ھازىرغىچە بۇدۇنيادا دېگىنىنى قىلالىغۇچىلار يوق دېيەرلىك .

▲ ئادەم ئۆزىنىڭ نېمىگە كېرەكلىكىنى بىلەلمىگەن چېغىدىلا ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ .

## يارىلانغان چوغلار

▲ بۇرۇنقى ئۆيلەر تارقاق ، بىر-بىرىدىن يىراق ئىدى ، شۇنداقتىمۇ كىشىلەر ئىناق ،كۆڭلى بىر-بىرىگە يېقىن ئىدى . بىراق ھازىرقى ئۆيلەر بىرىيەرگە يىغىلغان ، بىر-بىرىگە سۇۋاشتۇرۇپ سېلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن كىشىلەردە بىرلىك يوق ، يېگانە ئادەملەرگە ئايلاندى . . .

▲ بىراۋنىڭ قەسىمگە ئىشىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئېتىقادىنى سىناپ باق .

▲ قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشنىڭ سەۋەبى مۇنداق : بىرىنچىسى ، خۇشامەتچىلىكتىن ، ئىككىنچىسى ، بىلەلمەسلىكتىن ،ئۈچىنچىسى ، بىپەرۋالىقتىن بولىدۇ .

▲ ئەڭ ئەزىز نەرسەڭ ئەڭ ئەرزىمەس ئادەمنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەندە ئاندىن قەدىر-قىممەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتىسەن .

▲ بەزىدە قاملاشتۇرۇپ توقۇلغان سەپسەتە مىليون يىللىق ئۆلمەس ھەقىقەتكە تۆھمەت يۈكى ئارتالايدۇ .

▲ دۈشمەنىنىڭ پەيدا بولۇشى مۇنداق ئىككى سەۋەبتىن بولىدۇ : بىرى ، ئۆزۈڭنىڭ زوراۋان بولغىنىڭدىن ، يەنە بىرى ، ئۆزگىنىڭ زوراۋان بولغىنىدىن .

▲ يوغان داشقازان تامىقىنىڭ تەمىنى نەچچە تامچە قۇۋۋەتلىك تۇز ئۆزگەرتىۋېتەلىگىنىدەك ، ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئىدىيىسىنى مەنىۋى خورۇچى مول بىر قانچە ئادەم بۇرمىلىۋېتەلەيدۇ .

▲ ئېشىڭغا چۈشىن چۈشكەندە ئاچلىق بىلەن پاكلىقنىڭ تەڭقىسلىقىدا قالىسەن .

▲ جەمئىيەتكە نەزەر سالساق ، قول كۆتۈرۈشنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا تەسلىمچىلىك ۋە ئىلاجسىزلىقنىڭ ئىپادىسى بوپكەلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز .

▲ دەۋرىمىزدە دىندا تەكىتلەنگەن ئەخلاق بىلەن پەندە تەكىتلەنگەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى بىر-بىرىدىن ناھايىتى يىراق بولۇۋاتىدۇ . شۇۋەجىدىن ئەخلاق تەرغىباتلىرى قانچىكى تەكىتلەنگەنسېرى ئۇنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايۋاتىدۇ .

▲ بىراۋنىڭ ھەممە سۆزىگە ماقۇل بولساڭ ، ئاقىۋەتتە ئۆزۈڭنى ھەممىدىن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىسەن .

▲ ئەگەر سەن بىر گىگانت ئادەم بولۇپ ئۆزۈڭنىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى سىناپ باقاي دېسەڭ ، ئەڭ ياخشىسى ئاجىزلارنىڭ ئارىسىغا بارغىن .

▲ ئىت قانچىكى قاۋىغانسېرى ئىگىسىنىڭ يۈرىكى شۇنچىكى پوك-پوك بولىدۇ .

▲ ھازىرقى جەمئىيەتتە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىجادكارلار پۇل تاپالايدىغانلار بوپقالغاندەك تۇرىدۇ .

▲ ئېشەكنىڭ قوشقۇنىغا ئولتۇرۇۋېلىشى ، بىرى ، ئۆزى خالىماس يولغا مېڭىشقا مەجبۇرلانغىنىدىن ، يەنە بىرى ، ئارام ئالماي ئىشلىگەنلىكىدىن بولىدۇ .

▲ ئاياللار ھەرۋاقىت ئۆزىنى بىر ئايال سۈپىتىدە ئەمەس ، بەلكى بىر ئانا سۈپىتىدە تونۇيالىغان بولسا ئىدى ، ئۇ چاغدا جەمئىيەتتە بۇنچىلىك پاجىئەلەرمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى .

▲ «پالانى ياشىسۇن ! پۈكۈنى ياشىسۇن !»دەپ شوئار توۋلاشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىڭغا ئوبدان نەزەر سال .

▲ بۇدۇنيادا ئەرلەرگە سائادەت ۋە ھاقارەت كەلتۈرەلەيدىغان ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ رەزىل كىشى يەنىلا ئايالدۇر .

▲ ئەگەر قولىمىز سىرتىغىمۇ ئېگىلىدىغان قىلىپ يارىتىلغان بولسا ، ئۇ چاغدا ئىنسانلار ئارىسىدا ھەقىقىي باراۋەرلىك ئىشقا ئاشقان بولاتتى .

▲ ئاياللار گۈزەللىكنى سۆيگىنى بىلەن ، گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولىدىغىنى يەنىلا ئەرلەردۇر .

▲ ئىش چوڭىيىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئالدىنى ئالمىساڭ ، چوڭىيىپ كەتكەندىن كېيىن سېنىڭ ھەممە نېمەڭنى ئالىدۇ .

— مەھمۇتجان يانتاق

---

ئاپتور : يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا گەمىسالڭ كەنتىدە ،دېھقان

* * *

▲ ئەرلەردىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە — مەردلىك

ۋە كەم سۆز بولۇش ، ئاياللاردىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە - شەرمى-ھايا ۋە ئىشچانلىق .

▲ ھەسەتخورلۇق - ئۆتتۈرۈپ قويغانلىقىنىڭ روشەن گەۋدىلىنىشى .

▲ ئىنسان ئۈچۈن كۆڭۈلسىز ئۆتكەن كۈندىنمۇ تەس ئۆتىدىغان كۈن يوق .

▲ دۇنيا راستىنلا «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ» بوپقالغانمىدۇ ؟ ئامېرىكىنىڭ قىلمىشلىرى شۇنچىلىك يولسىز ، مۇتتەھەملىك بولسىمۇ يەنىلا دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى ، ئەرەبلەرنىڭ قارشىلىقى شۇنچە ئورۇنلۇق ،يوللۇق بولسىمۇ يەنىلا بىر چەتتە قېلىۋەردى ، قۇلاق سېلىنمىدى .

▲ تۈنۈگۈن ھاياتنىڭ قىممىتى «خەلققە تۆھپە قوشۇشتا» دەپ جار سالغانلار بۈگۈن «ھاياتنىڭ قىممىتى پۇل تېپىشتا» دېگەن سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىقتى .

▲ بۇرۇن ئەرلىرىمىز ئاياللىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ ، مەيدىسىنى كېرىپ ئەرلىك سالاپىتى ، چەبدەس قەدەملىرى بىلەن گۈرسىلدىتىپ ماڭاتتى . ھازىر ئەرلەر بىلەن ئاياللار گىرەلىشىپ ،ياندىشىپ ماڭىدىغان بوپكەتتى ، كەلگۈسىدە ئاياللار ئالدىدا يول باشلاپ ماڭىدىغان ، ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلارنىڭ گىرىم سومكىسىنى كۆتۈرۈپ سوكۇلدايدىغان بوپكېتەرمۇ ؟

▲ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە «رېستوران مەدەنىيىتى» قوشۇلدى دېگەنلىك - ئۇيغۇرلارغا «ھاراق-شاراب مەدەنىيىتى» بىلەن ئۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان «شەرمى-ھاياسىزلىق مەدەنىيىتى» قوشۇلدى دېگەنلىكتۇر .

▲ «ئەرلىرى ئۆيدە بالا باقىدۇ ، ئايالى تالادا ئەرباقىدۇ» دېگەن بۇ سۆز سەل ئاشۇرۇۋېتىلگەندەك قىلسىمۇ ، لېكىن جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇشۇ يۆنىلىشلىك تەرەققىياتىنىڭ كەلگۈسى كارتىنىسىنى غىل-پال يورۇتۇپ بېرىدىكەن دەيمەن . (ئۇنداق بولۇشتىن خۇدا ساقلىسۇن ! )

▲ يېنىمىزدا ئېسقىلىق پىچىقىمىز يوق تۇرۇپ قىزلاردىن دوپپاڭ يوقكەن دەپ ، يىگىتلىك زىننىتىمىز بۇرۇت يوق تۇرۇپ قىزلاردىن ئۆرۈمەچېچىڭ يوقكەن دەپ ، بېلىمىزدە باغلاغلىق پوتا يوق تۇرۇپ قىزلاردىن كۆكرىكىڭدە بېغىردىقىڭ يوقكەن دەپ ئاغرىنالايمىزمۇ ؟

▲ قىز بالىنىڭ كۆزىدىن ياش ئېقىشى ئوغۇل بالىنىڭ نامەردلىكىدىن ،ئوغۇل بالىنىڭ كۆزىدىن ياش ئېقىشى دوستىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن .

▲ قاچانكى مىللىتىمىز ئارىسىدا ياخشىلارنى ، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچىلارنى قەدىرلەش ، ھۆرمەتلەش ،ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش ئومۇملاشسا ، شەكسىزكى ،مىللىتىمىز دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ .

▲ كەينىڭگە قاراپ مەمنۇن بولساڭ ، ئالدىڭغا قاراپ بەخت ئىزنالىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالىساڭ ئاندىن ئۆزۈڭدىن پەخىرلەنسەڭ يارىشىدۇ .

▲ مىللىي ئەخلاقنىڭ ئۆز قىممىتىنى تەدرىجىي يوقىتىپ بېرىۋاتقانلىقى ئەمەلىيەتتە شۇ مىللەتتە مىللەتكە سادىق ، مەسئۇلىيەتچان كىشىلەرنىڭ ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ بىشارىتىدۇر .

▲ مىللەتنىڭ كەلگۈسى شەكسىزكى ياشلارنىڭ قولىدا ، ئەگەر ياشلار مىللەتكە بىپەرۋالىق قىلسا ، مەسئۇل بولمىسا ، بىخۇدلۇق قىلسا ،ئۇنداقتا ياتلارنىڭ قولىدا بولىدۇ .

▲ ئېتىقاد - غورۇر سېنى خان-شاھلاردىنمۇ سۆرلۈكرەك ،شىر-يولۋاستىنمۇ قارامراق قىلىۋېتە-لەيدۇ .

**- ئابلەت ياسىن**

---

ئاپتور : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆزلۈكسىز مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى 2002-يىللىق 1- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «ئەللەي ناخشىسى»نىڭ يوقىلىشى ، ئانىلىق نازاكىتىمىزنىڭ بەربات بولغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر .

▲ مىللىي ئەخلاقنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى - شۇمىللەت ئەرلىك كۈچ -قۇدرىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بىشارىتى .

▲ ئەرلىرى بىخۇد مىللەتنىڭ باسقۇنچىلىرى كۆپ بولىدۇ .

▲ قاتتىق يىقىلىپ ، ئاندىن قەدرىمگە يەتتىم .

**- بىلىقىز مۇھەممەت**

---

ئاپتور : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئادەم ئۆزىنى كېرەكسىز دەپ ئېيتالىغىنى بىلەن ،تومۇردا ئېقىۋاتقان ئىسسىق قاننى كېرەكسىز دېيەلمەيدۇ .

▲ پۇرسەت يوق : بۇ دەل ئاجىزلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئىقرارنامىسى .

**- ئابابەكرى ئابدۇراخمان**

---

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ كائىنات ئەزەلدىن سېخىي ، چۈنكى ئۇ ، ئۆزى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزگەنلەرگە ئەزەلدىن تۈگىمەس ئىنئاملىرىنى ھەدىيە قىلىپ كەلگەن .

**- نىياز توختى يانغىن**

---

ئاپتور : باي ناھىيە مىچىغ يېزا يامانسۇ كەنتىدە ، دېھقان

▲ تەمانىنا - داغدام يولدىكى ھاڭ .

▲ ئىنسانىيەتنى قىيامەتكە ئەڭ تېز يېقىنلاشتۇرۇدىغىنى - بىكارچىلىق ،كۆرەلمەسلىك ، پىتنە-پاسات .

▲ مىللەتنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ئوقۇغۇچىلار-نىڭ چۈشكۈنلىشىشىدىن باشلىنىدۇ .

▲ ھەقىقەت ئېگىلىۋەرگەچكە ، سۇنۇش

www.uyghurkitap.com

خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان .

▲ ئەمەلدارلار سورۇنى جەڭ مەيدانىدىنمۇ خەتەرلىكتۇر .

- مۇھەممەتجان توختى

ئاپتور : كەلپىن ناھىيە يۇرچى يېزا ساي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تەكلىپلىك ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ مۇھەببەت بىلەن دوستلۇقنىڭ يەنە بىر پەرقى شۇكى ، دوسلۇقتا كۈندەش بولمايدۇ . بىراق كۈندەشلىك مۇھەببەتنىڭ بەلگىسى ۋە كۈشەندىسىدۇر .

▲ جەمئىيەتنىڭ ئېزىشى ، باشقىلارنىڭ ئېزىشى ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس ، ئەڭ قورقۇنچلۇقى - ئادەم ئۆز-ئۆزىنى ئېزىشتۇر .

▲ ھازىر تېلېگراف ۋاستىلىرى ئومۇملىشىپ كەتتى . بىراق مېنىڭچە ، سالام خەت يەنىلا ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق . ئۇ دوستلۇق رىشتىسى ، ھېسسىيات كۆۋرۈكى ، قىشتىكى ئوت ، يازدىكى بۇلاق سۈيى .

▲ پۇرسەت - گويا بىر چاقماق ، غىپ قىلىپ ئۆتەر ، تەس ئۇنى تاپماق .

- مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن

ئاپتور : خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى

## سۆكۈناتتىن سادا

▲ نادان - قاتىلدىن بىر ھەسسە يۇقىرى قاتىلدۇر . چۈنكى ئۇ ئۆزىنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ .

▲ ئىنسان ئىككى نەرسىنىڭ قۇربانى ، بىرى ، ھېسسىيات ، يەنە بىرى ، مەنپەئەت .

▲ خۇشامەت كۈلكىسى كۆپەيگەنسېرى ،يۈزدىكى قورۇقمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ ، بۇنىڭغا ماس ھالدا «ھۆسن تۈزەش مەركەزلىرى»مۇ كۆپىيىۋاتىدۇ .

▲ بىر قانچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ھېس قىلغىنىم : ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگەتكەنلىرىمنى ھەقىقەت تونۇمايدىكەن .

▲ پارىخورلۇق - دۆلەت چەكلەيدىغان ، ئەمما ساقلىنالمايدىغان «تاتلىق ئىچىملىك» .

▲ ئادەملەرنىڭ يالغاچلىقتا قاراپ يۈزلىنىشى ، ھايۋانلارنىڭ زامانىۋى ئېغىل-قوتانلاردا پىنھان بېقىلىشى - ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ ئورنىنىڭ ئالمىشىپ قالغانلىقىمۇ - قانداق ؟ !

▲ خۇشامەتچىلىك - كىشىلەرنىڭ تەڭرى بەرگەن ھوقۇقى ، ئەقىل-پاراستىنى ئىشلەتمەي ، ئابروي-ھۆرمىتىنى ساقلىماي ئۆزىنى ئۆزى دەپسەندە قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى .

▲ نادانلىق ، ئادالەتسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن جايدا خۇشامەتچىلىك ئەۋج ئالىدۇ .

▲ ئاگاھ بولۇڭ ! خۇشامەتچىلىك - ھىيلە-مىكىرنىڭ خىزمەتكە چۈشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى .

▲ دىكتور - ئۆزى خالىغانچە سۆزلىيەلمەيدىغان «ئاڭلىق ماشىنا» .

▲ كاللىمىزنى پۇلنىڭ چىرماپ كەتكەنلىكى - مائارىپىمىزنىڭ قىيامىتىدىن دېرەك بېرىدىغان بەلگە .

- پولات مىكائىل سۆكۈنات

ئاپتور : غۇلجا ناھىيە ئۇيغۇر ئۇچئۇن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تامچا ۋە قامچا

▲ ئادەتتىن تاشقىرى باغرى يۇمشاق ئادەملەر ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئاچىقالمايدۇ .

▲ سەن بىراۋغا قانچە چوقۇنساڭ ، سېنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئوبرازىڭ شۇنچە كىچىكلەپ ،شۇنچە خۇنۇكلىشىدۇ .

▲ سەن : «مەن شەھەرلىك»دەپ ماختىنىپ مەيدەڭگە ئۇرما .چۈنكى سەن تەبىئەتنىڭ ھېچبىر مەئىشىتىنىڭ تۇنجىسىنى يېيەلمەيسەن .

▲ كىملەركى ئادەم كۆپ جايدا ، ھاراق سورۇنىدا مىللەت ،ۋىجدان گېپىنى كۆپ قىلىدىكەن ، سەن ئۇنىڭدىن ئاگاھ بول .

▲ سەن ئۆزۈڭنىڭ شوپۇرلۇقتىكى ئۇستىلىقىڭغا ،ماھارىتىڭگە ئۇنچە ئىشىنىپ كەتمە . ئالدى تەرىپىڭدىن بىر نائۇستا شوپۇر چىقىپ سېنى سوقۇۋېتىشى مۇمكىن .

▲ قاچانكى ئەرلەر ھەقىقىي ئەركەكلىككە قايتىدىكەن ، شۇچاغدا قىزلار ھەقىقىي قىزلىقىغا قايتىپ جاھان تۈزىلىدۇ ، پەسكەشلىك يوقىلىدۇ .

- ئا .ناسىر يۇنۇس (ياۋايى)

ئاپتور : يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزىسىنىڭ ئورۇنباسار باشلىقى ، ھازىر سانجى شەھىرىدە ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشتا

## قەلب چۇقانلىرى

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، غەلىبە قىلغۇچىلار مەغلۇب بولغۇچىلار ئۈستىدىن تارىخ يازىدۇ . چۈنكى غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ مەغلۇب بولغۇچىلار ئۈستىدىن قىلغان سۆزى ھەرقاچان ئورۇنلۇق بولىدۇ .

▲ بىر ئادەمگە چوقۇنۇش روھىي قۇللۇقتۇر .

▲ سەن سۆيگىنىڭنىڭ بوينۇڭغا گىرە سېلىپ تۇرۇپ بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ كەتمە . ئۇ ، شۇۋاقىتتا بەرگەن ۋەدىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن

چىقىشنى ئويلىمىغان .

▲ نەپسانىيەتچىلىك ، پارىخورلۇق ، چىرىكلىك ، ئادالەتسىزلىك ئەۋج ئالغان جەمئىيەتتە قانۇن مەۋجۇد ئەمەس ، چۈنكى ئۇ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلاشقا ئاجىزلىق قىلغان .

**- ئابدۇرېھىم ئابدۇللا**

ئاپتور : خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر غەلىيانلىرى

▲ بۇدۇنيادا ئىنسانلارلا بولىۇدىكەن ئېزىش-ئېزىلىش تۈگىمەيدۇ ،پەقەت ئېزىش-ئېزىلىش ئوبيېكتى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ .

▲ تويدىن بۇرۇن قىز-ئوغۇللار دەپ ئاتىلىشى قىزلارنىڭ ھۆكۈمران ئورنىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە ، تويدىن كېيىن ئەر-ئاياللار دەپ ئاتىلىشى ئەرلەرنىڭ ھۆكۈمران ئورنىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ .

▲ سېنى يۈزتۇرانە ماختىغانلار سېنى يوقاتقۇچىلار ،يۈزتۇرانە تەنقىد قىلغۇچىلار سېنى يۆلىگۈچىلەر ،سېنى ئارقاڭدا ماختىغۇچىلار سەندىن پەخىرلەنگۈچىلەر ، ئارقاڭدا تەنقىد قىلغانلار ساڭا ھەسەت قىلغۇچىلار .

▲ بۇدۇنيادا بەختنى چۈشەنمىگەن كىشىلەرلا : «مەن ئەڭ بەختلىك »دېيەلەيدۇ .

**- نۇرمۇھەممەت ئابدۇراخمان**

ئاپتور : پېيزىۋات ناھىيە ساغان يېزىسىدا ،دېھقان

## تۇرمۇشنىڭ ماڭا ئۆگەتكەنلىرى

▲ باشقىلارنىڭ ساڭا ئۆگەتكەنلىرىدىن تۇرمۇشنىڭ ساڭا ئۆگەتكەنلىرى چىن ۋە ھەقىقىي بولىدۇ .

▲ تۇرمۇشتا ئۆزۈڭنىڭ ئىشلىرىغا باشقىلارنىڭ ئۆلچىمى بىلەن باھا بەرمە ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئۆزۈڭنىڭ ئۆلچىمى بىلەن باھا بەرمە ،بولمىسا يالغۇز قالىسەن .

▲ بىز كۆپىنچە ھېكمەتنى كىتابتىن ئىزدەپ ئاۋارە . ئەمەلىيەتتە تۇرمۇش ۋە ئەتراپىمىزدىكى ھەممە شەيئىي ،ھەممە ۋەقەدە ھەرۋاقىت ھېكمەت چاقناپ تۇرغان بولىدۇ . پەقەت بۇنى كۆرەلەيدىغان كۆز ، ھېس قىلالايدىغان ئەقىل بولسا كۇپايە .

▲ ئۆز ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمنى تەڭرىمۇ قۇتقۇزۇۋالالمايدۇ .

▲ سەن مەنىۋى كامالەتنى قەلبىڭدىن ، ماددىي مەئىشەتنى تەبىئەتتىن ئىزدە ،ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى شۇ چاغدا ھېس قىلالايسەن .

▲ بىز ئېرىشەلمىگەن نەرسىگە ئەڭ قىزىقىمىز . شۇنىڭ بىلەن ئېرىشەلەيدىغان نەرسىمىزمۇ بىزگە نېسىپ بولماي كېلىۋاتىدۇ .

**- ئىبراھىم ئابدۇقادىر (قۇملۇق )**

ئاپتور : شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ قولىنى يانچۇقىغا ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئۇزاتقان كىشى ، ماھىيەتتە ئەڭ بېخىل كىشىدۇر .

▲ سۆزنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغانلىقتىن ،تىلشۇناسلىق پەيدا بولغان .

**- ھەيدەر ئەلى بەختەلى پىنھانىي**

ئاپتور : شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەنھا ھېسلار

▲ دەرەخ شېخىنىڭ سۇنغان ۋاقتىدىكى ئېچىنىشلىق ئاۋازىدىن ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىشنىڭ نەقەدەر ئازابلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم .

دەرەخ غولىنىڭ تۆككەن ياشلىرىغا قاراپ ، سۇكۇتلۇك ئازابنىڭ نەقەدەر قاتتىقلىقىنى ھېس قىلدىم .

يوپۇرماقلارنىڭ شامالدا ئەلەملىك شىۋىرلاشلىرىدىن قارشىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم .

▲ دۇنيادا ئاسماندەك ئەخلاقلىق يەنە بىر مەۋجۇداتنى ئۇچراتمىدىم . چۈنكى ئۇ ياز كۈنلىرى چىققان بوران چاڭ-توزانلارنى ئۇچۇرتۇپ دەل - دەرەخ ،گۈل-گىياھلارنىڭ يۈزلىرىنى مەينەت قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ بۇلۇت كۆزىدىن ياشلار تۆكۈش ئارقىلىق ئۇلارنى پاكىزلاپ تۇرىدۇ . قىش كۈنلىرى يوپۇرماقتىن ئىبارەت كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچلىنىۋالغان بۇ ۋاپاسىزلارنىڭ ھاياسىزلىقىنى ئاپئاق تونلىرى ئارقىلىق يۆگەپ تۇرىدۇ .

**- ئابدۇلېتىپ روزىنىياز**

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە ئاقساراي يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ كۈتۈش مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى سىنىسا ، ئازاب-ئوقۇبەت مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك كۈچلۈكلۈكىنى سىنايدۇ .

▲ ئارزۇ - رېئاللىققا باغلانغان شېرىن چۈش .

www.uyghurkitap.com

- جاھانباي ماشەك

ئاپتور : خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ جەمئىيەتكە ئىنچىكە نەزەر سال : ئادەملەر پۇل ئۈچۈن ،بالىلار ئويۇنچۇق ئۈچۈن ، ياش قىز-يىگىتلەر ئويۇن-تاماشا ئۈچۈن ، قىزلار گىرىم بۇيۇملىرى ۋە مودا كىيىملەر ئۈچۈن ، يىگىتلەر چىرايلىق قىزلار ئۈچۈن ، ئەرلەر كەيپ-ساپا ، ئەيش-ئىشرەت ئۈچۈن ، ئاياللار غەيۋەت-شىكايەت ۋە قاتار چاي ئۈچۈن ، ئوتتۇرا ياشلىقلار مەنسەپ-ھوقۇق ۋە مال-دۇنيا ئۈچۈن ،ياشانغانلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن تىنىمسىز تىپىرلايدۇ .مانا بۇ ، بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ھاياتلىق قانۇنىيىتى .

▲ جەمئىيەتتە ئۆزىدىن ۋە باشقىلاردىن زارلىنىدىغان ، ئۆتمۈشىنى ،بۈگۈنىنى ۋە ئەتىسىنى تەدبىرىدىن ئەمەس ، تەقدىرىدىن كۆرۈدىغان نائەھلىلەرنىڭ كۆپەيگىنىدىن سېمىز پاقىلانىڭ بىرى ئارتۇق كۆپەيگىنىنى ئەۋزەل كۆرۈمەن .

▲ رېستوران - تانسخانا ھەم قاۋاقخانىلاردىكى «ئۈچتە ھەمراھ »خېنىملار ئۆزىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئىپپەت-نومۇسىنى دەسمايە قىلىپ پۇل تاپقىنىدەك ، تېلېۋىزورمۇ ئاۋامنىڭ ساداسى ، جاھاننىڭ كۆزنىكى ، مەنىۋىيەتنىڭ بۇلىقى بولۇشتەك ئېسىل خۇسۇسىيىتىنى ئاستا-ئاستا يوقىتىپ ،بەزى چاغلاردا ئازغىنە پۇلنى دەپ ئادەم بىزار قىلىدىغان ساختا ئېلان ۋە ئۇچۇرلار ئۈچۈن توختىماي قاۋايدىغان نەسىللىك ئىتقا ئوخشاپ قالغىلى تۇردى .

- غېنى ئابلىمىت

ئاپتور : ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھەممە ئادەمنىڭ يېشى ئۆزىنىڭ يۈزىگە ساقىيدۇ .

▲ ئەپۇ قىلىش - ۋاقىتلىق سۈكۈت قىلىشتىن ئىبارەت .

▲ يۈزىنى ساتقان ھەممە نەرسىسىنى ساتار .

▲ ئويلاش - ئويلىنىش بىلەن ئۆتكەن ھايات ھەقىقىي ھاياتتۇر .

▲ يالغۇز قالدىم دەپ پەرىشان بولما ، يالغۇزلۇقتىن تەپەككۇر كېلىپ چىقىدۇ . تەپەككۇر دېمەك - ئەقىل دېمەكتۇر .

- ئابلىز ئابدۇباقى

ئاپتور : شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ دوستۇڭ سېنى تىللاپ تۇرۇپ ماختايدۇ ، دۈشمىنىڭ سېنى ماختاپ تۇرۇپ تىللايدۇ .

- قاسىمجان ھاشىم

ئاپتور :شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دورىگەرلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر بىخلىرى

▲ بوران تاغلاردىن قورقۇپ ۋارقىرىسا، سايلىقلارنى ھۆركىرەپ قورقىتىدۇ .چۈنكى ئۇ سايلىقلاردا ھېچنىمىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىمايدۇ .

▲ دانا كىشىلەر ھامان يۈز بېرىدىغان قىسمەتكە تەدبىر ئىزدىسە ، نادان كىشىلەر بۇنداق قىسمەتنى ئاچچىق كۆز يېشى ،قۇرۇق ھەسرەت-نادامەت بىلەن كۈتۈۋالىدۇ .

▲ قىزىق ئىش ، تىمساقتەك يىرتقۇچلار ھەممىنى يەپ تۇرۇقلۇق ئاۋۇپ كەتمەي ، دائىم نەسلى قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدىكەن ، ئەكسىچە بېلىقتەك ياۋاش جانلىقلار يىرتقۇچلارنىڭ چىشى ئاستىدىمۇ كۈنسايىن كۆپىيىپ ئاۋۇيدىكەن .

- مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى

ئاپتور : كىرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە

* * *

▲ نامراتلىق گۇناھ ئەمەس ، بىراق ھەممە گۇناھنىڭ باشلىنىشى .

- ئوبۇلقاسىم مۇھەممىدىي

ئاپتور : ئۈرۈمچى شەھىرى «ئۆلتاش »تىل تەربىيىلەش مەركىزىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئاياللار ئەگەر ئايال بولۇپ ئۆتسە ، دۇنيا گۈزەللىككە تولىدۇ . مۇبادا تاۋار بولۇپ ئۆتسە ، دۇنيا قاراڭغۇلۇقتا قالىدۇ .

▲ ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىش ئادەمنى شەيتاننىڭ ئۇسسۇلىغا سالىدۇ .

▲ دېھقان ئۇ تەبىئەتنىڭ ئەركىسى ،ناتوغرا سىياسەت ۋە كەتمەننىڭ قۇلىدۇر .

▲ سىياسەت قانۇندىن تۆۋەن ،ئەمما ئۇ يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئاغزى (تىلى )دا قانۇندىن مۇقەددەس .

▲ مەھەللىدە دېھقانلار :«بىزنىڭ شائىرىمىز بارمۇ ؟ »دېگەندە (نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ) ،مەن چوڭچىلىق بىلەن :«بار ، ئۇ بولسىمۇ روزى سايىت ئاكا »دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم . ئەمدى مەندىن بىزنىڭ ژۇرنال ياكى گېزىتىمىز بارمۇ ، دېگەندە يۈرەكلىك ھالدا :«بار ، ئۇ بولسىمۇ 〈 شىنجاڭ مەدەنىيىتى 〉 ژۇرنىلى »دېدىم .

▲ ئىپتىدائىي ئىنسانلار تاشلىۋەتكىنىگە مىليون يىللار بولغان يالىڭاچ يۈرۈش مەدەنىيىتىنىڭ ھازىرقى تەرەققىي قىلغان دەۋردە ئەتىۋارلىنىپ كەتكەنلىكى قىزىق ئىش بولدى .

▲ باشقىلارغا بەك سىلىق مۇئامىلىدە بولساڭ ،

كىشىلەر سېنى غۇرۇرى يوق، دەيدۇ. سوغۇق مۇئامىلىدە بولساڭ ھاكاۋۇر، دەيدۇ، كۆزۈڭ بىلگىنىڭ بويىچە قىل.

▲ باللار تىجارەت قىلىشقا كىرىشكەن مىللەتنىڭ پۇلى بولغىنى بىلەن ئۆلى يوقتۇر.

▲ ئەرلەر غىتمەكلەشسە، ئاياللار يېرىم يالىڭاچ ھالەتكە ئۆتىدۇ.

**ھاشىمجان رەھمەت**

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ مۇھەببەت — تەڭرىنىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن رەھمەت پەرىشتىسىدۇر.

▲ بىر قېتىملىق ئېھتىياتسىزلىق ۋە بىپەرۋالىق ئادەمنىڭ بىر ئۆمۈر بەختسىز بوپقېلىشىغا سەۋەبچى بوپقالىدۇ.

▲ قانۇندىن سىياسەت كۆپرەك ئىجرا بولۇدىغان مىللەت ئادالەتسىزلىك كۆپ بولۇدىغان مىللەتتۇر.

▲ سەن ئۆزۈڭنى شۇنداق ئەقىللىق چاغلامسەن؟ ئۇنداقتا ئۆزۈڭگە: مەن كىم؟ ئىنسان دېگەن نېمە؟ ھايات دېگەنچۇ؟ مەن بۇ دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ياشايمەن، دەپ سوئال قويۇپ باقتىڭمۇ؟

▲ ئىنسان قاچانكى ئۆز قەلبىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ.

▲ تەنھالىق — مەنىۋى كامالەت يۈكسەكلىكىگە ئىنتىلگەن ئىنسان ئۈچۈن ئازاب ۋە راھەتكە ئېرىشىش دېمەكتۇر.

▲ ئېتىقادسىز كىشى يىلىكسىز سۆڭەككە ئوخشاش ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ.

▲ تەڭرىنىڭ ئەقىلنى تۇپراقتىن ئاپىرىدە قىلىشىدىكى سەۋەب ئىنساننىڭ ئەسلى زاتىنى ئۇنتۇمىسۇن دېگىنى ئىدى. روھنى بولسا ئۆز روھىنىڭ نۇرىدىن ئاپىرىدە قىلىشىدىكى سەۋەب ئىنساننىڭ شۇئۇر ئارقىلىق قاراڭغۇلۇق ۋە يورۇقلۇقنى، رەزىللىك ۋە گۈزەللىكنى پەرق ئەتسۇن دېگىنى ئىدى. لېكىن نەپسىگە قۇل بولغان ئىنسان بۇلارنى پەرق قىلالىدىمۇ؟

▲ تەرەققىيات — يوقىتىش ھېسابىغا ئېرىشىش دېمەكتۇر.

**— ئابدۇلئەزىز زاھىد**

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كۆيا يېزا گۈلچى كەنتىدە، دېھقان

## تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى

▲ ھەددىدىن زىيادە ئويۇن-تاماشا ئەر نەسلىنى لاتا قىلىدۇ، ئايال زاتىنى ماتا.

▲ ئاياللار كىيىنىشىنىڭ چاكىنىلىشىشى، شۇقەۋۋم ئەركەكلىرىنى ھالەك قىلىدىغان ئاستا خاراكتېرلىك زەھەر.

▲ بۇلۇڭ-پۇچقاق نىجاسەتلەر ماكانى، دېيىلەتتى. ھازىر مۇھەببەتلەشكەنلەر بۇلۇڭ-پۇچقاقتىن چىقالمايۋاتىدۇ. بۇ، مۇھەببەتنىڭ نىجاسەتتىنمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ بىر بەلگىسى بولسا كېرەك.

▲ باشقىلارنى «ساراڭ» دەپ تىللىغانلار، بىرى ئامراقلىقىدىن، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ ساراڭلىقىنى ئاشكارىلىغانلىقىدىن.

**— ئەيساجان ئابدۇسالام**

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىسى

## غاپىل تۇيغۇلار

▲ ياش ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا مۇئەللىملەرنىڭ ئۆگەتكەنلىرىدىن كۆرە، ناخشىچىلارنىڭ «پەند-نەسىھەتلىرى» بەكرەك تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئويلاپ قالدىم: ئەگەر ھەممە دەرسلىكلەرنى نوتىغا ئېلىپ، ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ بەرسەك...؟

▲ ناخشىچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا قاراپ ئويلاپ قالدىم: بۈگۈنكى كۈندە، ئەگەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي شېئىرلىرىغا مەتلى ئەپەندى (تەۋفىق)نىڭ مۇزىكىلىرىدىن ئاھاڭ ئىشلەنسە، ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇيالايدىغان ئەركەكتىن قانچىسى چىقار؟...

▲ سەنئەتكە بولغان زىيادە قىزىقىش — قوللاشلىرىمىز يۈزبەرگۈسى پاجىئەلىرىمىزنىڭ تارىخى بوپقالىدۇ.

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ «ھەر كاللىدا ھەر خىيال» بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىدىيىنى تامامەن بىرلىككە كەلتۈرمەكنىڭ ئۆزى بىر «تۈگىمەس ناخشا»دۇر.

▲ ئەمەلدارلارنىڭ «ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆككەن»لىكىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئۆي تەقسىماتىدا بىنانىڭ يان-يېنىڭ تەرەپلىرىگە ياكى تۆۋەن ۋە ياكى يۇقىرى قەۋەتلىرىگە ئەمەس، بەلكى دېگۇدەك ئوتتۇرا قىسىملىرىغىلا جايلىشىۋالىدىغانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

▲ پەقەت باشقىلارنىڭ رازى-رىزالىقى ئۈچۈنلا ئىشلەش — ئەڭ زور قۇللۇقتۇر.

**— ئەزىز تۇردى**

ئاپتور: خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ كۆڭۈلنىڭ تىزگىنى كۆزدۇر .
- مەتقاسىم مەتياسىن

ئاپتور : كېرىيە ناھىيە شىۋۇل يېزا يېڭىئاۋات كەنتىدە ، دېھقان

## ھەق گەپ - نەق گەپ

▲ مارۋىكەش ئازسا ئاتنى ماردۇرىدۇ ، قەلەمكەش ئازسا خەلقنى ئازدۇرىدۇ .
▲ موقوق سارائىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالسا ، خەلق سارائىنى دورايدۇ .
▲ پىچاق كەسمىسە بىلەيگە سۈركىلىدۇ ،گەپ ئۆتمىسە ياۋاشقا .
▲ پاكلىق ۋە ھالاللىقتا بولغان ئۆلچەمنىڭ تۆۋەنلىشى ۋىجدان ۋە ئىماننىڭ سۇسلاشقانلىقىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى .
▲ جانباقتىغا ئايلانغان ئادەم مىتىڭە ئوخشىسا ، جانباقتىغا ئايلانغان مىللەت مىتە چۈشكەن ئاشلىققا ئوخشايدۇ .
▲ ھەممىدىن ئايرىلىپ باقمىغان كىشى ھەممىگە ئېرىشكەننى ئۇقمايدۇ .
▲ قاسساپنىڭ پىچىقى ئىتتىك بولغاچقا ، قولى قان پۇرايدۇ .
▲ ئۇرۇشقاق ئۇرۇشۇپ ئۆلەر ، تىللاشقاق بوغۇشۇپ .
▲ قۇرۇق ئوتۇن ئىتتىك كۆيىدۇ ، قۇرۇق گەپ تېز تارقىلىدۇ .
▲ بىرى ھەممىگە ئېرىشكەن ، بىرى ھەممىدىن ئايرىلغان ئادەم ئەڭ يۈرەكلىك ۋە جۈرئەتلىك بولىدۇ .
▲ ھۆل ئوتۇننىڭ ئىسى كۆپ ، گول خوتۇننىڭ ئېرى .
▲ ماراقكەش سېسىپ ئۆلەر ،قىمارۋاز ئېسىلىپ .
▲ ئاناڭنى كۇندۇزى ئويلا ، ئايالىڭنى كېچىسى .
▲ غورۇرنى يوقاتقانلارنىڭ كۆپىيىشى مىللىي غورۇر كرىزىسىنىڭ مۇقەددىمىسى .
▲ شاگىرتى كۆپ ئۇستىنىڭ ئېتى ئۇلۇغ .
▲ مال-دۇنيانىڭ مېھرىدىن كەچكۈچى مەرد بولسا ،جانانىڭ مېھرىدىن كەچكۈچى نامەردتۇر .
- ئەھەت ماموت

ئاپتور :كۇچا ناھىيە چىمەن بازار كالتە پەيلو كەنتىدە ،دېھقان

* * *

▲ قىزلار ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشكەنسېرى تېخىمۇ كۆپرەك ئېرىشكۇسى كېلىدۇ ،ئەڭ ئاخىرىدا بولسا ھەممىدىن قۇرۇق قالىدۇ .
▲ قىزلار مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەندە ياش تۆكىدۇ ، ئوغۇللار مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەندە مۇشت تۈگىدۇ .
- جاناگۈل قەييۇم

ئاپتور : يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدا ،دېھقان

## يىللار ۋە ئەندىشە

### ئىلگىرى

▲- يۇقىرىقى مەھەللىدىكىχχۋاپات بوپتۇ .
- «ئىننالىللاھى ۋە ئىننائىلەيھى راجىئۇن»[1] ناھايىتى تەقۋا ،رەھىمدىل ،ئاقكۆڭۈل ،ياخشىلىقى كۆپ ئادەم ئىدى ،نامىزىغا ئالدىرايلى !

### ھازىر

- مەھەللىمىزدىكى χχ تۈگەپ كېتىپتۇ .
- نامىزىغا قاتنىشىپ قويايلى .
- تاھارەت ئېلىۋالايلى جۇما !
- بېشىمىزغا بىرەر نەرسە كىيىۋالايلى .

### كەلگۈسىدە

- ئىدارىمىزدىكى χχ ئۆلۈپ كېتىپتۇ . نامىزىغا قاتنىشىپ قويىمىزمۇ ؟
- خەق ئالدىدا سەت بولمىسۇن ، قاتناشساق قاتنىشايلى . ھە راست ،نامىزىنى چۈشۈرۈدىغانغا ئادەم تاپالىپتىمۇ ؟ مەن بىرى بار دەپ ئاڭلىغان ،500كوي ئالارمىش .
- ھەقىچان تاپقاندۇ . بۇجىنازا نامىزىنى قانداق ئوقۇيمىز ؟
- ئاسان گەپ ،خەق نېمە قىلسا شۇنى قىلىپ ، جىم تۇرساڭلا بولدى .

### كەلگۈسىنىڭ كەلگۈسىدە

- قوشنىمىزχχنى ئۆلۈپ قاپتۇ دەيدۇ ، دەپنىسىگە قاتنىشامدۇق ؟
- ئەجەب مەن ئاڭلىماپتىمەنا ! كۆپىنچە بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ قالاتتۇق . يامان قىزىقچى گۇيتى بولمىسا . قوشنىكەنمىز ، قاتنىشىپ قويايلى . قانداق دەپنە قىلىدىكەن ؟
- بۇرۇنقى زامانلاردىكىدەك مەسچىتتىن بىرنى تېپىپ ناماز چۈشۈرگىدەك .
- ئۇ ناماز دېگەن نېمىنى قانداق ئوقۇيدىغاندىمىز ؟

[1] «بىز ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز ،بىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز » ( «قۇرئان كەرىم»دىن ،بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى )

www.uyghurkitap.com

— ئۇقمايدىكەنمەن . مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ئىزدەپ باقساق بولغىدەك .

— مەن ئىنتېرنېتقا مۇراجىئەت قىلاي .

— ئەخمەتجان ئابلىز

ئاپتور : ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى سۇلىنشائاتى سۇ - ئېلېكتر قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتى2000-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ سېنى سۆيۈدىغانلار قايەردە بولسا، شۇيەردە ياشا .

— مۇھەممەتئىمىن ئەمەت

ئاپتور : يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا ئېچىملىك سۇ پونكىتىدا ئىشلەيدۇ

## هاياتلىق ھېسلىرى

▲ تارىختىن مەلۇمكى، تارىختىن بۇيان ھەقىقەت ئاجىزلار تەرەپتە تۇرغان بولسىمۇ ،ھەمىشە كۈچلۈكلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بوپكەلگەن .

▲ بەزى ئەرلەر قىلمىشلىرىنى پەردازلاش ئۈچۈن ئاياللارنى «شەيتان»دەپ ئاتايدۇ . ئۇنداقتا، ئۇ ئەرلەر ئەگەشكۈچىمۇ ،بويسۇنغۇچىمۇ ياكى بويسۇندۇرغۇچىمۇ ؟

▲ نادان مىللەتنىڭ دەردىنى ئالىملىرى تارتىدۇ .

▲ ئالىملىرىغا ھىممەت قىلىشنى ئۆز مەسئۇلىيىتى دەپ قارىمايدىغان مىللەت - غاپىل مىللەتتۇر .

▲ دانالار بىلىپ يىغلايدۇ، نادانلار بىلمەي كۈلىدۇ .

▲ پۇلۇم توگەپ دوستلىرىمدىن ئايرىلدىم، شۇنداقتىمۇ ھەر ئىككىلىسىگە قايغۇرمىدىم، چۈنكى پۇلۇم توگىمىگەن بولسا «دوست»لىرىمنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى بىلمەس ئىكەنمەن .

▲ ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئۆز «كۆزى ئالدىدا»لا تۇرسىكەن ،دەيدۇ . ئۇلار ئاشۇ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنىڭ كۈچلۈك رىقابەت ۋە خىرىسقا تولغان بۈگۈنكى كۈندە ھاياتلىق ئۈچۈن يېڭى يول ئاچمىسا «كۆز ئالدىدا»مۇ ئۇزاق مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشەنسە ئىدى، كاشكى .

— مۇھەممەت تۇرسۇن

ئاپتور : ئۈرۈمچى «ئىزھار تېز تاماقخانىسى»دا شاگىرت

* * *

▲ نادانلارنىڭ غەزىپى قان چاچىدۇ، دانالارنىڭ غەزىپى يول ئاچىدۇ .

▲ بۇرۇنقى كىشىلەر ئۈنلۈك ۋارقىرىغاندىن قورقسا، ھازىرقى كىشىلەر ئۈنسىز پىچىرلىغاندىن قورقىدۇ .

▲ ئېرىشىش - پۇرسەتنى تۇتقاننىڭ ،يوقىتىش - پۇرسەتتىن قاچقاننىڭ .

▲ بۇدۇنيادىكى تالاي تار يوللار كەڭرى يوللارغا تۇتاشقان، تالاي كەڭرى يوللار تار يوللاردا ئاخىرلاشقان .

— مۇھەممەت مەھدى

ئاپتور : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ھەقىقىي تارىخ ساختا تارىخقا قارىغاندا ئاچچىق بولىدۇ . شۇڭا تارىختىن بۇيان تارىخنى ئەينەن خاتىرىلىگۈچىلەر مۇددەتتىن بۇرۇن قەتل قىلىنغان .

▲ باشقىلار بۆرە بولۇپ ياشىمىغان بولسا ،قوزا بولۇپ ياشاشنى ئىستىسەڭ بولاتتى ؟ !

▲ ماختىغۇچىلارنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ماختالغۇچىلارنى بويسۇندۇرۇش .

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ھەرقانداق پادىشاھنىڭ ئەمىر-پەرمان، قانۇن-نىزام ،قائىدە-تۈزۈملىرىگە ۋە سىياسەتلىرىگە ئەڭ ئاۋۋال مىللەت تامغىسى، ئاندىن سىنىپىي تامغا، ئەڭ ئاخىرىدا ئادالەت تامغىسى بېسىلغان .

▲ خەق تائاملىرىمىزنى ھۇزۇرلىنىپ يېيىشكىنى بىلەن ،ئازابلىرىمىزنى ھېچكىم تارتىشىپ بەرمەيدۇ .

▲ توۋا قىلىۋەرمە، گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە كۆنۈپ قالىسەن .

— ئەيساجان ئاچچىق

ئاپتور : كەلپىن ناھىيە ئاچال يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئورۇنباسار مۇدىرى

▲ شاللاق ئوغۇللار دەريادىكى بېلىققا ئوخشىسا ، شاللاق قىزلار ئۇلارنىڭ يەمچۈكىگە ئوخشايدۇ .

▲ يول يوق دېيىش خاتا . چۈنكى سەن مېڭىۋەرسەڭ ھامىنى يول چىقىدۇ، توختاپلا قالساڭ يولۇڭ توگەيدۇ .

— ئابدۇقەييۇمجان ھەمزى

ئاپتور : شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنا لايىھىلەش سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ بەزىلەر دەيدۇ : ئالەم تەرەققىي قىلدى دەپ . بەلكى تەرەققىي قىلغان ئالەم ئەمەس ،ئادەمدۇر . شۇڭا ئادەم ئارقىلىق ئالەم تەرەققىي قىلدى .

بەزىلەر دەيدۇ : قىزلارنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلدى دەپ . بەلكى شۇ قىزلارنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلغاندۇر .

— مەخلىك توختىتۆمۈر

ئاپتور : كېرىيە ناھىيە شۇۋۇل يېزىسىدا ،دېھقان

www.uyghurkitap.com

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئادەم هاياتىدا ئەڭ ئەقىللىق بوپقالىدىغان بىر كۈن بار ، ئۇ بولسىمۇ سەكرات ئالدى .

▲ دەردىنى ئاچچىق موخۇركىدىن چىقارغۇچىلاردىن موخۇركىمۇ بىر كۈنى دەردىنى چىقىرىدۇ .

▲ غايىۋى دۇنيادا ئۇزاق ياشاپ قالساڭ ، رېئال دۇنيادا ياشىيالمايسەن .

▲ دۇنيادىن زارلانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى تونۇپ يېتەلمىگەنلەر .

▲ «ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدىكەنسەن» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى مىننەت قىلغۇچىلاردۇر .

ـ ئەخمەت جۇمە

ئاپتور : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

## ھېكمەت ئۇچقۇنلىرى

▲ زامان ھەققىدە ئويلانسام غەمگە ،ئۆزۈم ھەققىدە ئويلانسام ئىرادىگە ، تەڭرى ھەققىدە ئويلانسام خىيالغا چۆمۈلىمەن .

▲ ئالدىڭدىكى قىزغا قىرىنداشلىق كۆزىدە ئەمەس ، شەھۋانىيلىق نەزىرىدە قاراۋاتىسەن . قىزلارنى «بوزۇلۇپ كەتتى» دېيىشكە نېمە ھەققىڭ ؟ !

▲ قىزچاق ، مېنى ھېچكىم باشقۇرالمايدۇ ،دەپ خالىغىنىڭنى قىلغۇچى بولما .ئويلاپ باق ، بىرمىنۇت ۋاقىتمۇ سېنى ئۆلۈم گىرداۋىغا ئاپىرىپ قويالايدۇ . . .

▲ ئەجدادىمىزدىن پەخىرلىنىپ غەپلەتتە ياشاپ ، ئەۋلادىمىزغا يىغلاپ تورۇپ ۋەسىيەت قالدۇرۇش ـ نادانلىقىمىزنىڭ ئاچچىق خۇلاسىسىدۇر .

▲ باشقىلارغا قانچىلىك چوقۇنىدىكەنسەن ، ئۆزۈڭدىن شۇنچىلىك ياتلىشىسەن .

▲ ئاياللارنىڭ قەيسەرلىكى ئەرلەرنى غەيرەتلەندۈرسە ، ئەرلەرنىڭ قەيسەرلىكى ئاياللارنى بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ .

▲ كىچىككىنە بىر ئۆۋىغا سانسىز چۈمۈلىنىڭ كىرىپ ـچىقىپ پېتىشىدىغانلىقىنى بىلەتتىم . بىر ياتاقتىكى سەككىز ساۋاقدىشىمنىڭ «قەشقەرلىك» ، «غۇلجىلىق» دەپ مۇشتلاشقىنىنى كۆرۈپ ، چۈمۈلىنىڭ نەسلىنىڭ قۇرۇماسلىقىدىكى سەۋەبنى ، خەلقىمىنىڭ تارىختا پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىشىدىكى سىرنى بىلىۋالغاندەك بولدۇم . . .

▲ مېنىڭ پىكرىمگە سەن ، سېنىڭ پىكرىڭگە مەن قېتىلالمايمىز ، تراگېدىيىلىرىمىز دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ .

▲ مۇستەھكەم ئېتىقادى بار ئادەم ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشى مۇمكىن . ئەكسىچە ، ئېتىقادسىز ـ سۆيۈق ئادەمدىن ھەرقانداق رەزىللىك ۋە ھەرقانداق پاسىقلىقلار كېلىدۇ .

▲ ئاتا بىلەن بالا ،ئاكا بىلەن سىڭىل ۋە دوست ـبۇرادەرلەر ئوتتۇرىسىدا هايا پەردىسىنىڭ يىرتىلغانلىقى ـ قىيامەت پىلتىسىنىڭ ئوت ئالغانلىقىدۇر .

▲ مەتبۇئاتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرالىغان بولسا ، خەلقىمىزنىڭ روھىيىتى مۇنچىلىك قاغجىراپ كەتمىگەن بولاتتى .

▲ يىقىلغاندا يەرنى ،تاياق يېگەندە خەقنى تىللايسەن ، ئۆزۈڭنىڭ بىخەستىلىكى ۋە ئاجىزلىقىنىچۇ ؟

ـ ئوسمانجان ئوبۇل

ئاپتور : شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئۇچۇر ـتېخنىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئاياللار پۇلنىڭ قۇلىغا ئايلانغاندا ، ئەرلەر ئايالنىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ .

▲ ساۋاقداشلىرىم ھەر قېتىم رېستوران ـ قاۋاقلاردا قەدەھ سوقۇشتۇرۇۋاتقاندا ، ئىچمۇاتقىنىنىڭ شاراب ئەمەس ،ئاتا ـئانىسىنىڭ قېنى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويامدىغاندۇ ؟

▲ ھەردائىم ساڭا ھەسەل چىقىرىپ بېرىدىغان ھەسەل ھەرىسىنىڭمۇ نەشتىرى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالما .

▲ سىنىپتا ئۆزىنىڭ بىلىمىنى ئەمەس ، بەدىنىنى نامايان قىلغان ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم ئەمەس ، شەھۋانىيلىق ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ .

ـ مەمتىمىن ساتتار

ئاپتور : شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ مەن «كىشىگە قىلسا ئۆزىگە ، قاشقا سانىسا كۆزىگە» دېگەن ئەقلىيە سۆزنى ئەمدى چۈشەندىم . بىر چاغلاردا بوۋىمىز بابۇر شاھ قىلىچ ـ نەيزە ئوينىتىپ ھىندىستاننى ئىستېلا قىلغان بولسا ، ئەمدىلىكتە ھىندىستان چېكىدىن ئاشقان ئىشقىي ـمۇھەببەت فىلىملىرى ۋە ناخشا ـمۇزىكىلىرى بىلەن قىز ـئاياللىرىمىزنىڭ روھىنى ئىستېلا قىلىۋاتىدۇ .

▲ ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەن ئېتىقاد ـ تەقدىرىڭگە چۈشكەن مىتە .

▲ ئاياللار مۇھەببەت ئۈچۈن ،ئەرلەر دوستلۇق ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن كېچەلەيدۇ .

ـ ئېلى روزى

ئاپتور: شىنجاڭ ماائارىپ ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## غەرەزسىز پىكىر

▲ بىر دوستۇم ماڭا: «ئەگەر قولۇمدىن كەلسە ‹شىنجاڭ مەدەنىيىتى› ژۇرنىلىدىكى ئېسىل پىكىرلەرنى چوڭايتىپ كۆپەيتىپ تام گېزىتى چىقارغان بولاتتىم. چۈنكى ئۇنىڭدىكى بىلىملەرنى پۈتكۈل خەلققە بىلدۈرگۈم بار» دەيدۇ.

▲ كوچىلىرىمىزدىكى تىلەمچىلەر ماددىي تىلەمچىلەر، بىز بولساق (خەلق) مەنىۋى (روھىي) تىلەمچىلەرمىز. بىراق نېمە تىلەشنى بىلمەيۋاتىمىز — ئەگەر سىز تىلەشنى خالىسىڭىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دەك ژۇرناللاردىن ئىلغار پىكىرلەرنى تىلەڭ.

— ئەزىز ئەخمەت

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ باشقىلار ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن سېنىڭ مەنپەئەتىڭنى قۇربانلىق قىلسا، ئاغرىنىشىڭ خاتا. چۈنكى باشقىلار ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا كۆرەش قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئۇنتۇۋالمىغانلىقىڭ ئۆزۈڭنىڭ خاتالىقىدۇر.

▲ ئۇتۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان كىشىلەر دائىم «ماڭا پۇرسەت بولمىدى» دەيدۇكى، ھەرگىزمۇ «مەن پۇرسەتنى قولدىن چىقىرىپ قويدۇم» دېمەيدۇ. مانا بۇ ئادەملەردىكى ھەقىقەتنى بۇرمىلاش خاھىشى.

▲ ئادەم كونا دەردلەرنى كۆپ ئويلىسا، يېڭى دەردلەرگە مۇپتىلا بولىدۇ.

— «سەرگەردان»

ئاپتور: ئوقۇغۇچى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ موھتاجلىق بىلەن روھىي ئازاب كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنى خاتا يولغا باشلايدىغان ئېزىتقۇ.

▲ بەزى ماتېرىياللاردا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەجدادلىرىمىزنى بۆرە دەپ تەسۋىرلەيدۇ. لېكىن مەن ئۇنىڭغا گۇمانلىنىپ كەلگەنىدىم. ھازىر چۈشەندىمكى، ئادەملەرنىڭ ئاچكۆز-ۋەھشىيلىكىدىن بۇ رىۋايەتكە ئىشەندىم. ئاچ قالغاندا ئىززىدىشىپ، قورسىقى تويسا چەتنىشىدىغان خۇسۇسىيەت بىزگە بۆرىدىن قالغانمىدىكىن؟

▲ ھەر نەرسىنىڭ ئۆز ئورنىدا تۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. مەسىلەن، زىبۇ-زىننەت كىشىلەرنىڭ باش ۋە بويۇنلىرىدا تۇرسا ھېچكىم ھەيران قالمايدۇ. ئەخلەت ۋە نىجاسەت ئەخلەتخانىدا تۇرسا ئەجەبلەنمەيدۇ. لېكىن ئىقتىدارسىز ئادەمنىڭ ئەمەل تاجى كىيىپ تۆردە ئولتۇرۇشى خۇددى زىبۇ-زىننەتنى ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلاپ، نىجاسەتنى ئۈستەلگە چىقىرىپ قويغاندەك ئىش ئەمەسمۇ؟ بۇ ھەقىقەتنىڭ يىمىرىلىشىمۇ؟!

— ھەبىبۇل ھازىم

ئاپتور: پىچان ناھىيە چىقتىم بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئاياللار بۇزۇلسا جەمئىيەت بۇزۇلىدۇ، ئاياللار تۈزەلسە جەمئىيەت تۈزۈلىدۇ.

▲ قايسىبىر ئايال شېرىن سۆزلۈك، خۇش يۈزلۈك بولۇشنى خالىمايدۇ؟ پەقەت غورۇرى دەپسەندە قىلىنغان، ئىززەت-قەدرى پايمال قىلىنغان ئايال شۇنداق بولاي دېمۇ بولالمايدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى بولمىغان ئائىلىدە ھەقىقەتنى تونۇغۇچى پەرزەنتلەر يېتىلمەيدۇ. ئەرلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى بولمىغان ئائىلىدە مەسئۇلىيەتچان پەرزەنتلەر يېتىلمەيدۇ.

▲ ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەرگە بەخت-سائادەت يارىتىپ بەرگۈچى مېھنەتكەش باغۋەن، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايدىغان بىرىنچى دەۋەتچى ياكى ئۇلارنىڭ بەختىنى، خاتىرجەملىكىنى خاراب قىلغۇچى زالىم، ئۇلارنى دۇنيا — شۆھرەتكە چاقىرىدىغان ئازدۇرغۇچى.

▲ ئىلگىرى ئالىملىرىمىز ئۆلگەندىن كېيىن مەدھىيىلىنەتتى. ھازىر ئالىم بولماي تۇرۇپ مەدھىيىلىنىدىغان بوپكەتتى.

▲ «ئانام، ئانام» دەپ ئۆز ئانىسىنىلا مەدھىيىلەپ، قەدىرلەپ كېلىۋاتقانلار ئۆز ئايالىڭىزمۇ قاراپ قوي: ئۇمۇ بىر ئانا، ئۆز قىزىڭىزمۇ قاراپ قوي، ئۇمۇ كەلگۈسىدە بىر ئانا.

— شەھىدە

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرىدە

▲ قول بولمىساڭ ئۆز «چىرايىڭ» نى قىلىچ بىسىدا كۆرۈپ باق.

▲ رەقىبىڭنىڭ كۆپلىكى سېنىڭ كىبىرەكسىز ئادەم ئەمەسلىكىڭنىڭ دەلىلى.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

- نۇر ئەلىجان مۇھەممەت

ئاپتور :قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ مۇۋاپىق ئارام ئالماي ئىشلىگۈچى بىر بولسا قىيىنچىلىقى ئېغىر كىشىدۇر ،بىر بولسا ھاياتىنى بورۇنراق ئاخىرلاشتۇرغۇچىدۇر .

▲ تەۋەككۇلچى بايلىقتا ئېرىشسە ، قورقۇنچاق ئۆلۈمگە ئېرىشىدۇ .

▲ باشقىلارغا سەت كۆرۈنگۈچى ئۆزىنى ماختايدۇ ، سارالڭ كۆرۈنگۈچى كىچىك ئىشلارغا قايىنايدۇ .

- ئىمىننىياز ھەسەن

ئاپتور :ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزا ئوستۇنكى كۆلاس باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسلاتلىرى

▲ نىكاھلىنىشتا كۆڭۈل كۆزگە ،كۆز كۆڭۈلگە يول بەرمىگەن بولسا ،توي قىلىپلا ئاجرىشىش ياكى ئولمىسا بويتاقلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولاتتى .

▲ «يامغۇر يېغىشتىن ئىلگىرى گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيدۇ ،چاقماق چاقىدۇ » دېگەن پەلسەپىگە ئىشىنىپ قالغانلار چاقماق چاقماي ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىمەي ياغقان يامغۇردا تەمتىرەپ قالىدۇ .

▲ بوراننىڭ شامالغا قارىغاندا گۈركىرەپ چىقالىشى ئۆز كارامىتىنىڭ قالتىسلىقى بولماستىن ، بەلكى شامالنىڭ بىرلىشىشىدىن بولىدۇ .

▲ چالغۇ ئەسۋابلىرى مۇڭلۇق ئاۋازلىرى بىلەن ئاڭلىغۇچى كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چەكسە ، چالغۇچى يۈرىكىنىڭ جاراھەتلىرىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ .

▲ ھالقىلىق پەيتتە قارشى تەرەپنىڭ سۆكۈتتە تۇرۇۋېلىشى سىزنى خېلى قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ . شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ئاچچىقلىنىپ باقسىز ، مۇلايىملىشسىز . بۇ چاغدا قارشى تەرەپ ئاجىزلىقىڭىزنى تېزلا بىلىۋالىدۇ .

- ئابدۇغېنى ئابدۇراخمان

ئاپتور : يېڭىشەھەر ناھىيەيېڭىشەھەر يېزا قۇملۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## مېنىڭ تەپەككۇرۇم

▲ بىر ئادەمنىڭ كۆزى كۆرمىسە ئۇنى يېتىلەيدىغان ئادەم چىقىدۇ . ئەقىل كۆزى كۆرمىسە ئۇنى ئورىغا ئىتتىرىدىغانلار كۆپ بولىدۇ. چۈنكى بۇ ، رىقابەت دەۋرى .

▲ قەھرىمانى يوق مىللەتنىڭ بۈگۈنى قاراڭغۇ ، دانىشمەنى يوق مىللەتنىڭ كەلگۈسى قاراڭغۇ .

▲ قەھرىمانغا دانىشمەن ھەمراھ بولمىسا ،ئۇ بۈگۈن قەھرىمان ،ئەتە قۇل . دانىشمەنگە قەھرىمان ھەمراھ بولمىسا ، ئۇ بۈگۈن مەدداھ ، ئەتە سارالڭ .

▲ قەھرىمانلىق بىلەن دانىشمەنلىك بىر ئادەمگە مۇجەسسەملەشسە ، ئۇ داھىيغا ئايلىنىدۇ .

▲ ئىنسان « ئىنسانىي كامىل »لىققا يەتكەندە ئۆزىگە سەجدە قىلىدۇ ، ناچارلاشقاندا پۇلغا سەجدە قىلىدۇ .

▲ دىپلوماتلار ئۇچراشقاندا ئاشكارا كۆزدە كۈلۈمسىرەيدۇ ، يوشۇرۇن كۆزدە غەزەپ بىلەن ئالىيىدۇ .

▲ «ئەي ئاتا ، ئەي ئانا كەچۈر بىزنى ، ئىنسان بالىسى خام سۈت ئەمگەن»دېگىنىمىز ئەمەلىيەتتە ئاتا-ئانىمىزنى ھاقارەت قىلغىنىمىز .

▲ كىشىلەر شەھەرلەشتۈرۈلگەندە يېزىلاردىن يىراقلىشىپلا قالماي ئىنسانىيلىقتىنمۇ يىراقلىشىدۇ .

▲ ھىيلىگەر ھۆكۈمران قول ئاستىدىكىلەرنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىپ قويىدۇ .

▲ ژۇرنالنىڭ سۈپىتى مۇقاۋىسىغا بېسىلغان چىرايلىق قىزلارنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز .

▲ مەسچىتلەرنىڭ يەنە بىر خاسىيىتى شۇكى ، باي بىلەن كەمبەغەل ، ئەمەلدار بىلەن دېھقان . . . يانمۇ يان ئولتۇرالايدۇ . «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ يەنە بىر ئەۋزەللىكى شۇكى ، باي بىلەن كەمبەغەل ،ئەمەلدار بىلەن دېھقان . . .يانمۇ يان ئولتۇرالمىسىمۇ پاراڭلىشالايدۇ ۋە سىرداشالايدۇ .

- قاۋۇلجان مۇھەممەت (يۇزىسىز)

ئاپتور : قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى سۇ باشقارمىسىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ مەڭگۈلۈك غالىبىيەتچى بار دېيىلسە ، ئۇ دەل ۋاقىتتۇر .

▲ ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر بولسىمۇ ، ئەمما ھەممە كىشىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈمنى باراۋەر دېيەلمەيمىز .

▲ ئوقۇتقۇچى تۇنجى قېتىم مەكتەپكە كەلگەن سەبىيلەرگە : ئاراڭلاردا كىم ئەڭ كەپسىز ؟ دېگەندە ، كىچىكرەكى غىيۋەتچىلەرنى ، چوڭراقى خائىن تەربىيىلەشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ .

▲ كىشىلەر ھەمىشە مەنىۋى نامراتلىق يامان ،

دېيىشىدۇ . ئۇنداقتا ماددىي نامراتلىقچۇ ؟ ماددىي نامراتلىق ــ ئوقۇيالماسلىق ، داۋالىنالماسلىق ، تاماق يېيەلمەسلىك . . . ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ مەنىۋى نامرات بولۇش پۇرسىتىدىنمۇ مەھرۇم قىلىدۇ .

▲ ئاقىللارنىڭ سۆكۈتتە تۇرۇشى ھەرگىز ئۇنىڭ مات بولغانلىقىدىن بولماستىن ، بەلكى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇدىغان سورۇننىڭ ھازىرلانمىغانلىقىدىندۇر .

▲ سەن ھەربىر ئاجىزلىقىڭنى سۆزلىگىنىڭدە دۈشمىنىڭ بىر قېتىم كۈچىيىدۇ .

▲ مۇھەررىرنىڭ ئاپتورنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە ئەمەس ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغانلىقى ئالدىدىكى نازىنىننىڭ ھۆسنىگە ئەمەس ، قەلبىگە قارىغانلىقىغا ئوخشايدۇ .

▲ مۇھەررىرلىكنى ھوقۇق دەپ چۈشەنگەنلەر ــ غالچىلاردۇر ؛ ئۇنى مەجبۇرىيەت دەپ چۈشەنگەنلەر ــ ئىمانى ئويغاق ئەركەكلەردۇر .

▲ توشقاننىڭ يۈگۈرگەكلىكى ئۇنىڭ چاققانلىقىدىن ئەمەس ، بەلكى قورقۇنچاقلىقىدىندۇر .

▲ بۈگۈن بىر خائىننى كەچۈرۈم قىلغىنىڭ ئەتىكى مىڭ خائىننى تەربىيىلىگەن بىلەن باراۋەر .

▲ «دېھقانلىرىمىز باي بولدى ، مىنىشى موتسىكلىت ــ تاي بولدى »دېگەن گەپنى ئاڭلىسام ، بۇرۇنقى زاماندىكى خۇشامەتچى ئوردا شائىرلىرىنى ئەسلەپ قالىمەن .

ــ ئەخەتجان كېرىم

---

ئاپتور : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەسكەيدىكى ئەركەك تىنقلار

▲ شەكىلۋازلىق بازار تاپقان يەردە ساپ نەرسە خەتەرلىك مەھسۇلاتقا ئايلىنىدۇ .

▲ ئۆزىنى كۆتمىگەن ئادەم بىر بولسا كەمبەغەل ، يەنە بىر بولسا ئۆتۈپ كەتكەن بېخىلدۇر .

▲ ئاياللار قانچە يالىڭاچلانسا ، ئەرلەر ئاچكۆزلۈكتىن مەھرۇم قالىدۇ . ئەرلەر يالىڭاچلانغانسېرى ئاياللار شۇنچە ئاچكۆزلىشىدۇ .

▲ دۇنيادا ئۆلمەيدىغان بىرلا ئادىرىس بار ،ئۇ بولسىمۇ ، شەرق ،مەن كىم ؟ . . .

▲ سىياسەت ئەسەبىيلەشكەنسېرى قانۇننىڭ كۈچى قالمايدۇ .

ــ جۇرئىتى

---

ئاپتور : كەلپىن ناھىيە يۇرچى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر شوللىرى

▲ بىلسەك ، باشقىلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۇچۇن ئەمەس ، ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەش ئۇچۇن ئۇلارغا غەزەپ قىلىمىز .

▲ يورۇقلۇقتا يۇزلەن ياكى پۈتۈنلەي تۇسۇۋال ، شۇندىلا ھەقىقەتكە ئېرىشەلەيسەن . غۇۋا نۇر ئاستىدا كۆرگىنىڭ ھەقىقەتنىڭ سايىسىدۇر .

▲ ئىجادىيەت ــ ئىنساننىڭ ئۆز روھىنى يارىتىش ،ئۆزىنى ئىزدەپ تېپىش جەريانىدۇر .

▲ قايتا ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىلەر مۇقەددەس نەرسىگە ئايلىنىدۇ .

▲ «جاپانىڭ تېگى راھەت»بولسا ، دېھقانلىرىمىز يىل بويى جاپالىق ئىشلەپ ، يەنىشۇ قەھرىتان سوغۇقتا تولۇق چاپىنى بولاتتى .

▲ قۇشنىڭ ھاياتى قانات قېقىشتىن باشلانسا ، ئادەمنىڭ ھاياتى سوئال قويۇشتىن باشلىنىدۇ .

▲ ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئەڭ كۆپ يەيدىغىنى ــ ئۈمىد قاچىسىغا ئەكېلىنگەن غەم غىزاسىدۇر .

ــ ئابدۇخالىق مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور : توقسۇ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## چاچما خىياللار

▲ بالاڭ قارام ۋە تەۋەككۇلچى بولسا ، ئۇنىڭغا چەك قويما . چۈنكى ياۋاش ئادەملەردىن قەھرىمان چىقمايدۇ .

▲ ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەركەك بولالمايدۇ ، پەقەت مىللىتى ئالدىدا ئەرلىك ۋىجدانىغا يۈز كېلەلىگەنلەرلا ھەقىقىي ئەركەكتۇر .

▲ ئەمەلدارلارنىڭ پاكلىقى بىلەن دىيانىتى ئۇلارنىڭ ئېپىپتىدۇر . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، پارىخور ئەمەلدارنىڭ پاھىشىدىن پەرقى يوق .

▲ ھازىرقى جەمئىيەتتە خىزمەت بىلەنلا ھەپىلەشكىنى نەمۇنىچى ، ئادەم بىلەن ھەپىلەشكىنى ئەمەلدار بولىدۇ .

▲ ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىنى ئارزۇ قىلىش ھاماقەتنىڭ ئىشىدۇر .

▲ ئۆزى ئىشرەت كوچىسىدا يۈرگەن ئەرلەر ھەممىشە ئۆز ئايالىنىڭ پەزىلىتىدىن گۇمانلىنىپ يۈرىدۇ .

▲ ساڭا خىرىس قىلغان ئىتنىڭ بەزىدە تۇمشۇقىغا ئۇرساڭ ، بەزىدە ئالدىغا سۆڭەك تاشلاپمۇ بەر ، بىھۇدە چىشلىنىشتىن ساقلىنىسەن .

ــ ئادىل ئابدۇرېھىم

---

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ

ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن سۆز

▲ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلى بارغانسېرى ئۆسۈشكە ئەگىشىپ، كىشىلەر «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا: «پۇلۇڭ بولسا ئالەم سېنىڭكى» دەيدىغان بولدى.

▲ ئىستراخوانىيە شىركىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ ئادەملەرنىڭ ھاياتى قەدىرسىز، ئۆلۈمى پۇل بوپقالدى.

▲ ھەقىقىي ئادەم بولاي دېسەڭ ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يېگانە ئارال» رومانىنى، ئۆز-ئۆزۈڭنى تونۇي دېسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇ.

- نۇرنىسا ئەخمەت

ئاپتور: شىخو شەھرىدە

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ مەن ئويلىنىپ قالدىم، بىز يىللارنىڭ مېھمىنىمۇ ياكى يىللار بىزنىڭ مېھمىنىمىزمۇ؟!

▲ سادداملىڭ ھەيكىلىنىڭ ئۆرۈلۈشى پەقەت قەلب قەسرىگە تىكلەنگەن ھەيكەلنىڭ مەڭگۈ يىقىلمايدىغانلىقىنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتى.

▲ ئالقاننىڭ ئالدىغا يۇمۇلۇشى ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئاشكارا ئىپادىسى.

▲ مەن بىزنىڭ ئۆرۈشقاق، چېچىلاڭغۇلۇقىمىزغا قاراپ: بوۋىلىرىمىزنىڭ مىللەت نامىنى نېمە ئۈچۈن «ئۇيغۇر» قويغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

▲ ئېغىزدا «دىخان»، يازغاندا «دېھقان»، مانا بۇ پەرق بولماي نېمە؟!

▲ ئۆلۈپ كەتكەندە «ئانا» دېگۈچە ھايات ۋاقتىدا «مانا» دەپتۇر.

▲ بۇرۇن قاپلان ئىدۇق، خىمىيىنىڭ ياردىمىدە قوشقاچقا ئايلانغىلى تۇردۇق.

▲ مەكتەپلەردە مۇشتۇمزور نوچىلارنى سىنىپ باشلىقى قىلىپ قويۇش - ئوقۇغۇچىلارنى زوراۋانلىققا باشلاشنىڭ تۇنجى قەدىمى.

▲ يۇرتىمىزغا ھازىر مۇرتلىرى ئەڭ كۆپ بولغان دىندىن بىرى تارقىلىۋاتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ «پۇل - جان» دىنى.

▲ ئۆز ۋىجدانى ئۈستىدە گەپ ساتىدىغانلار، ۋىجدانىنى سېتىش ئۈچۈن بازار ئىزدەۋاتقانلاردۇر.

▲ ۋاقىت بىلەن سائەت ستربلكىسى - بىز تۇغۇلغاندىن باشلاپ «لەھەت» قېزىشقا كىرىشىپ كەتكەن گۆركار ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى كەتمەنگە ئوخشايدۇ.

▲ بۇرۇن يۇرتىمىز شىنجاڭ «مېۋە-چېۋە ماكانى» دەپ ئاتىلاتتى، ھازىر «ھاراق-شاراب ماكانى» بوپقالغىلى تۇردى.

- ئىبراھىم ھاجى (زىيا)

ئاپتور: شىخو شەھەر 2-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى (M1)

بەزى ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئادرېسىنى كونۇۋېرتقا يېزىپ ئەسەرگە يازمايدىغان مەسئۇلىيەتسىزلىككە ئادەتلىنىۋالدى. شۇڭا ئالاھىدە تەكىتلەيمىزكى: ئاپتورلار كونۇۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم-فامىلىسى، ئادرېسىنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفون نومۇرلىرىنى ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

- «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com



# نامراتلىق ۋە تەپەككۇر

ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى

«سۇنزىنىڭ ھەربىي تەدبىرلىرى» دېگەن كىتابىدا: «ئۆزگىنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ بىلسەڭ، ھەرقانداق جەڭدە يېڭىلمەيسەن» دېگەن ھېكمەت بار. بۇنى قەدىمكى زاماننىڭ نەرسىسى دەپ قارىماي، رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزغا تەدبىقلاپ كۆرسەك، چوقۇم مەنپەئەت ئالالايمىز.

نامراتلىق ـ مەۋجۇد مەسىلە. نامراتلىق قەدىمدىمۇ بولغانىكەن. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ شەخس، ئائىلە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوخشاشلا بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان بىر ئەمەلىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. ئېلىمىزدە «ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىمۇ مەلۇم مەنىدىن بىز تارىختىن بۇيان كۆرەش قىلىپ، ئەلتۈكۈس يوقىتىشقا ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان نامراتلىقنىڭ چوڭقۇر يىلتىزىغا، يەنە كېلىپ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خوش، نامراتلىق كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە ئىكەن، ئۇنىڭدىن زادىلا قۇتۇلغىلى بولمامدۇ؟ مېنىڭچە، نامراتلىقتىن ئىبارەت بۇ قىبرى شەيئىي بىزنىڭ ئۇنى ۋە ئۆزىمىزنى چۈشەنمىگەنلىكىمىزدىنلا، يەنە كېلىپ، نىسبەتەن ئەتراپلىق چۈشەنمىگەنلىكىمىزدىنلا بىزنى بوزەك قىلىپ كەلگەنلىكى ئېنىق.

«ئىپادىلەش پەلسەپىسىنىڭ تەدبىرلىرى»چە نامراتلىق مەڭگۈ يوت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ئۇ يوقىلىش جەھەتتە تەپەككۇر بىلەن ھەرىكەتنى شەرت قىلىدۇ. نامراتلىق ۋە تەپەككۇر ھەققىدىكى تونۇشىمىز ئايدىڭلاشسا، ئۇنىڭدىن تېز سۈرئەتتە قۇتۇلۇپ كەتكىلى، باي، دۆلەتمەن، پەزىلەتلىك ھەمدە ئەل-يۇرت ئىچىدە يۈز-ئابرويلۇق ئادەمگە ئايلانغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىللار ئىلگىرى تۇرپاننىڭ ئاستانە يېزىسىدىكى ئابدۇللا رەجەپ ئىسىملىك دېھقان يىگىت نامراتلىقنىڭ ئازابىنى تارتىپ كېلىۋاتقان يىگىرمە نەچچە ياشلار چامىسىدىكى ئەر ئىدى. ئۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن باشلانغان، ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنتلەردە جانلىنىپ كەتكەن قىش پەسلىدىكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆتكۈزۈلگەن «قىشلىق پەن-تېخنىكا پائالىيىتى»گە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىدۇ. نەتىجىدە ئۇ تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ لېكسىيىلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، ئۆزىنى قىيناپ كېلىۋاتقان نامراتلىق دېگەن قورقۇنچلۇق دۈشمەننى يېڭىشقا بەل باغلايدۇ. ئۇ سورتلارنى يېڭىلاش، زامانىۋى قوتان سېلىش، پارنىك ياساش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ داڭلىق ئۈزۈمى، ئىراننىڭ سورتلۇق ئانارلىرىنى ئاستانە تۇپرىقىدا مېۋە بەرگۈزىدۇ. بىرلا قوتاندىن پايدىلىنىپ قوي-ئۆچكە، توخۇ-توشقان، كەپتەر بېقىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. دىققىتىمىزنى ئالاھىدە

ئەقىدىزنىڭ ئەمىزىڭگە ئاغلىق

www.uyghurkitap.com

تارتقىنى، ئۇنىڭ باقمىچىلىق جەھەتتىكى خاسلىقى بولۇپ، قوتاننىڭ ئىچىگە تۆت تام بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر مېتىرچە قالدۇرۇلۇپ كاتەك ياسالغان بولۇپ، قوي-ئۆچكىلەر كاتەكتە بوردىلىدۇ، كاتەكنىڭ تۆت ئەتراپى توخۇ-توشقانلارنىڭ ماكانى بولۇپ، چېچىلغان يەم - خەشەكنى ئۇلار بىر تەرەپ قىلىدۇ. قوتاننىڭ ئۈچ مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى تېمىغا ئايلاندۇرۇپ ياسالغان كەپتەر ئۇۋىلىرىدا بۇقۇلداۋاتقان يۈزلىگەن كەپتەرمۇ ئەڭ ئاخىرقى يەرگە چېچىلغان داننى بىر تەرەپ قىلىدۇ. دېمەك، ئابدۇللا رەجەپ ئۆزىنىڭ تەپەككۇرى، تەدبىرىگە تايىنىپ، ئۇن نەچچە يىل نامراتلىق بىلەن گىرەلەشمە جەڭ قىلىش ئارقىلىق زور غەلىبە - شان-شەرەپكە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ دەرۋازىسىغا تۇرپان ۋىلايىتى پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان «پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىغان ئائىلە» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلىدۇ.

ئەجەبلىنەرلىكى، مەن تېخى بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدىلا ئېرى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپنىڭ دوتسېنتى، ئۆزى مەلۇم بىر نازارەتتىكى پەن-تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى تۇرۇپمۇ، نامراتلىقتىن زارلىنىۋاتقان بىر ئائىلىنى ئۇچراتتىم. ھۆددە قىلالايمەنكى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئوتتۇرا ھال تۇرمۇش شارائىتىدىنمۇ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيىسىدە ياشاۋاتقان بۇ ئائىلىنى ھەقىقەتەن نامرات ئائىلە - شەھەر كەمبەغىلى، دەپ قاراشقا بولاتتى. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئوقۇش تارىخى، كەسپىي ئۇنۋانى، ئەمەلىي قابىلىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۆت ئادەم ياشاۋاتقان ئەللىك نەچچە كۋادرات مېتىرلىق ئۆي، كونا ئائىلە سايمانلىرى بازىرىدىمۇ پات-پات چېلىقىپ تۇرۇدىغان ئادەتتىكى ھەمدە مودىدىن قالغان 1980-يىللاردىكى ئۆي جاھازلىرى ۋە باشقىلار ھېچنېمە ئەمەس! تېخى ئۇلارنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق خىزمەت تارىخى بولغىنى بىلەن بانكىدا ئىككى-ئۈچ تۈمەن پۇلىمۇ يوق ئىكەن! ئەلۋەتتە، يېزىدىكى نامراتلار بىلەن شەھەردىكى نامراتلار، شەھەردىكى نامراتلار بىلەن شەھەر زىيالىيلىرى ئىچىدىكى نامراتلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئوخشىمايدۇ! بۇ ئايال ئۆز سۆزىدە ئۆزى بىلەن تەڭ ئوقۇش، خىزمەت تارىخىغا ئىگە باشقا خىزمەتداشلىرىنىڭ 120كۋادرات مېتىرلىق ئۆيى، بانكىدا پۇلى ھەتتا بەزىلىرىنىڭ پىكاپى بارلىقىنى ئېيتىپ، مېنىڭ ئالدىمغا: بۇلار نېمە ئۈچۈن تېز بېيىدۇ، بىز نېمە ئۈچۈن بېيىپ كېتەلمەيمىز؟ دېگەن سوئالنى قويدى. كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بۇ ئايالنىڭ گېپى يۈزدە يۈز راست. ئەمدى ئەتراپىدىكى خىزمەتداشلىرى بىلەن بولغان تۇرمۇش سەۋىيىسىدىكى «پەرق»قە كەلسەك، بۇ بىر جۈپ ئەر-ئايالدىن باشقا ھېچكىم ئۇلارنىڭ نامراتلىقىنىڭ سەۋەبكارى بولالمايدۇ. ئۇلار مەن ئائىلىلەرگىچە بېرىپ ئۆتۈپ بېرىدىغان «تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىلمى» دېگەن دەرسىمنى ئىككى سائەت ئاڭلاپ، مەن سورىغان سوئاللارغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن نامرات ياشاۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى تېپىۋالدى. بىز ئۈچەيلەن ئورتاقلاشقان ئۈچ سەۋەب مۇنۇلار: 1. بۇ ئەر-ئايال ئىدارە-ئورگاندا يىگىرمە نەچچە يىل «ئىجراچى»لا بوپقالماي ئائىلە تۇرمۇشىدىمۇ «ئىجراچى» بولۇپلا كەلگەن. شۇڭا ئەقىل تىپىدىكى، ئىجادىيەت تىپىدىكى خىزمەت ۋە ئائىلە تۇرمۇش مۇھىتىنى بەرپا قىلالمىغان. 2. مۇقىم خىزمەتنى ئەڭگۈشتەر بىلىپ، يىگىرمە نەچچە يىل مابەينىدە ئىدارىگە زېھنىي كۈچىنى سېتىش بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزگەن، ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان جەمئىيەتتىن ئىبارەت چوڭ مۇھىتتا ئايدا ئېرىشكەن ئىش ھەققىنى «خەج - خىراجەت قىلىش»تىن باشقا ئىقتىسادىي پائالىيەت ئېلىپ بارمىغان، سودا ۋە سودىگەرلەرنى ئىنچىكە كۆزگە ئىلماي، «زىيالىيلارغا خاس كېبىر»نى ساقلاپ كەلگەن. 3. ئۇلار يىگىرمە نەچچە يىل مابەينىدە نامراتلىق ھەققىدە، بايلىق ھەققىدە تۈزۈككەك ئويلانمىغان. پەقەت ئىدارىدىكى خىزمەتداشلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى پەرق چوڭىيىغان چاغدىلا، ئۆزلىرىنى بىچارە - نامرات ھېس قىلىشقان. خەيرىيەت، ئۇلار بالىلىرى ئېڭەككە تاقاشقاندا بولسىمۇ «نامراتلىق»نى تونۇپ يېتىپتۇ.

ئەمدى ئارىمىزدا «نامراتلىق»نى 50 - 60ياشلارغىچە تونۇپ يېتەلمەي، ئىش ھەققىدىن ئىبارەت «قۇتقۇزۇش پۇلى»غا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلار ھەددى-ھېسابسىز ئىكەنلىكىگە مەن، سەن ھەمدە ئۇلار ئۆزلىرىمۇ كۆز يۇمالمايدۇ. ئابدۇللا رەجەپ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كەتكەن ئىدىيىسى ئازاد بولغان دېھقانلىرىمىزدىن بىر بۆلۈك ئوبدانلا بېيىدى. خۇددى «گۆشنىڭ تاتلىقلىقىنى سۆڭەك غاجىلىمىغان قەلەندەر نەدىن بىلسۇن؟» دېگەندەك، ئەنئەنىۋى قاراشتىن قۇتۇلالماي، مېڭىسىنى ئىقتىسادىي ئاڭ بىلەن قورالاندۇرماي، ھېلىھەم نامرات ياشاۋاتقان كىشىلىرىمىز ئىقتىسادنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇنىڭ ئەركىنلىكىمىزنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى تازا بىلىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. پېقىر ئالتە-يەتتە يىللىق ئىشسىزلىق، ئەگرى-توقاي يوللارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن «پۇل خۇدا ئەمەسكەن، ئەمما خۇدادىنمۇ كەم ئەمەسكەن» دېگەن پەلسەپىنى تۇرمۇش

ئەڭگۈشتىرىم قىلىنۋالدىم . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەركىن خىزمەت ،ئەركىن تەپەككۇر ،ئەركىن ئادەم مېنىڭ تاللىشىم بوپقالدى . دەرۋەقە ، نامراتلىق باشتا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك ،ھېلىھەم بېشىمىزنى قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلە . سىلەر مېنىڭ «تۇرمۇشتىكى ئىپادىلەش پەلسەپىسى» دېگەن لېكسىيەمنى ئاڭلاشنى خالايدىغان ئوقۇغۇچىلىرىم قاتارىدا تۆۋەندىكى پىكىرلىرىمگە دىققەت قىلىڭلار :

1 .ھەدىسە خۇدايىم بېرىدۇ ،دەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلارغاتاگاھلاندۇرۇمىزكى ، خۇدا بىزگە ئەقىلدىن ،ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن باشقا يەنە قانداق بايلىقلارنى بەرسە بولاتتى؟ خۇدامۇ : «ھەرىكەت سەندىن ، بەرىكەت مەندىن» دېگەنىدىغۇ .

2 .ھەممە ئۈمىدىنى پارتىيە-ھۆكۈمەتكە باغلاپ ، ئىقتىسادقا يۈرۈش قىلماي ، ئېتىز-ئېرىق ، زاۋۇت-كان ،كارخانا ،مەمۇرىي ئورۇن ۋە ھەرخىل ئىدارە-ئورگانلاردا نامراتلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پەقەتلا يول كۆرسەتكۈچى ، توغرا يولغا باشلىغۇچى ، تەشكىللىگۈچى ئىدىيىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى ، مىليونلىغان نامراتلارغا يېلىبويى پۇل ، ئاشلىق ، ماي ، گۆش ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تارقىتىپ بېرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالمىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرسە بولىدۇ .

3 . ھەممە ئۈمىدىنى ئاتا-ئانا ، ئۇرۇق-تۇغقان ، يار-بۇرادەر ، بالا-چاقىلىرىغا باغلاپ ، ئەمەلىي ئىش قىلماي ، ھېلىھەم سېرىقتال ياشاۋاتقان ماڭقۇرتلار ، تەنتەك نامراتلار بۇ تۆت كۈنلۈك دۇنيادا ھېچكىمنى ھېچكىم بىر ئۆمۈر ھاپاش قىلىشقا رازى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرسە بولىدۇ .

4 . ھەممە ئۈمىدىنى «ئەتە»گە باغلاپ ، بۈگۈننى ،توغرىسى «ھازىر»نى قولدىن چىقىرىپ قويۇۋاتقان بىر ئۈچۈم ناتىۋىپلاردىن ئۆرگىلەي !

خەلق - پەيلاسوپ ! خەلق - دانا ! خەلقلا تۇرمۇش پەلسەپىسىنى يارىتالايدۇ ، خەلقلا مەۋجۇدلۇقىنى ھەر قانداق زامان ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىپادىلىيەلەيدۇ . قاراڭ ، مۇنۇ قوشاققا :

هاشىم ئۇستام ئۆلۈپتۇ ،
ئاق مازارغا كۆمۈپتۇ .
يىغلايدىغان كىشى يوق ،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ .

نىھايەت ! زامانىمىزدىكى ھاللىق جەمئىيەت بەرپاچىلىقى تەشەببۇسى خەلقىمىز ئۈچۈن ئانچە ھەيران قالغۇدەك نەرسىمۇ ئەمەس . ئۇلۇغ خەلقىمىز ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردىلا «ئاتاڭمۇ بازار ، ئاناڭمۇ بازار »دەپ ئىقتىسادنىڭ مۇھىملىقىنى سۆ سىگەمەس ، قىل ئۆتمەس دەرىجىدە يەكۈنلىۋەتكەن . ئەپسۇسلىنارلىقى ، بىزگە تېگىلغان مەلۇم دەۋرلەردىكى ئىچكى-تاشقى سىياسەت بىلەن ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان ، ئەمەلدە ۋەزىيەت تاللىۋالغان ئومۇرتقىسى يوق تەدبىر بەلگۈلىگۈچىلەر ئەلنى نامراتلىققا سۆرەپ ،ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىقتىساد ۋە تۇرمۇش پەلسەپەسىدىن باشقا بىر يولدا مېڭىشىمىزغا قولچوماق ۋە ئىجراچى بولغان .شۇنداقتىمۇ «سۇ ئاققان ئېرىقتا يەنە سۇ ئاقار »دېگەندەك ، دانا پارتىيىمىز ، دانا ھۆكۈمىتىمىز بىزنى پۇل ۋە يول بىلەن ئۇچراشتۇردى . نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش رېتسېپىنى ئاتا-بوۋىلىرىمىز ياخشى يازغان . يەنى ھېلىغۇ تىرىكلىرىمىز ئىكەن ، ھەتتا ئۆلۈكلىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ دەردىنى ئۆزى تارتىدۇ . مىللىتىمىزدە «ھەرىكەت - ئەلا »پروگراممىسى قارار تاپقانلىقتىن ، «ھەرىكەتتىن - بەرىكەت» ، «ماڭغان - دەريا ، ياتقان -بورىيا »ھېكمەتلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە بىر-بىرىگە ئېغىرچىلىق سېلىش يوق ! ئەنە شۇ سەۋەبتىن تارىختا سەلتەنەت قۇياشى ئۇزاق مەزگىل بىزدە تۇرغان . سەئىدىيىلەر دەۋرىدىن كېيىن مىللىي ئىقتىسادىي تۈۋرۈكىمىز يىمىرىلدى . بۈمۇ تارىخىمىزدا ئۆتكەن كەلگۈندى سوپى-ئىشان - «جاھالەت پىرلىرى »نىڭ «جاننىمۇ ،جاھاننىمۇ ئۇنتۇش »ئەقىداتى ؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »دىن ئىبارەت «ئاپەتلىك يىللار »دىكى رەزىل سىياسىيئونلارنىڭ «نامراتلىق - شەرەپ »دېگەن سىياسىي ئالدامچىلىقى بويىچە (باش مۇھەررىردىن ) ئىش كۆرگەنلىكىمىزنىڭ جاجىسى . ئەمدىلىكتە مەدەنىيەت ، قىممەت قارىشىمىزدا ئۆزگىرىش ، يېڭىلىنىش بولۇۋاتىدۇ . بىراق يول يەنىلا بىر .ئۇ بولسىمۇ ، «ھاشىم ئۇستام»نىڭ مەيلى ھاياتلىقتا ، مەيلى ئۆلگەندە بولسۇن ئۆز-ئۆزىگە تايىنىش يولى !

«نامراتلىق ۋە تەپەككۇر »بەك چوڭ ، ئۆتكۈر تېما . نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ بىرىسىدە : «بىر ساپاق ئۈزۈمدىكى تەم بىلەن بىر شىڭگىل ، ھەتتا بىر تال ئۈزۈمنىڭ تەمى ئوخشاش »دېيىلگەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان . ئۈمىدىم شۇ : مەيلى ماددىي ، مەيلى مەنىۋى نامراتلىق بولسۇن ، ئۇ يەنىلا تەپەككۇر نامراتلىقىدۇر . كاللا ئىچىلمىغۇچە دۇنيا ئېچىلمايدۇ . تەپەككۇر نامراتلىقى تۈگىتىلسە سىياسىي ، ئىقتىسادىي نامراتلىق ،ئەخلاق نامراتلىقى ئۆزلىكىدىن ھەل بوپكېتىدۇ .

---

ئاپتور : شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇرسال سەنئەت قانىلىدا قەلىمي مەدىكار(M2)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# گلاركنىڭ پاجىئەسى

1970-يىلىنىڭ بېشىدا، گلارك گومولكىنىڭ ئورنىغا چىقىپ، پولشا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى بولدۇ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ـ شەرقىي ياۋروپا گورۇھىدا تونجى بولۇپ «ئېچىۋېتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا ويۇپ، ناھايىتى تېزلا پۈتكۈل دۇنيانىڭ دىققىتىنى وزغايدۇ.

گلاركنىڭ يېڭىچە خىزمەت ئىستىلى مۇنداق ئىدى: ئۇ ھەركۈنى ھەرساھەدىكى ئىشچىلار ۋەكىللىرى، ھەرخىل كەسىپلەر ۋەكىللىرى، ئىختىساسلىقلار ۋەكىللىرى ۋە ھەرقايسى ئورگان، ھەرقايسى كەسپىي تارماقلار ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشەتتى ۋە ئۇلار بىلەن كەڭ-كۇشادە پىكىر ئالماشتۇراتتى. ئۇ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئون يىل جەريانىدا «بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدىغان» ۋە «يۈزتۇرانە سۆزلىشىدىغان» بۇ ئىستىلنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ھەمدە بۇ ئىستىلنى «ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلق بىلەن كېڭىشىش»نىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى، دەپ قارىغان.

1971-يىلى يانۋارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پولشا شچېتسىن كېمىسازلىق زاۋۇتىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى «پارتىيىنىڭ يېڭى رەھبەرلىرىنى قوللاش ۋە خەلق پولشاسىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن» ئاتالمىش «ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق سوۋغا تەقدىم قىلىش» ھەرىكىتىنى قوزغايدۇ. بۇ رەھبەرلەر ئىشچىلارنىڭ بىزارلىقى ۋە نارازىلىقىغا قارىماي كونا ئۇسۇل بويىچە ئىش كۆرۈپ، تەخسىكەشلىك بىلەن يۇقىرىغا ياخشى كۆرۈنمەكچى بولىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ ئىش ئىشچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، قارشىلىشىش ئاخىرى بېرىپ ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشىغا ئايلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا كېمىسازلىق زاۋۇتىدىكى ئىش تاشلاشنىڭ شچېتسىندىكى باشقا زاۋۇتلارغا كېڭىيىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى.

ئەمدىلا باشلانغان «ئىسلاھات سەپىرى»دە يولۇققان بۇ ئېغىر ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن 24-يانۋاردا گلارك ۋە پولشانىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى كېمىسازلىق زاۋۇتىغا بېرىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ سۆزلىشىدۇ. كۆرۈشۈش توققۇز سائەت داۋام قىلىدۇ. كۆرۈشۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى زاۋۇت رادىئو ئۇزېلى نەق مەيداندىن ئۇلاپ ئاڭلىتىدۇ. كېمىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى ۋە شەھەر ئاھالىلىرى بولۇپ ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەم كېمىسازلىق زاۋۇتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يىغىلىپ، كۆرۈشۈش جەريانىنى ئاڭلايدۇ.

گلارك سۆزىدە ئىشچىلارنىڭ چۈشىنىشىنى ۋە سەۋرچان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ، جوغلانمىلارنىڭ يېتىشمەسلىكىنىڭ شۇ چاغدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىنى، مەبلەغ بولمىغاچقا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «يولداشلار، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئايىمىز ئەھۋالنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى سىلەرگە چۈشەندۈرۈش»، «بىزنىمۇ ئادەم قاتارىدا

زامان، ئەقىل، پىكىرلەر

كۆرۈڭلار - باشقىلارغا ياردەم بەرگەندەك بىزگىمۇ ياردەم بېرىڭلار ! بىزگە كېرىكى - تىنچلىق ، ئەمگەك ، ئەقىل-پاراسەت ۋە ۋاقىت » ، «شۇنىڭغا ئىشىنىڭلاركى ،ھەممىمىز ئوخشاشلا توپىدىن تۆرەلگەن .بىزنىڭ بۇيەردە ئوتتۇرىغا قويغان نىشاندىن باشقا ھېچقانداق نىشانىمىز يوق . سىلەر بىزگە ياردەم قىلىڭلار ، بىز بۇنىشانىمىزغا ئورتاق يېتەلەيمىز . ھازىر قانداق ئويلاۋاتىسىلەر؟ بىزگە ياردەم قىلامسىلەر ؟ »

كىشىلەر بىردەك ھالدا : «ياردەم قىلىمىز !» دەپ توۋلىشىدۇ .1971-يىلى پۈتكۈل پولشادا كەڭ تارقالغان ۋە ئەڭ ياڭراق بولغان شوئار ئەنە شۇنداق پەيدا بولغان . بۇشوئارغا ماس ھالدا گىلارك دەۋرىدە پولشادىكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت «خەلقنىڭ سوتسىيالىزمى ئۈچۈن» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان . بۇ شوئارلارنىڭ تۈرتكىسىدە ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەردە يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلگەن .

گىلارك ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى بىرنەچچە يىلدا پولشالىقلار ئۇنىڭ فاڭجېنىغا ئەمەل قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ گەۋدىلىك نەتىجىلىرىدىن رازى بولىدۇ . كىشىلەر كۆپ يىللاردىن بېرى چەكلىنىپ كەلگەن ئىستېمال ئېھتىياجىنى قورقماي ، ئەركىن-ئازادە قاندۇرىدۇ . كىشىلەرنىڭ يېمەك-ئىچمەكى ، كىيىم-كېچەكى ۋە تەمىناتى بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشىلىنىدۇ . زامانىۋى ماگىزىنلار ، «تاللا بازار »لىرى بارغانسىرى كۆپىيىدۇ . سېتىۋالغىلى بولىدىغان تاۋارلارنىڭ تۈرلىرى كۆپەيگەن بولۇپ ، پولشانىڭ تاۋارلىرىنىلا ئەمەس ، ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىمۇ سېتىۋالغىلى بولىدۇ. تۈرلۈك مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشىلىنىدۇ .

گىلارك «كۆپ ئىشلەش ،كۆپ پۇل تېپىش ،كۆپ نەرسە سېتىۋېلىش ۋە كۆپ ئىستېمال قىلىش »دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇ كان ئىشچىلىرىغا : «سىلەر كۆپرەك كۆمۈر قازساڭلار ، بىز ئۇنى تېخىمۇ كۆپ تاشقى پېرېۋوتقا ئايلاندۇرۇپ ،تېخىمۇ كۆپ تاۋارنى ئىمپورت قىلالايمىز . شۇڭلاسىلەر كۆپ ئىشلىسەڭلار كۆپ تاۋارغا ئىگە بولىسىلەر ، كۆپ ئىش ھەققى بىلەن تېخىمۇ كۆپ نەرسە سېتىۋالالايسىلەر » دەيدۇ . ئۇ بۇ لەۋزىدە چىڭ تۇرىدۇ . چەت ئەللىك زىيارەتچىلەر ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا راستتىنلا يېڭى بىر پولشانى كۆرىدۇ . پولشالىقلار تۇرالغۇ جاي ، پىكاپ سېتىۋېلىشقا بۇرۇنقىدەك ئۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كەتمەيدۇ ، تاشقى پېرېۋوت بولسا ھەتتا شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا سېتىۋالغىلى بولغان . تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇشىمۇ خېلى جانلانغان : 1970-يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 1370ئادەمگە 1000ئېغىز ئۆي توغرا كەلگەن بولسا ، 1980-يىلى ھەر 1100ئادەمگە 1000ئېغىز ئۆي توغرا كەلگەن .

چەت ئەللىك بىر مۇخبىر كىشىلەرنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرمۇشتىن خېلى رازى ئىكەنلىكىنى ، ھېچ بولمىغاندا خەۋەرنىڭ تارقىلىشىنىڭ راۋان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپ : «گومولكا دەۋرىدە سىياسىي بيۇرو مەخپىي خىزمەت قىلاتتى . بارلىق ئاخبارات - خەۋەرلەرنى يۇقىرى قامال قىلىۋالاتتى ؛ بىراق ھازىر ، مەسىلەن ، ھەممە ئادەم سىياسىي بيۇرونىڭ ھەر سەيشەنبە يىغىن ئاچىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . يىغىن توغرىسىدىكى ئاخباراتلارمۇ ئېلان قىلىنىدۇ »دەيدۇ .

گىلارك 1970-يىللاردىكى يۈكسەك تەرەققىياتلار-نى كۆرۈپ ، پولشا «سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىي تاپقان »باسقۇچىغا كىرىپ بولدى ، دەپ قارىغان . پولشا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 8-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدىن بۇرۇن تاپشۇرۇلغان جەمئىيەت تەھلىلى توغرىسىدىكى ھۆججەتلەردە پولشانىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى كۆپ تەرەپلەردىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان .1970-يىللارنىڭ ئاخىرىدا پولشالىقلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مىللىي دارامىتى 3000ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ ، پولشا دۇنيادىكى ئوتتۇرا ھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتكە ئايلانغان . ئەگەر تۇرمۇش سەۋىيىسىگە پىكاپلارنىڭ سانى ئارقىلىق باھا بەرسەك ، شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى ، 1970-يىلى پولشادا ھەر 71ئادەمگە بىر پىكاپ توغرا كەلگەن بولسا ، 1980-يىلى ھەر 18ئادەمگە بىر پىكاپ توغرا كەلگەن . كۆپلىگەن پولشالىقلار ئۈچۈن پىكاپ ھەشەمەتچىلىك ئەمەس ، بىر خىل ئېھتىياجغا ئايلانغان .

بىراق ، 1980-يىلى پولشادا زور ھەم كۈچلۈك بىر كرىزىس يۈز بېرىدۇ . 1-ئىيۇلدا ، پولشا ھۆكۈمىتى شۇ كۈندىن باشلاپ گۆشنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلىدۇ .بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن پولشانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كىچىك شەھەر مېبرلىبىستا ئىشچىلار ئىش تاشلايدۇ .ئىش تاشلاش بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتكۈل مەملىكەتكە كېڭىيىپ ، «ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى »پولشا زېمىنىدا پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ .

22-ئاۋغۇستتا «ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى » يادرولۇقىدىكى گىدانىسك زاۋۇتى ئىش تاشلاشقا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى پولشا

www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمەتكە «21تۈرلۈك تەلەپ»قويىدۇ . پولشا ھۆكۈمىتى سۆھبەتلىشىشكە مەجبۇر بولىدۇ . بۇ سۆھبەت 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى پولشادىكى ، شۇنداقلا بارلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ پەۋقۇلئاددە سۆھبەت ئىدى . 31-ئاۋغۇستتا پولشادىكى كرىزىسنىڭ مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولىدۇ . بۇ كۈنى ئىككى تەرەپ ئاقىلانىلىق بىلەن ئورتاق مەنپەئەتلىرىنى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن ، ئاخىرى گدانسكتىكى «لېنىن»كېمىسازلىق زاۋۇتىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىپ ، كېلىشىمنامە ئىمزالايدۇ . كېلىشىمنامىدە مۇنۇلار بەلگىلىنىدۇ : پولشا ھۆكۈمىتى «پولشا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىش رولىنى ئېتىراپ قىلىش»شەرتى بىلەن «يېڭى مۇستەقىل ، ئاپتونومىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ قۇرۇلۇشىغا قوشۇلىدۇ .

ئىش تاشلىغان ئىشچىلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغانلىق گىلارېك تۈزۈلمىسىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . 5-سېنتەبىردە پولشا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيىسى گىلارېك «ئېغىر كېسەل» بولۇپ قاتتىشالمىغان ئەھۋالدا پارتىيىنىڭ 8-نۆۋەتلىك 6-ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىرىدۇ . يىغىندا «ئېدۋاردگىلارېكنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ» ئۇنى باش سېكرېتارلىقتىن ۋە سىياسىي بيۇرو ئەزالىقىدىن قالدۇرۇش قارار قىلىنىدۇ . سىياسىي بيۇرو ئەزاسى ،مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئارمىيە ،ساقچى ۋە دىن ئىشلىرىغا مەسئۇل سېكرېتارى كانيا پارتىيىنىڭ باش سېكرېتارى بولىدۇ .

گىلارېكنىڭ پاجىئەسى قارىماققا ئىقتىسادىي مەسىلە سەۋەبىدىن كېلىپ چىققاندەك كۆرۈنىدۇ ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ چوڭقۇر سەۋەبلىرى بار .

چىرىكلىك بۇنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى . بىر ئىشچى گىلارېك بىلەن سۆزلەشكەندە مۇنداق دېگەن : «زۆرۈر تېپىلسا كۈنىگە بىر قاچا سۇيۇقئاش ئىچسەكمۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئىشلەشكە تەييارمىز ؛ بىراق بىز ئاشۇ بىر قاچا سۇيۇقئاشنىڭ ئادىل-ھەم مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنىشى كاپالەتكە ئىگە بولىسكەن ،دەيمىز» .

پولشالىقلارنى ھەيران قالدۇرغىنى .ۋە غەزەپلەندۈرگىنى ،بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز زور كىرىمگە ئىگە بولۇۋالغانلىقى ئىدى . تاشقى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئىمپورت مەبلىغى ئارقىلىق ئۇسكۈنە سېتىۋېلىشقا مەسئۇل تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى دىلانىسكىي چەت

ئەللەر بىلەن سودا قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن پارا ئالغان . ئۇ ئاۋىستىرىيىدىكى بىر سودا سارىيىدىن 460مىڭ دوللار ، شىۋېتسىيىدىكى بىر كونسېرندىن 250مىڭ دوللار پارا ئالغان ، ئۆز دۆلىتىگە بولسا ئايرىم -ئايرىم بولۇپ 473مىڭ مارك ۋە 311مىڭ دوللار زىيان سالغان .ئايالى كالېسامۇ دىلانىسكىينىڭ چەت ئەلدىكى كۆپلىگەن پەسكەش قىلمىشلىرىغا شېرىك بولغان .

پولشا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ،پارلامېنت ئەزاسى ، رادىئو-تېلېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى شچپانسكىي زور مىقداردىكى قانۇنسىز بايلىققا ئىگە بولغان بولۇپ ، ئۇنىڭ شەخسىي كېمىسى ، يەتتە پىكاپى ،تۇرالغۇ جاي ۋە داچىسى بولغان ،شۇنداقلا چەت ئەلدە شەخسىي مال-مۈلكى بولغان . ئۇ ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلانغان ، چەت ئەل پىرېۋوتىنى ئوغرىلىقچە ئىشلەتكەن ، ئادەم كۈچىنى ئىسراپ قىلغان ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆزىنىڭ چەت ئەللىك مېھمانلىرىنى كۈتۈۋالغان . ئۇ چەت ئەللەردە كەسپىي تارماق ئورگانلارنى قۇرۇپ ، ئاردىن نۇرغۇن پايدا ئۇندۇرۇۋالغان . ئۇ يەنە كىنو فىلىملىرىنى ئورتاق ئىشلەش ،تارقىتىش توختامىنى ئىمزالاش شەكلى بىلەن نۇرغۇن پارا ئالغان . بىر قېتىمدا چەتئەل بانكىسىدىن 1مىليون 500مىڭ دوللارنى چۆنتىكىگە سالغان .

بۇلاردىن باشقا ، ئەڭ ئالىي رەھبەرگە چوقۇنۇش ۋە ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇش ،سىياسىي مۇستەبىتلىك ۋە رەھىمسىزلىك ،تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ بىردەك بولۇش خاھىشى قاتارلىقلار يەنە باش كۆتۈرۈپ قالغان . 1970-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ پولشالىقلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى كۈنسېرى پۇچەكلەشكەن ۋە چەكلىمىگە ئۇچرىغان . نۇرغۇن داڭلىق يازغۇچىلار ۋە سىياسىي نەزەرىيىچىلەرنىڭ ئىسمى گېزىت-ژۇرناللاردىن ،كىتابلاردىن غايىب بولغان . مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى نازارەت قىلىدىغان ئورگانلار كۆپەيگەن .مەسىلەن ، گېزىت-ژۇرنال ، كىنو-تىياتىرلارنى تەكشۈرۈش باش مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ناھايىتى كەڭرى بولغان . ئەمەلىيەتتە پارتىيە گېزىتى «خەلق مۇنبىرى گېزىتى» ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «يېڭى يول»بىلەن ھەرقانداق مۇنازىرە قىلىشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈلگەن . رادىئو-تېلېۋىزىيىلەردە ساپلا ئۇتۇق-نەتىجىلەرنى مەدھىيىلەيدىغان نومۇرلار بېرىلگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، خەلقئارادىكى ۋەقەلەرنىڭ دۆلەت ئىچىگە تەسىر

كۆرستىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دېگەن بىمەنە بەلگىلىمىلەر تۈزۈلگەن بولۇپ، خەلقئارادىكى ۋەقەلەرنىڭ پولشا جامائەتچىلىكىگە تەسىر كۆرستىشىدىن ئەنسىرىگەن. مەسىلەن، ئامېرىكىدا «يورۇق بىنا ۋەقەسى» يۈز بېرىپ بىرنەچچە ئايغىچە پولشا ھۆكۈمىتى بۇ خەۋەرنى جامائەتچىلىككە ئاشكارىلىمىغان. سەۋەبى شۇكى، پولشا ھۆكۈمىتى كىشىلەرنىڭ: «گېزىت-ژۇرنالنىڭ قۇدرىتى ھەقىقەتەن زور ئىكەن. بىر پارچە خەۋەرمۇ بىر دۆلەتنىڭ رەئىس جۇمھۇرى (نېكسون)نى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتەلەيدىكەن» دەپ يەكۈن چىقىرىشىدىن قورققان.

گىلارك دەسلەپتە كىرىزىستىن ساقلانماقچىمۇ بولغان ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. بىراق، تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، پولشانىڭ تۈزۈلمىسىدە بولۇپمۇ سىياسىي تۈزۈلمىسىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغاچقا، پولشانىڭ تۈزۈلمىسى بارا-بارا يېتىملىك، بېكىنمىچىلىكتە قېلىپ، خەلق بىلەن قارشى مەيدانغا ئۆتۈپ قالغان ۋە تەنقىدچىلەرنى باستۇرغان. نەتىجىدە خەلق بىلەن ئەپ ئۆتمەكچى، ھەمكارلاشماقچى بولغان ھۆكۈمەت بىلەن قارىماققا «زامانىۋى ئاڭ»غا ئىگە بىر رەھبەر ئاخىرى بېرىپ خەلقنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم قالغان، خەلق ئۇلارنى ئىنكار قىلغان ۋە چۆرۈپ تاشلىۋەتكەن. گىلاركنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسىنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ يەردە.

1930-يىللاردا باشلانغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ كونا تۈزۈلمىسىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى — ھوقۇقنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزگە مەركەزلەشكەنلىكىدۇر.

ھوقۇقنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزگە مەركەزلىشىشى، سىياسەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، ئاما بىلەن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قارشىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

گىلارك ھۆكۈمىتى قارىماققا كۈچلۈك «زامانىۋى» تۈسكە ئىگە ئىسلاھاتچى ھۆكۈمەتكە ئوخشايدۇ. بۇنداق ھۆكۈمەت بىلەن ھوقۇقنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈدىغان تۈزۈلمىنىڭ ماھىيەت جەھەتتە ھېچقانداق پەرقى يوق. بۇنداق ھۆكۈمەت ئاخىرقى ھېسابتا بۇ خىل تۈزۈلمىنىڭ مۇقەررەر تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا پولشا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشتە تۇنجى بولۇپ يىقىلغان «دومىنوقەرتى» (دومىنو قەرتى غەربلىكلەرنىڭ بىر خىل ئويۇنى بولۇپ، ئويۇن ئوينىغاندا قەرتلەر مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ تىزىلىدۇ. باشتىكى بىر قەرت يىقىلسا، باشقا قەرتلەرمۇ كەينى-كەينىدىن يىقىلىدۇ. ئاپتور بۇيەردە سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ بىرى بولغان پولشانىڭ تۇنجى بولۇپ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنى 1-بولۇپ يىقىلغان دومىنو قەرتكە سىمۋول قىلغان. — تەرجىماندىن) بوپقالغان.

---

كوسۇۋمبىن قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «خېبېي گېزىتى»《河北日报》نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»《杂文月刊》نىڭ 2003-يىل 1-سانىغا بېسىلغان. **ئازاد نىزامىددىن ئەنجانىي** تەرجىمىسى (M1)

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

پوچتىخانىلار پۇل پېرېۋوت قىلغانداخەنزۇ يېزىقىدا بېجىرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتورلارغا قەلەم ھەققى ئەۋەتىشتە قولايلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ تۆۋەندىكىلەرنى ئالاھىدە ئۇقتۇرىمىز:

1. ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆز ئىسىم-فامىلىسىنى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا خەنزۇچىسىنىمۇ كىملىكتىكى خەنزۇچە يېزىلىشى بويىچە ئەينەن-توغرا يېزىشى كېرەك.

2. ئاپتورلار ئەۋەتىلگەن ئەسەرلىرىگە ئۆز ئادرېسلىرىنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇيېزىقلىرىداتولۇق، تەپسىلىي، بىرلىككە كەلتۈرۈلگىنى بويىچەيېزىشى كېرەك.

3. يېزا-قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان-سىپىر بىلەن ئالماي، شۇيەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر-جاي ناملىرى تاختىسىدايېزىلغىنى بويىچە ئۆزئەسەرلىرىگەئۇيغۇر ۋە خەنزۇيېزىقلىرىدا ئەينەن- توغرا يېزىشى كېرەك.

— «شنجاڭ مەدەنىيتى»ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ھەرىخانىدىكى پاراڭلار :
# «ئەمچەك ماجراسى»

ئابدۇراخمان ئەزىز

يېزا بازىرىمىزنىڭ مەركىزىگە يېقىن جايدا ياغاچ تىلىدىغان بىر ھەرىخانا بار .بۇ ھەرىخانا يېزىمىزدىكى چوڭ-كىچىك ،كونا-يېڭى كاسىپلارنىڭ كۈندە ئۈزۈلدۈرمەي كېلىپ تۇرغان ياغاچلىرىنى تىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ . كاسىپلار ھەممىسى دېگۈدەك بىر-بىرى بىلەن تونۇش بولۇپ ، ياغاچ تىلغاندا بىر-بىرىگە كۆمەكلىشىپ ياغاچ تىلىشىپ ، بىكار قالسا ئولىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆز كەسپىدىن ۋە تاغدىن-باغدىن پاراڭ سوقۇشىدۇ . ھەرىخانىدا ھەرىنىڭ ياغاچ تىلغان ئاۋازى توختىدىمۇ ،بولدى ، سىرتتا بىكار تۇرغانلارمۇ پاراڭ مارىلاپ بىر-ئىككىدىن ھەرىخانىغا ئولىشىپ ،بۇيەرنى تېخىمۇ قىزىتىشىدۇ .

مەنمۇ بىر ئادەتتىكى كىچىك ھۈنەرۋەن . قىشنىڭ ئانچە-مۇنچە بوش ۋاقىتلىرىدا يېزىچە تېرىقچىلىق ۋە ھاشار-مەدىكارلاردىن قول سوۋۇماي ، قارىغىلى چولا تەگمىگەن ئەسۋابلارنى تېپىۋېلىپ، خەقنىڭ بىرنەرسىلىرىنى ياساپ بېرىپ جان باقىمەن. شۇڭا بۈگۈن بىر ئىشەك هارۋا ياغاچنى بېسىپ ھەرىخانىغا كەلدىم . ھەرىخانا دەرۋازىسىدىن كىرسەم يوغان قورۇ ئىچى ياغاچلار بىلەن تولۇپ ، ئۆچرەت بوپكېتىپتۇ . ھۈنەرۋەن-كاسىپلار بىر ئۇزۇن خەنىڭ ئۈستىدە قاتار ئولتۇرۇشۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئېشىكىمنى بىر ياغاچقا باغلاپ قويۇپ :

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇملەر »دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردىم .ھەرىخانىنىڭ قىزىقچى - چاقچاقچى خوجايىنى قۇۋان قىزىق ئورنىدىن تۇرغىنىچە چاقچاق قىلىپ كۆرۈشتى :

- كېلە قىغىز . ئىككى غېرىچ قىغىز قالپىقىڭ دەرۋازامغا تاقىشىپ قالغىلى تاسلا قالىدۇ جۇما سەن قىغىزنىڭ ! (ئۇ دائىم قىرغىز تەلپىۋزىنى بۇزۇپ «قىغىز »دەپ چاقچاق قىلاتتى . )

- قىرغىز كەلدى - خىزىر كەلدى ،دە ! مەن كەلسەم بەرىكەت ياغىدۇ سەن سارت ئاكامنىڭ ھەرىخانىسىغا .

ھەممەيلەن قىزغىن چاقچاق ۋە كۈلكە بىلەن ئامانلاشتۇق . ئاندىن مەنمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىغا ئولتۇرۇپ چاقچاق قىلدىم :

- قىزىقچىلىق قىلىپ نېسىگە گەپ ساتقۇچە ، نەق پۇلغا ماۋۇ دۆۋىلىشىپ ئۆچرەت بوپكەتكەن ياغاچلارنى تىلساڭ بولمامدۇ ، سارت ئاكا ؟

- سەن قىغىز ئىككى غېرىچ يۇڭ قالپاقنى كىيىۋېلىپ «مەن خەلق ۋەكىلى »دەيسەن . ھۆكۈمەتنىڭ جىڭمومىسىنى بىكارغا يەپ يىلدا ناھىيىگە قورۇلتايغا ماڭىسەن . يېزىمىزنىڭ راۋاج تاپماس توكىنى ياخشىلاش توغرىلىق پىكىر-تەكلىپ بېرىش سىلەر ۋەكىللەرنىڭ يادىڭلارغا كەپمۇ قويمايدۇ .توك بولمىسا مانا مۇشۇنداق نېسىگە گەپ ساتىدىغان گەپ .

ئەسلى توك توختاپ بۇلار ساقلاپ ئولتۇرۇشقانىكەن . قۇۋان قىزىق ئۆزى بىر ھەرىچى بولغان بىلەن بىلىملىك ، ئوچۇق مىجەز ، جاھان ئىشلىرىغا نەزەر سالىدىغان قىزىقچى يىگىت ئىدى. بىز ھەدىسىلا چاقچاقلىشىپ سۆزلىشەتتۇق .

## ئاڭلاپ قويۇڭ

– توك كەلگىچە شۇك ئولتۇرامدۇق؟ پاراڭ سالەۋا قىغىز.

– پاراڭنىڭ ھەممىسى ماڭىلا كۆتىرەمدى؟ مەن ھېسامنىڭ جەنۇبلۇق نەۋرىسى ،دەيسەن. سالە پاراڭ ، سارت ئاكا.

ھەممەيلەن بىزنىڭ تاقىقا. تۇققا چاقچاقلىرىمىزغا كۆلۈشۈپ ئولتۇرغاندا ، بىر شاكىچىك شاگىرت مەندىن سوراپ قالدى:

– مۇشۇ «سارت»دېگەن گەپ ماڭا بىر ئاز قوپال ، يامان گەپتەك ئاڭلىنىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى نېمە زادى؟

– بۇ ھېچقانداق يامان گەپ ئەمەس ،ئۇكا. بىز قىرغىزلار «سارت»دېگەننى تىجارەتكە ماھىر ، سودىگەر ئەل ، دەپ چۈشەندۇرىمىز. «سارت»سۆزى يەنە موڭغۇلچە ئاتالما دېگەن مەلۇماتلارمۇ بار. موڭغۇللار جاھان سورىغان زامانلاردا چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى دۆلەت تىلى قىلىنغان ھەمدە ئۇيغۇرلار مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلغانىكەن. موڭغۇللار ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتىكى ئەقىل-پاراسىتى ۋە يەتكۈزگەن ئالاھىدە خىزمەتلىرىگە قايىل بولۇشۇپ «سارت»يەنى «دانىشمەن ،ئاقىل ،چېچەن ،بىلىمدان» دېگەن سۈپەتلەرنى بەرگەنىكەن①.

– گەپ سوراپ قويسا ئۇجۇر-بۇجۇرىگىچە چۈشەندۇرۇپ كېتىدىغان قىغىز جۇما ، سەن ، – دېدى قوۋان قىزىق چاقچاق قىلىپ ، – ئاياللىغىمۇ مۇشۇنداق نەزەرىيە سېتىپ ، ئۇششاق گەپ قىلىپ يامانلىتىۋەتتىڭمۇ. نېمە؟ ئاڭلىسام ، ئاجرىشىمىش دەيدىغۇ؟

– ياقەي ، ئۇنداق گەپ يوق.

– تېخى بايىلا شۇ گەپنى قىلىپ ئولتۇرۇشقاندۇق. ھېلىقى بىر مەۋلان دېگەن شائىرنىڭ بىر كۇبلېت شېئىرىنى قاچانلا قارىسا ئوقۇپ يۈرەتتىڭ. بايا باللار يېرىمىنى تاپالمىدى ، نېمىدى ئاخىرى؟ ئوقۇپ بېرە ، خوتۇن ئالغۇچە دائىم ئوقۇپ يۈرۈدىغان ھېلىقى شېئىرنى!

ساددا ، ئويۇنچى كەسىپداشلارنىڭ چاقچاقلىرىغا سۆيۈنۈپ كۆلۈپ كەتتىم:

– سىلەرزە ، مەن يوق ۋاقىتتا غەيۋەتخور خوتۇنلاردەك غەيۋىتىمنى قىلىپ ئولتۇرۇپتىكەن-سىلەر-دە. ماقۇل ، دەپ بېرەي:

ئېشىكىڭ تېزەك يۇراپ تۇرسىمۇ گەر ،
ئېرىتەر كۆڭلۈمنى قىلىقلىرىڭ.
سەن ماڭا كىرپىك قاقساڭ قىيا قاراپ ،
سەگىتەر يۈرىكىمنى تىنىقلىرىڭ.

– ھە ،شۇ ، شۇ. مۇشۇ شېئىرنى خوتۇن ئالماستا ، كەينىدىن ئەگىشىپ ئوقۇپ بېرىپ ئاياللىڭنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان نېمىتىڭ. ئەمدى بالاڭ بىر بولغاندا نېمىشكە يامانلاشتىڭ ،ھوي؟ يا بولمىسا نىيىتىڭ بۇزۇلۇپ قىز بالىدىن بىرەرنى تېپىۋالدىڭمۇ-يە؟

ھەممەيلەن كۆلۈشتى.

– يوق گەپنى قىلماڭا. كىچىككىنە گەپ تالىشىپ قالغاندۇق ، كېتىپ قاپتۇ. كەچتە بېرىپ ئەكېلىۋالىمەن.

– نېمىدەپ جېدەل قىلىشتىڭلىرىزي زادى؟

– قويە ئاداش ،خوتۇنلارنىڭ پارىڭىنى.

– ئاڭلىسام ،سەن قىغىز خوتۇنىڭنى يوقىلاڭ بىر گەپلەر بىلەن يامانلىتىپتىمىشسەن؟ تالاشقىنىڭلار تايىنى يوق بىر گەپلەرمىشقۇ؟

ئۆيۈمدىكى بىر «ئەھمىيەتلىك»ماجرانىڭ سىرتقا قانداقلارچە تارقىلىپ ،تارقالغاندىمۇ «تايىنى يوق» گەپلەر بوپقالغانلىقى مېنى سەل ئارامسىزلاندۇرۇپ قويدى. كەسىپداشلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغان ، ئاق-قارىنى پەرق ئەتكەن باللار بولغىنى ۋە بۇ پاراڭغا قىزىقىپ ئېغىزىمنى تاتىلاشقىنى ئۈچۈن ئاخىرى سۆزلىمەي بولمىدى...

* * *

مۇشۇ كەمدە ئاياللار تاپتىن چىقىپ كەتتىمۇ ياكى بىز ئەركەكلەر «ئۇششاق سۆز»بوپقېلىۋاتامدۇق ، ھېچ بىلەلمىدىم. خوتۇن كىشىنىڭ بەزى قىلىقلىرىغا گەپ قىلماي دېسەڭ ، ۋىجدانىڭ قويمىغان .گەپ قىلساڭ «ئۇششاق سۆز-چاكىنا»دېگەن. بىزنىڭ بۇ جېدىلىمىز مۇشۇنداق «ئۇششاق سۆز»لۈك سەۋەب بولغان «ئەمچەك ماجراسى»ئىدى.

بىر كۈنى يېڭى سوقۇلغان قوناقنىڭ مەدىكىنى ئاپتاپقا يېيىۋاتاتتىم. ئۆي ئىچىدىن ئەمدىلا بەش ئايلىق بولغان قىزىم چىرقىراپ يىغلاپ كەتتى. ئانىسى سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك ،دەپ كىرىپ قىزىمنى بەزلەش ئۈچۈن ئۆيگە كىرسەم ، ئايالىم ئۆيدىكەن. بالىنىڭ تىپىچەكلەپ يىغلىغىنى بىلەن كارى يوق ،تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىدا بىردەم ساغرىسىنى ، بىردەم يانپىشىنى چىقىرىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈش بىلەن ھەلەك بولۇۋېتىپتۇ. بالىنى قولۇمغا ئېلىپ ئېيتتىم:

– بالا يىغلاۋاتسا كارىڭ يوق نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟

– بالا يىغلاپ چوڭىيور ،قاپاق ساڭگىلاپ.

– مە بالىنى ،ئەمگىسى كەلگەن چېغى ، – دەپ بالىنى تەڭلىدىم.

– ئىشكاپنىڭ ئاۋۇ تارتمىسىدا سۈت پاراشوكى بار ،ئەنە بوتۇلكا ، تەڭشەپ ئېمىتىۋېرىڭا ، – دېدى ئايالىم غېمىدە يوق ئۆزىنى ياساپ.

– سەنچۇ؟ – دېدىم ھەيران قېلىپ ۋە تەنە قىلدىم ، – ئەمچىكىڭنى بىرەرسىگە ئۆتنە بېرىپ كىرمىگەنسەن؟

– ئوھۇش ،نېمانداق مەدەنىيەتسىز گەپ قىلىدۇ ماۋۇ. ھازىردىن باشلاپ بالىنى ئېمىتمەيمەن.

– نېمىدەپ ئەمدى؟

– بالا ئېمىتىمەن دەپ ئىككى يىلدىلا كەمپىر بوپقالغۇدەكمەن.

– نەدىن تاپتىڭ بۇنداق گەپنى؟

– بالا ئېمىتىشنىڭچۇ زىيانلىق تەرەپلىرى كۆپكەن. ئورگانىزملارنى قېرىتىپ ، ياشلىق باھارىمنى سولاشتۇرۇپ...

– كىم شۇنداق دەيدۇ؟ – سۆزىنى بۆلدۈم زەردە بىلەن.

– ئالىملار شۇنداق يېزىپتۇ.

- ۋۇ، شۇنداق ئالىمىڭنىڭ زۇۋانىغا ! - دەۋەتتىم ئاچچىقىمدا، - نەدىكى ئالجىغان تۆت كۆزلۈكلەر قەلەم ھەققىنىڭ كويىدا ئاغزىغا كەلگەننى يېزىپ جۆيلۈسە، سەن شۇنىڭغا ئىشىنىپ كېتىپ، ئەمدىلا تۇغۇلغىنىغا يۈز نەچچە كۈنلۈك بولغان بوۋاقنى تاشلىۋېتەمتىڭ ؟ !

- كىتابنى بەك ئوقۇيسىز، كىتابقا باسقان گەپكە ئىشەنمەيدىغان تازىمۇ كونا - خوراپىي ئىكەنسىز .

- خوراپىي دېگەن ئۆزۈڭ . سەندەكلەرنىڭ ئاق-قارىسىنى سۈرۈشتۈرمەي قارىغۇلارچە ئىشەنگەنلىرىنى ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي «كىتاب خوراپاتلىقى»② دەپ يازغان . كىتابتا نېمە چىقىۋەرسە ئەخمەقلەرچە ئىشىنىۋەرگەنلىك - خوراپىيلىق .

- ۋايجانەي ! ئۇنداق «بەرقىي-پەرقىي» دېگەندەك چۈشىنىكسىز ئات قويۇۋالغان كىتاب خالتىسى زىيالىي نېمىنى بىلەتتى . ئالىمىڭ دېگەنلىرى ھېساب !

- كاپىشما ! - دېدىم جۇدۇنۇم ئۆرلەپ، - بەرقىي دېگەن - نۇر، ئېچىلىش، چاقماق، دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . سەندەك ساۋاتسىز دىلى كورلارنىڭ ئەقىل كۆزىنى يورۇتۇپ، نادانلىقىنى چاقماق بولۇپ سوقىدۇ .

- قېنى سوقۇپ باقسۇن ! - دېدى ئايالىم ھۆرپىيىپ، - ئىشقىلىپ بالىنى ئېمىتمەيمەن !

- بالىنى تۇغقانىكەنسەن، ئېمىتىسەن . تۇغۇپ نەچچە ئايدىلا بالىسىنى تاشلىۋېتىدىغان ھايۋانمىتىڭ-يە ؟

- كىم تاشلىۋېتىدىكەن ؟ سۈت پاراشوكى ئەپكەلدىمغۇ، ئەنە .

- ئانا سۈتىگە نېمە يېتەتتى . يۇندىدەك تەكشەپ ئېمىتكەن ئۇ بىر نېمەڭ ئانا سۈتىنىڭ ئالدىدا نېمىتى ؟

- بۇ دېگەن يېڭى تېخنىكا قوللىنىپ ئىشلەنگەن «ھايسى» ماركىلىق ئىمپورت پاراشوك، چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئوقۇپ بېقىڭا .

- ھەرقانچە «بىرنېمىسى» ماركىلىق بولسىمۇ، ئۇ بەربىر كالىنىڭ سۈتى ! ئادەم بالىسى دېگەن ئادەم سۈتى ئەمگىنى ئەۋزەلغۇ !

- ئەجەب ئۇششاق سۆز، چاكىنا بوپكېتىۋاتىسىز . مەن بالىنى قانداق باقسام، كارىڭىز بولمىسۇنا .

- نېمىشقا كارىم بولمىغۇدەك . ئەگەر بىز ئاتىلار باشقۇرۇپ تۇرمىساق، سەن بالىنى ئادەم نەسلى ئەمەس، ھايۋان نەسلى قىپ قويغۇدەكسەن .

- ۋۇي غوجام، بالىنى سىز تاپقانمۇ، ھايۋانمۇ ؟ تۈزۈك گەپ قىلىڭ ؟

- بالىنى تېپىش مەقسەت ئەمەس، تەربىيەلەش مەقسەت ! گۈزەللىكىمنى ساقلايمەن دەپ يۈز كۈنلۈكتىن ئەمدىلا ئاشقان قىزىلگۆش جاننى ئەمچىكىدىن ئايرىپ، ھايۋان سۈتى بىلەن باقساڭ ھايۋان نەسلى بولمامدۇ ؟ سەن ھايات تۇرۇپ، سۈتۈڭ بار تۇرۇپ، بوۋاق بالا ئانا مېھرىدىن مەھرۇم قالسا بولامدۇ ؟

بىز ئاشۇنداق تالىشىپ قالدۇق . ئەسلىدىمۇ دېگەن يېرىگە بېرىپ يامان ئۆگىتىپ قويغانىكەنمەن . تېخى يېقىندىلا گۈزەللىكىمنى ساقلايمەن دەپ ھېلىقى «دىلبۇزۇر»دا ساغرىسىنى تەمبۇرنىڭ بېشىدەك پوسكايتىپ چىقىرىپ ماختايدىغان «بىرنېمە گۈزەل» دېگەن ئىچ كىيىمنى زەھەردىن قىممەت ئالدۇرغانىدى . بوپتۇلا، دەپ ئېپبەرگەنىدىم . نەچچە ئاي ئۆتمەي قىشلىق «بىرنېمە گۈزەل» بازارغا سېلىنىۋېدى، يەنە ئالغۇزدى . تېخى بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا دورىلىق لىپتىك بار ئىكەن، ئەمچەكنى دىڭگىدە، ئالمىدەك كۆرسىتىدىكەن، دەپ 50كوي خەجلىگىلى سالغانىدى . ھەيھات ! مەن ئەمەس، مائاشلىق كادىرمۇ بۇنداق زىيانغا چىدىماس دەيمەن . شۇنىڭدىن قارىغاندا، «خوتۇن كىشىگە تۇمۇرىنى تۇتقۇزۇپ قويماسلىق» پەلسەپىسىنىڭمۇ توغرا يېرى بار ئىكەن . بولمىسا، قورسىقىدىن چۈشكەنگە نەچچە ئايلىقلا بولغان ئەتلىمە گۆش بوۋاقنى ئەمگۈزمەسكە ھەددىمىتى !

- بالىنى ئېمىتسەڭمۇ ئېمىتىسەن، ئېمىتمىسەڭمۇ ئېمىتىسەن ! - دېدىم ھەيۋە بىلەن .

- سىزدەك چاكىنا - ئۇششاق سۆز ئەرلەرنىڭ دەستىدىن بىز قىز-ئاياللار گۈزەل، مەدەنىيەتلىك بولالماي قالاق پېتى قېلىۋاتىمىز . ئېست !

- بالا ئېمىتمەسلىك مەدەنىيەتما ؟ - غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم، - سەندەك خوتۇنلارنىڭ دەستىدىن ئادەم سۈتى ئەممەي ھايۋان سۈتى بىلەن ئوزۇقلانغان ئەۋلادلار چوڭ بولسا مۇناپىق بولۇپ چىقىدۇ، بىلەمسەن ! توققۇز ياشتا خەلقىنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇشقا ئاتلانغان ماناس باتۇرنى چىمىردى ئاپپاي③ دەل توققۇز ياشقىچە ئېمىتكەنىكەن . سادىر پالۋانمۇ ئانىسىنى يەتتە ياشقىچە ئېمىۋالىتىكەن . ھازىر سىلەرنىڭ مۇشۇنداق قۇرۇق سۆلەت، كەم ئەقىللىقىڭلاردىن مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپتەك ئەل ئوغلانلىرىنىڭ ئورنىغا روزى موللا، ھېكىم نۇردەك غالچا - ماڭقۇرت مۇناپىقلار چىقىدۇ .

ئۇ ئۈنىنى سوزۇپ ھۆيقۇيتۇپ يىغىنى باشلىدى :

- نېمىشقا كىچىككىنە بىر ئىشقا نەدىكى بىركىملەرنى توغرا تارتىپ بىرمۇنچە تىللايسىزا ؟ شۇنچە دەپ كەتكۈدەك نېمە قىپتىمەن ؟

- نېمە يىغلايسەن ؟ - دېدىم چالۋاقاپ، - ئىككى ئېغىز ھەق سۆزلىسەم كۆزۈڭنىڭ يۇندىسىنى چىقىرامسەن ؟ شۇڭىمۇ سەندەك يىغلاڭغۇ خوتۇندىن يۈزنى يۇغۇرسىمۇ رىزۋانگۈل، قۇرمانجان دانقادەك④ غورۇرلۇق، ئەركەككە تېگىشكۈسىز قىزلارنىڭ تىرنىقى پۈتمەيدۇ !

- ھە . . . مۇنداق دەڭ، - دېدى ئايالىم يىغىدىن توختاپ، - پۈتمىسە، ئەمىسە پۈتىدىغاننى تېپىپ ئەكىرىۋېلىڭ . ۋاي قوۋۇرغامەي . . .

ئۇ شۇنداق دەپ نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى . ئالدىغا ئۆتۈپ سورىدۇم :

- نەگە بارىسەن ؟ ھەي نادان !

- «بىرنېمە گۈل» لىرىڭىزنىڭ تىرنىقىمۇ بولالمىغاندىكەن، كېتىمەن . ئاشۇ بىرنېمە

www.uyghurkitap.com

گۈللىرىڭىزنى ئۈيىڭىزگە ئەكىرىۋېلىڭ .
- ھەي نادان ! ئاچچىقىڭدىن يېنىپ قال . ئۇلار ھازىر بوپقالسا سەندەكلەرگە سان نەدە ! ؟
- ياخشىغۇ ! - دەپ ئايالىم بوغچىلىرىنى بالا بىلەن قوشۇپ كۆتۈرۈپ سۇپىدىن چۈشتى ، - ئەمىسە ئاشۇنداقلار تۆرەلگىچە ساقلىغىـــــزنـــــى ئۈكلەپ ئولتۇراسىز ، - ئۇ ئىشىكتىن چىقاردا ھېلىقى سۆت پاراشوكى بىلەن بوتۇلكىنى ئېلىشنى ئۇنتۇمىدى .
- ئارقاڭغا يان !
بىراق ئۇ قۇلاق سالمىدى . ئارقىسىدىن بېرىپ بالىنى قولىدىن تارتىۋالدىم .
- ئېلىڭ بالىڭىزنىمۇ ، تويمىغىننىڭىـــــزنـــــى كۆرۈمەن ،تېخى !
تولىمۇ ئەمگىسى كەلگەن قىـــزىم تىـــنىماي چىرقىراپ يىغلايتتى . بالامنىڭ مەڭزىگە مەڭزىمنى يېقىپ ،مېنىڭمۇ كۆزۈمدىن ياشلار قۇيۇلدى . . .

* * *

- سۆزۈم ئاخىرلىشىپ قارىسام ، كەسپداش

كاسىپلارنىڭ ھەممىســـى جىـــــمـــــدە ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ . ھەممىسى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، ئۇيغا چۆكۈپ ئېلىپكتىر چىراغنىڭ يورۇپ قالغانلىقىـــغا دىققەت قىلىشمىغانىدى . قۇۋان قىـــزىق مۇرەمگە قولىنى قويغىنىچە ئورنىدىن تۇردى :
- قوپە قىغىز ، توك كەپقاپتۇ ، ئۆچرەتنى بىكار قىلىپ سىبنىڭ ياغىچىڭنى تىلىۋېتەي . دېمىسىمۇ سەن كىتاب خالتىسى قىغىزمۇ ئاچچىقتا ئاغزىمغا كەلدى دەپ تارىختىكى ئۇلۇغلىرىمىز بىـــلەن پاسىـــق مەلئۇنلاردىن مىسال كەلتۈرۈپ گەپنى يوغان يەردىن قىلىپ بەك ئاشۇرۇۋېتىپسەن . خوتۇنۇڭمۇ ئاخىرى سىبىق گەپلىرىڭگە چىدىماي يامانلاپ كېتىپتۇ مانا .
«ئاچچىق ئەقىـــلنـــى كېسەر »دېگەن شۇ . ئەمدى چىرايلىقچە خوتۇنىڭنـــى ئەكېلىـــپ ، بالاڭنـــى ئېمىتتىدىغان ئىشنى قىل ! دېمىسىمۇ بالىغا ئۇۋال بوپتۇ . قانداق دېدىم ئاغىنىلەر ؟
- بىز رازى ! - دەپ بالىلارنىڭ ھەممىســـى گۇررىدە ئورنىـــدىن تۇرۇشۇپ قول-قولچە ئېشەك ھارۋامدىكى ياغاچلارنى چۈشۈرۈپ ،ھەرىنىڭ يېنىـغا ئەكېلىشكە باشلىدى . . .

## ئىزاھلار

① «شىنجاڭ گېزىتى »دىن ئېلىندى .
② ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي : «زامانىۋى خوراپاتلىـق ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى » ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى 2001-يىـــل 3-سان .
③ چىيىردى ئاپپاي - قىرغىز خەلقىنىڭ تارىخىي ئېپوسى «ماناس » تىكى تارىخىي قەھرىمان ماناس باتۇرنىڭ ئانىسى . خەلق رىۋايەتلىرىدىن ئېلىندى .
④ قىرغىز خەلقىنىڭ باتۇر قىزى .

---

ئاپتور : قىرغىز ، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزىسىدا ،دېھقان ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى (M1)

چەت ئەللەردىكى مۇشتەرىلەر سەمىگە
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا چەت ئەللەردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى)باش شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:BM 6498، ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغان چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى)باش شىركىتىنىڭ ئېكسپورت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز.
شىركەت ئادرېسى: جۇڭگو بېيجىڭ چاۋياڭ رايونى ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيى شەرقىي يولى 16-قورۇ

告海外读者

《新疆文化》杂志向海外发行事宜由中国图书进出口(集团)总公司代理。如海外读者要订阅本刊,与中国图书进出口(集团)总公司出口部联系。本刊海外发行代号:6498BM

代理者地址:中国北京朝阳区工体东路16号

CHINA NATIONAL PUBLICATIONS IMPORT & EXPORT CORPORATION

P.O. Box 88,16 Gongti East Road, Beijing 100020 China

FAX:(010)65063101

www.uyghurkitap.com



# تاش قويۇش مەدەنىيىتى ۋە تاش ھەققىدە پاراڭ

نۇرمۇھەممەت توختى

## 1

يېقىندا ئاڭلىسام دوختۇر ئىنىلىرىمدىن بىرى دوختۇرخانىسىنىڭ سەيناسىغا يوغان، ھەيۋەتلىك، ئاجايىپ قورام تاشتىن بىرنى قويماقچى بوپتۇ. تېخى يەنە قورام تاشنىڭ سىلىق يۈزىگە ئېسىل ئەقلىيە سۆزدىن بىر جۈملە ئويدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئىش باشلاپ قورام تاشنى دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىغا ئەكېلىپمۇ بوپتۇ . . .

تاسادىپىي پۇرسەتتە ئاڭلىغان بۇ گەپ ئەستىلىكلىرىمنى غىدىقلاپ ئۆتتى، خىياللىرىمنى ئۇزاقلارغا ئەكەتتى. «ھېمىتنىڭ سېيى»، «چولاقنىڭ سېيى»، «پاختىلىقنىڭ سېيى» ۋە يۇرۇڭقاش، قاراقاشلارنىڭ قىنىدا چوقچىيىپ ياتقان يوغان قورام تاشلارنى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندۈردى. ئويلاپ كۆرسەم، بۇ ئالەمدىكى تاشلارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋىرى ـ مەككە-مۇكەررەمەدىكى، بەيتۇللانىڭ ئىچىدىكى «ھەجرۇلئەسۋەت» ۋە «ماقامى ئىبراھىم» دېگەن تاشلار ئىكەن. ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بىزگە يېتىپ كېلىشىچە: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بەيتۇللانى بىنا قىلىۋاتقان چاغدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بەيتۇللانىڭ تېمىغا ئەڭ ئاخىرقى بىر تاشنى قويۇش ئۈچۈن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن مۇۋاپىق بىر تاش سۇنۇپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىر تاش ئەكەپتۇ، يارىماپتۇ. ئۇ ئىككىنچى بىر تاشنى ئەكېلىپ قارىسا، ئاتىسى ھېلىقى يەرگە ئاللىقاچان تاش قويۇپ بولغانىكەن. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ھەيران بولۇپ ئاتىسىدىن سوراپتۇ:

ـ دادا، ئۇ تاشنى ساڭا كىم ئەكېلىپ بەردى؟

ـ مېنى سېنىڭ قولۇڭغا قارىتىپ قويمايدىغان ئاللا، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام.

مەشھۇر «ھەجرۇلئەسۋەت» (قاراتاش) ئەنە شۇ. ئۇ پەقەت ئاللانىڭ قولى تەگكەنلىكى ئۈچۈنلا ھۆرمەتكە سازاۋەر. ئەكسىچە، خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن سېنىڭ پايداڭمۇ، زىيىنىڭمۇ يوق بىر تاش ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ تۇرىمەن» دېگىنىدەك ياكى ئابابەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەج ۋاقتىدا: «مەن بىلىمەن، سەن يا پايداڭ، يا زىيىنىڭ يوق بىر تاشسەن. ئەگەر مەن ئاللانىڭ ئەلچىسىنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام، سېنى سۆيمىگەن بولاتتىم» دېگىنىدەك، پەقەت بىر قارا تاشتۇر. ئۇنىڭ سۆيۈلۈشكە سازاۋەر بولۇشى ـ ئاللاغا، پەيغەمبەرلەرگە باغلىنىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئاشۇ مۇقەددەس تاشنى بەيتۇللانىڭ تېمىدىن

ئاجرىتىۋېلىپ بەيتۇللانىڭ سەيناسىغا قويۇش - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن خېلى يىللار كېيىنكى ئىش. ۋەھالەنكى، بۇيەردە مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بەيتۇللانىڭ سەيناسىغا ھەجرۇلئەسۋەت قويۇلغانلىقى ئۈچۈنلا دوختۇر ئىنىمىنىڭ دوختۇرخانا سەيناسىغا قورام تاش قويۇشى - بەيتۇللا بىلەن دوختۇرخانا ئۆيىنى، ھەجرۇلئەسۋەت بىلەن يورۇڭقاشنىڭ قىنىدىن سۇزۇۋالغان قورام تاشنى تەڭ كۆرگەنلىكى بوپقالامسىمۇ؟

1996-يىلى كۈزدە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 15 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلدۇق. پائالىيەتنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئاتۇشقا چىقىپ ئەنجۇر سەيلىسىگە داخىل بولدۇق ۋە شۇ پۇرسەتتە سۇلتان سۇتۇق بۇغرا قاراخاننىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدۇق. شۇيەردە دىققىتىمىزگە مەنزۇر بولدىكى، مەقبەرە دېرىزىسىدە خۇددى ھەجرۇلئەسۋەتكە ئوخشايدىغان بىر قارا تاش تۇرۇپتۇ. مەقبەرىگە قارايدىغان شەيخىم - خۇش ئاۋاز، گۈزەل قىرائەتلىك مەتىمىن قارىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ تاش مەقبەرە ياسالغان ئەينى چاغلاردا شۇيەرگە قويۇپ قويۇلغانمىش. مەقبەرىگە زىيارەتكە كەلگەن كىشى بۇ تاشنى بىر قېتىم كۆتۈرۈپ جايىغا قويۇپ قويسا، بەل ئاغرىقى كېسىلىگە گىرىپتار بولماسمىش. 2002-يىلى فېۋرالدا ئابلىكىم ھاجىم، ئەكبەر ھاجىم قاتارلىق ئىنىلىرىم بىلەن سۇتۇق بۇغرا قاراخان مەقبەرىسىنى قايتا زىيارەت قىلغىنىمىزدا، يەنە شۇ مەتىمىن قارىمدىن ئوخشاشلا چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلىدۇق...

بۇ بىزگە، بەيتۇللاغا ھەجرۇلئەسۋەت قويۇلغاندەك، شاھىنشاھلارنىڭ مەقبەرىسىگىمۇ قاراتاش قويۇلسا بولىدۇكەن-دە، دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ ئىككى تاشنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش دەرىجىسى زادىلا ئوخشاش ئەمەس. ئەگەر دوختۇر ئىنىمىزنىڭ دوختۇرخانا سەيناسىغا قورام تاش قويۇشى - سۇتۇق بۇغرا قاراخان مەقبەرىسىدىكىدەك، كۆتۈرۈپ قويسا بەل ئاغرىقىغا شىپا بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ قويۇلغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ داۋالاش كەسپىگە ماس كېلىشى مۇمكىن. ئەمما سېھىرگەرلىك ۋە ئاجايىپ - غارايىپلار ئارقىلىق شىپا تاپالىشىغا ئىشىنىدىغانلار قانچىلىك قالدى ھازىر؟ ئەگەر دوختۇر ئىنىمىز قاراتاشنى كۆتۈرگەنلەرنىڭ بەل ئاغرىقىغا گىرىپتار بولمايدىغانلىقىغا راستتىنلا ئىشەنسە، مەسلىھەتىم شۇكى، دوختۇرخانا سەيناسىغا سەل كىچىكرەك تاش قويسۇن. چۈنكى بۈگۈنكى كۈندە قورام تاشنى كۆتۈرەلەيدىغان كۈچتۈڭگۈر ئادەملەر قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەل ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش كېرەك...

خەلقىمىزدە تاش قويۇش مەدەنىيىتى قانچىلىك ئومۇملاشقان؟ بۇنىڭغا يەنە بىر ھېكايە كەلتۈرەيلى:

1997-يىلى تومۇز يازدا، مەرھۇم ھاتەم توختىروزىنىڭ تەكلىپى بىلەن بىر شائىر - يازغۇچىلار كومپانىيىسى ئۇ ھاكىملىق قىلىۋاتقان گۈزەل تاغلىق يېزا - «بوستان» (ئىماملار)دا بىر قانچە كۈن سەيلە - زىيارەتتە بولۇپ، تاغ ھاۋاسىدا سالقىنلىدۇق. شۇ قېتىم بىر دېھقان ئائىلىسىگە مېھمان بولغىنىمىزدا، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قورام تاش قويۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. سورۇشتۇردۇم. ئۇلار ئېيتتىكى، بۇ تاشلار دەرۋازا ئۇدۇلىغا چىقىپ، دەم ئېلىپ سالقىنلىغاندا ئولتۇرۇدىغان تاش ئورۇندۇق ئەمەسكەن. ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان ئادەت بويىچىلا شۇيەرگە قويۇپ قويۇلۇپتۇ. تېخى بۇ تاشلار ئاتىسىدىن سۆزلىگۈچىگە، ئاتىسىغا بولسا بوۋىسىدىن قالغان تاشلار ئىكەن. بىر قانچە قېتىم ئۆي يېڭىلاپ، ئۆي ئورنى، دەرۋازا ئورنى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، تاشلارنى تاشلىۋەتمەي، يەنىلا دەرۋازىنىڭ ئىككى يېقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ...

تۇزلەڭلىكتىكى دېھقان يېزىلىرىدا دەرۋازا ئالدىغا تاش قويۇلغانلىقىنى كۆرگىنىم ئېسىمدە يوق. بولۇپمۇ تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى، تاش تېپىلمايدىغان قۇملۇق يېزامدا بۇنداق ئادەت ئەسلا مەۋجۇد ئەمەس. قارىغاندا، بۇ تاغلىق يېزىلاردىلا ساقلىنىپ قالغان ئادەتتەك قىلىدۇ.

ئاسارئەتىقە تەتقىقاتچىسى، ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بىز ئۇيغۇرلاردا توي كۈنى قىزنى يىگىت تەرەپكە يۆتكەپ كەلگەن چاغدا، قىزنى ئىسسىق جۇۋا ياكى ماموق كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇدىغان، جۇۋا ياكى كۆرپىنىڭ ئاستىغا ئېغىر تاش قويۇپ قويۇدىغان ئادەت بولغانىكەن. جۇۋا ئۈستىگە ئولتۇرغۇزغىنى «قىز-يىگىتنىڭ مۇھەببىتى جۇۋىدەك ئىسسىق بولسۇن» دېگىنى، ئېغىرتاش قويۇپ قويغىنى - «تاشتەك مەھكەم ئولتۇرۇپ قالسۇن» دېگىنى ئىكەن.

ئەمدى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى: دوختۇر ئىنىمىزنىڭ دوختۇرخانا سەيناسىغا قورام تاش قويۇشى - تاغلىق يېزىدىكىگە ئوخشاش ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان ئادەت يۈزىسىدىنلا قويۇلىدىغان بولسا، ئەڭ ياخشىسى بۇ تاش ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان تاش بولسۇن. بولمىسا، بۇنىڭ ھېچقانچە قىممىتى، ئەھمىيىتى بولماي قالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قورام تاش ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى - يېڭى كېلىن كۆچۈرۈپ كەلگەندە جۇۋا ئاستىغا تاش قويۇپ قويغاندەك «مەڭگۈ تۇرۇپ قالسۇن» دېگەن مەنىگە ئىگە بولسا ۋە دوختۇر ئىنىمىز «دوختۇرخانام مەڭگۈلۈك بولسۇن، قورام تاشتەك كاتتا ئىناۋەت قازانسۇن» دېگەننى نەزەردە تۇتقان بولسا، بۇنى بىر ئېسىل ئارزۇ دېمەي بولمايدۇ. ئەمما بۇنداق شېرىن ئارزۇغا يېتىشنىڭ تىرىشچانلىق، ئۆگىنىش، تەجرىبە توپلاش، ئەستايىدىللىق ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى بىلىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۇنى سەيناغا قورام تاش

www.uyghurkitap.com

قويۇش ، تاش يۈزىگە ئىبسل ئەقلىيە سۆز يېزىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش كويىدا بولماسلىق كېرەك .

## 2

تاش قويۇش ـ تاش ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق ، ئىنسانىيەت ئۆتمۈشىنىڭ بەكمۇ ئۇزاق زامانلىرىغا ـ تىلغا ئېلىنىۋاتقان «تاش قوراللار دەۋرى»گە كېتىپ قېلىشىمىز مۇمكىن . ئىنسانلاردا بەلكىم ئاشۇ زامانلاردىلا تاشنىڭ قاتتىقلىقىغا ، تاش بىلەن ئۇرسا ئۇۋۇلماقچى بولغان ھەرقانداق ھايۋاننىڭ ئۆلۈدىغانلىقىغا ،تاش پالتا بىلەن چاپسا ھەرقانداق دەرەخنىڭ يىقىلىدىغانلىقىغا قاراپ ، تاشقا نىسبەتەن تۇنجى چوقۇنۇش ،ئەيمىنىش ، سېغىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن . ئەمما تاش قويۇش ۋە تاشچىلىقنىڭ بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە كۆزگە چېلىقىشى خېلى كېيىنكى چاغلاردىكى يەنى كۆپ خۇدالىق دىنلار ۋە بۇددىزىم گۈللەنگەن زامانلاردىكى ئىش . بىزگە مىسىر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغانلارنىڭ تاش قويۇپ ئېھرام ياسىغانلىقى ، تاشتىن ھەيكەللەرنى ئويغانلىقى ، بېرىتانىيە ئاراللىرىدا مەدەنىيەت ياراتقۇچىلارنىڭ غايەت زور تاش تۈۋرۈكلەرنى تىكلەپ ، تاش دەرۋازىلارنى ياسىغانلىقى ، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى ئىندىيان مەدەنىيەتلىرىنى ياراتقۇچىلارنىڭ تاشتا مۇراسىم سۇپىلىرىنى قوپۇرغانلىقى ،تاش ھەيكەللەرنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بۇددىستلارنىڭ ئىلاھلىرى بولغان «ۋەسەن »ۋە «نوسۇپ »لارنىڭمۇ تەرتىپسىز شەكىلدىكى تاشلار ئىكەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە ۋە رىۋايەتلەر يېتىپ كەلگەن . ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشاپ كۆپەيگەن خەنزۇ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا تاش ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تاشچىلىق مەدەنىيىتى تېخىمۇ جۇلالاپ كۆزگە كۆرۈنىدۇ . «قىزىل راۋاقتىكى چۈش »رومانىنىڭ بېشىدىلا نۈيۋا ئاسماننى يامىغاندا ئېشىپ قالغان بىر پارچە تاش توغرىسىدا قىزىقارلىق رىۋايەت بار . «غەربكە ساياھەت »رومانىدا كارامەتلىك سۇنۇۋۇكۇڭنىڭ تاشتىن تۆرەلگەنلىكى ۋە گۇناھ سادىر قىلىپ ئاناسىر تېغىدا تاشقا باسۇرۇپ قويۇلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ . ئۇزۇن دەريا (چاڭجياڭ )ۋە سېرىق دەريا (خۇاڭخې )ھاۋزىلىرىدىكى ئاسارئەتىقە قۇرۇلۇشلارغا ، بۇتخانىلارغا ،باغچا ۋە مەنزىرىلىك جايلارغا ،ئاقسۆڭەك تۆرىلەرنىڭ قەدىمكى ئولتۇراقلىرىغا قەدەم باسساڭ تۇنجى كۆرۈدىغىنىڭ ، ئاتايىتەن يۆتكەپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرغان بەھەيۋەت چوڭ قورام تاشلار بولىدۇ .خەنزۇلارنىڭ تاشقا بولغان ھېسسىياتى قورام تاش ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تاش يۈزىگە گۈزەل مەسنەۋىيلەرنى يېزىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ . تاش شىرلار ،تاش ئەجدىھالار ،تاش ھەيكەللەر ، تاشلارنى تىزىپ ياسىغان سۈنئىي تاغلارنى كۆرۈپ ئاغزىڭنى كاماردەك ئېچىپ قالىسەن . ئۇنىڭدىكى سەنئەتكە ، نەپىس ھۈنەرگە ، تەسەۋۋۇرنى بالاغەتكە ھەيران بولىسەن . دىنىي ئېتىقاد زۆرۈرىيىتىدىن ھالقىپ خاس مەدەنىيەت سەمەرىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىسەن . دىنىي ئېتىقادقا باغلانمىغان مەدەنىيەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، ئەلۋەتتە . ۋەھالەنكى ، ئۇ دىنىي ئېتىقاد زۆرۈرىيىتىدىن ھالقىپ سەنئەت بالاغىتىنى ئۆزىدە نامايان قىلغان چاغدا ،مەدەنىيەت بولۇپمۇ شەكىللىنەلەيدۇ . خەنزۇ خەلقىنىڭ تاشچىلىق ۋە تاش قويۇش ھېرىسمەنلىكى ،ئۆزلىرى خېلىلا سۇس ھالدا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇددا دىنىي ئېتىقادىنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن . بىز بۇنى ئۆتمۈشتىكى خان-پادىشاھلارنىڭ ،ئاقسۆڭەك -تۆرىلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىش ئويۇنى ، خەلقنى بۇلاپ-تالاپ يىغقان بايلىقنى خەجلىگىلى يەرتاپالماي تاپقان ئەرمىكى دەپ قارىساق بولمايدۇ . ئۇ ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ گۈللەپ ياشىنىماقتا . تاش قويۇش ئاللىقاچان زامانىۋى باغچىلارنىڭ چىملىقلىرىغا ، يۇلتۇزلۇق مېھمانسارايلارنىڭ زاللىرىغا ،ئىدارە-ئورگانلارنىڭ قورۇلىرىغا ،ھەتتا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت-كارخانا ،مەكتەپلەرنىڭ مەيدانلىرىغىمۇ كىرىپ كەلدى . ئۇيەرلەردە يىراق سايلاردىن ، ئېگىز تاغلاردىن ،چوڭقۇر دەريالاردىن يۆتكەپ كېلىنگەن قورام تاشلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا . ئۇستىگە يېزىلغان گۈزەل مەسنەۋىيلەر ، مەنىلىك ئىبارىلەر ، ھاياجانغا سالغۇچى ئەقلىيە سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنى جەلپ قىلماقتا . بۇ ، ئىسلاھاتتىن كېيىن يېتىپ كەلگەن باياشادلىقنىڭ باشقىچە شەكىلدە ئىپادىلىنىشى بولۇشى مۇمكىن ۋە ياكى ھەردەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئۆز نەتىجىلىرىگە ئېپتىخارلىنىپ ،نەتىجىلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئورناتقان تاش ئابىدىسىمۇ بولۇشى مۇمكىن . قانداقلا بولمىسۇن ، تاش قويۇش ـ بۈگۈنكى جۇڭگودا يەنىلا داۋاملاشماقتا .

بۈگۈنكى تەرەققىي تاپقان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان باشقا ئەللەردە قورام تاش قويۇش ئەھۋالى قەلەم تەۋرەتكۈچىگە مەلۇم ئەمەس . پەقەت ئامېرىكا جەنۇبىي داكوتا شىتاتىنىڭ براك تېغىغا ـ تاشقا رەئىس جۇمھۇرلارنىڭ باش ھەيكەللىرى ئويۇلغانلىقىنىلا گېزىتتىن كۆرگەن . بۇ ، ھەيكەلتىراشلىق بولۇشى ، قورام تاش قويۇش بولماسلىقى مۇمكىن . شۇنداقتىمۇ قەلەم تەۋرەتكۈچى تاش قويۇش ، تاش ھەيكەلتىراشلىقى ،تاش غارچىلىقى قاتارلىقلارنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا ، بۇددىزمنىڭ تۈرتكىسىدە پەيدا بولغان بىر خىل خاس مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ . مەدەنىيەتنى ئىلغار مەدەنىيەت ۋە قالاق مەدەنىيەت دەپ ئايرىش مودا بولۇۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن تاشچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ خاراكتېرىگە ھۆكۈم قىلماق بەك تەس . يېنىكلىك بىلەن چىقىرىلغان

خۇلاسە ئوقۇرمەنلەرنى قايىل قىلالماسلىقى مۇمكىن، قانداقلا بولمىسۇن، تاش قويۇش ۋە تاشچىلىق مەدەنىيىتى بارلىق خاس مەدەنىيەتلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراستىنىڭ بىر خىل مېۋىسىدۇر.

## 3

باشتىكى گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، دوختۇرخانىغاشىپالىق ئىزدەپ كېلىدىغان بىمارلارنىڭ دوختۇرخانا سەيناسىغا قويۇلغان ھەيۋەتلىك قورام تاشتىن، تاشقا يېزىلغان ئەقلىيە سۆزدىن ھوزۇرلىنىشقا ھەپسىلىسى بارمۇ-يوق؟ دېگەن مەسىلە مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇلار تارتىۋاتقان كېسەللىك ئازابى ۋە ئۇلارنىڭ رېئال ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا ئامال يوق. ئىنىمىز ئاچقاندەك خۇسۇسىي دوختۇرخانىلارنىڭ گۈللەپ-روناق تېپىۋاتقانلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەب، داۋالاش راسخوتىنى ئاچچوت قىلدۇرالمايدىغان كۆپ سانلىق بىمارلارنىڭ ئۇيەرلەردىكى داۋالاش ھەققىنىڭ، دورا پۇلىنىڭ ئاز، مۇلازىمىتىنىڭ ئەلا ئىكەنلىكىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىدە. بولۇپمۇ داۋالاش ھەققىنىڭ تۆۋەن، دورا پۇلىنىڭ ئەرزان بولۇشى ئۇلارنى بەكرەك قىزىقتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ يىللىق كىرىمى ئەمدىلا مىڭ يۈەندىن ھالقىدى. بىر يىل ئىچىدىكى كۈنلەرگە چاچساق ئۈچ يۈەندىنمۇ توغرا كەلمەيدۇ. ئۈچ يۈەن بىلەن بىر كۈن قورساق باققىلى بولمايۋاتقان ئەھۋالدا، داۋالىنىش ھەققى ۋە دورا پۇللىرىنى كەڭتاشا تۆلىگۈدەك، «خەلق دوختۇرخانىسى»نامىدىكى دوختۇرخانىلارنىڭ يۇقىرى داۋالاش ھەققىنى، قىممەت دورا پۇلىنى كۆتۈرەلىگۈدەك ئىقتىسادىي شارائىت ئۇلاردا نېمە قىلسۇن؟ شۇڭا ئۇلار ئىنىمىز ئاچقاندەك ئەرزان باھالىق شىپاخانىلارنى كۆپرەك ئىزدەپ كېلىدۇ. ئۆيدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى قورساق غېمى، كېسەللىك ئازابى ۋە ناتىۋانلىق - ئۇلاردا ھوزۇر-تاماشاغا بولغان ھەپسىلىنى يوقاتقان. «توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ»دېيىلىدۇ تەمسىللەردە. تولۇقلىساق، توقلۇقتىن، ساقلىقتىن شوخلۇق ۋە ھەپسىلە چىقىدۇ. ئەكسىچە، ئاچلىقتىن غەم، ساقسىزلىقتىن تېخىمۇ ئېغىر غەم چىقىدۇ. غەمكىن ئادەمدە ھوزۇر-تاماشاغا ھەپسىلە بولسۇنمۇ؟ سەيناسىغا قورام تاش قويماقچى بولغان دوختۇر ئىنىمىز بىلىشى كېرەككى، ئۇنىڭ داۋالاش ئوبيېكتلىرى ھوزۇر-ھالاۋەتكە ئۆچ ئەمەسكى، ئەمما تېخى ھوزۇر-ھالاۋەت قوغلاشقۇدەك سەۋىيىگە يېتەلمىدى. ئەگەر ئىنىمىز ئاشۇ يوغان قورام تاشنى ئىزدەپ تاپقۇچىلارغا، ئۇنى يۈك ماشىنىسىنىڭ كوزۇپىغا ئېلىپ - چۈشۈرۈدىغان كىرانغا، توشۇپ ئەكېلىدىغان يۈك ماشىنىسىغا، تاش يۈزىگە ئەقلىيە سۆز يازىدىغان خەتتاتقا خەجلىگەن پۇللارنى ئۆزىدە داۋالىنىۋاتقان ناتىۋان بىمارلارنىڭ داۋالىنىش ھەققىنى تېخىمۇ ئازايتىشقا سەرپ قىلغان بولسا، بۇ ئەلۋەتتە تېخىمۇ خەيرلىك ئىش بولغان بولاتتى. بەس تالىشىشنىڭ، «غورا غورىنى كۆرۈپ ئالا بولغاندەك» ئالا بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. «خەلق دوختۇرخانىسى» چىملىقلىرىغا قورام تاش قويسا، قويۇۋەرسۇن. بىز قويمىساق نېمە بوپتۇ؟ ئۇلاردىن ئېسىل داۋالاش تەجرىبىلىرىنى، دوختۇرخانا باشقۇرۇشنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنەيلىكى، داۋالاش ھەققىنى قىممەت قىلىشنى، دورا باھاسىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈۋېلىشنى، دەل-دەرەخلەرنى كېسىپ چىملىق بەرپا قىلىشنى، چىملىقلارغا قورام تاش قويۇشنى ئۆگەنمەي تۇرايلى. ئىشلىرىمىز ھەللىسىدە بولسۇن.

سەيناسىغا قورام تاش قويماقچى بولغان دوختۇر ئىنىمىزغا مۇنچىۋالا تاپا-تەنە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېيىلىدۇ ماقال-تەمسىللەردە. بىز ئۇنىڭ دوستى. ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولۇشىنى خالايمىز. ئۇنىڭ داۋالاش ئىشلىرىدا لوقمان ھەكىمدەك، ئىبنى سىنادەك نۇسرەت قازىنىشىغا تىلەكداشمىز. ۋەھالەنكى، يۇقىرىقى تاپا-تەنىلەر بىر ئۇنىڭغىلا تەئەللۇق ئەمەس. ھەشەمەت قوغلىشىۋاتقانلار بىر ئۇلا ئەمەس. «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا»دېگەن گەپمۇ بارغۇ بىزدە. «گەپ بىر، قۇلاق ئىككى». جاھاننىڭ ئىشلىرى ئوڭشالسا، ھەممىمىز مەنپەئەتلىنەلەيمىز.

ئاخىرقى گەپ شۇكى، ئاغا-ئىنىلەردىن بىرەرسى مەيدان- سەينالىرىغا قورام تاش قويماقچى بولسا، قورام تاشنىڭ يۈزىگە گۈزەل ئەقلىيە سۆزلەردىن يازماقچى بولسا، ئەڭ ياخشىسى «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز»، «لازىمى بار تاشنىڭ ئېغىرى يوق»، «يوقسۇزلۇق تاشتىن قاتتىق»، «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بېشى تاشقا تېگەر»، «سۇ تامچىسى تاشنى تېشەر»دېگەندەك ماقال-تەمسىللەرنى يېزىپ يۈرمىسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن سېنىڭ پايداڭمۇ، زىيىنىڭمۇ يوق بىر تاش ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ تۇرىمەن»دېگەن ھەدىسىنىمۇ يازمىسۇن. قورام تاش يۈزىگە ئېنىق ۋە يوغان قىلىپ بىر سوراق بەلگىسى-«؟»سىزىپ قويسۇن. بۇنىڭدا قورام تاش قويۇشتىكى مەقسەت تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ...

2003-يىل 25-ئىيۇن، شەھىرى خوتەن(M2)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قىرتاق پاراڭلار

## - تاللانغان فېلىيەتونلار

### ئوغلۇمنىڭ ماقالىسى

ئوغلۇم ئوقۇيدىغان مەكتەپ «يۇرتۇمدىكى ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ. ئوغلۇمنىڭ ماقالىسىنى ياخشى يېزىپ چىقىشىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا ئاتايتەن يۇرتۇمنى كۆرسىتىپ كەلمەكچى بولدۇم. مەن كۆڭلۈمدە: «يۇرتۇمدىن ئايرىلغىنىمغىمۇ خېلى يىللار بوپقالدى. يۇرتۇمدا چوقۇم زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئوغلۇم بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلسە، ماقالىسى چوقۇم ياخشى چىقىدۇ، تۇرمۇش پۇرىقىمۇ قويۇق بولىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدۇم.

كىم بىلسۇن، يۇرتۇمغا بېرىپلا تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندىم. باشقا جايلار بەس-بەس بىلەن ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان بولسىمۇ، بىراق يۇرتىمىز يەنىلا ئاشۇ نامرات پېتى ئىدى. بىرەر ئۆزگىرىش بولمايلا قالماستىن، بەلكى تېخى ئىلگىرىكى جايلارمۇ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانىدى. مەسىلەن، ئالايلۇق، ئېسىمىز ئالدىدىكى كىچىك دەريانىڭ سۈيى ئىلگىرى زۇمرەتتەك سۈزۈك بولۇپ، بېلىق، راك دېگەندەك جانىۋارلار ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى. ناۋادا ھازىرمۇ شۇنداق بولغان بولسا، ئوغلۇمنى ئېلىپ بېلىق، راك تۇتۇشقا بارغان بولسام، ئۇ تازا بىر قانغۇدەك ئوينىۋالاتتى ئەمەسمۇ! ئەپسۇس، ئۇ دەريادا ھازىر ھەم قارا، ھەم سېسىق يۇندا ئاقاتتى، ئۈستىدە ئەخلەت-چاۋارلار لەيلەپ يۈرۈدىغان بولۇپ، بېلىق، راك دېگەندەكلەرنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ئىلگىرى دەريادا بىر تاش كۆۋرۈك بولۇپ، بالىلار مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ مەكتەپكە بېرىشاتتى. بىراق ھازىر ئۇ كۆۋرۈكمۇ يوق بولۇپ، بالىلار ئىشتانلىرىنى تۈرۈشۈپ، يۇندىنى كېچىپ ئۆتۈدىكەن. ئاڭلىسام، يازدا كەلكۈن كېلىپ كۆۋرۈكنى بۇزۇۋېتىپتۇ. يېزىمىز نامرات بولغاچقا، كۆۋرۈك سېلىشقا پۇل چىقىرالماپتۇ. تېخى ئىككى كۈن ئىلگىرىلا بىر بالا دەريادىن كېچىپ ئۆتكىچە يىقىلىپ چۈشۈپ، ئۈستىۋېشى يۇندا بوپكېتىپ، مەكتەپكىمۇ بارالماپتۇ...

يۇرتۇمنىڭ ئەھۋالى مۇشۇ تۇرسا، ئوغلۇم ماقالىسىنى قانداقمۇ يازالىسۇن. يۇرتۇمدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇئىشلارنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم.

كىم بىلسۇن، بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئوغلۇم مەكتەپ بەرگەن تەقدىرنامىنى كۆتۈرۈپ

ئاجايىپ كۈلكىلەر

كەلدى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇنىڭ ھېلىقى ماقالىسى مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ . مۇئەللىمنىڭ ئېيتىشىچە ، ئوغلۇمنىڭ ماقالىسى تېخى شەھەر گېزىتىنىڭ «مەكتەپ ھويلىسى» سەھىپىسىدىمۇ چىقارمىش !

مەن تولىمۇ تىت-تىت بولدۇم : يۇرتۇمدىكى ئاشۇ ئەمۋاللار بىلەن شۇنچە ياخشى ماقالە يېزىپ چىققىلى بولارمۇ ؟ ئەجەبا ، ئۇ ھەر كۈنى تېلېۋىزور كۆرۈۋېرىپ ، «قىزىق نۇقتا ھەققىدە سۆھبەت» دەك بىرەر نەرسە يېزىشنى ئۆگىنىۋالدىمۇ-يە !

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شەھەر گېزىتىدە راستىنلا ئوغلۇمنىڭ ھېلىقى ماقالىسى چىقتى . مەن ماقالىنىڭ باش-ئايىغىنى ئوقۇپلا ، ئاچچىقىمدا ئۇنى تازا بىر ئەدەبلەپ قويماقچىمۇ بولدۇم !

ئۇ ، دەريا بىلەن كۆۋرۈك توغرىسىدىكى ئىشلارنىڭ ۋاقتىنى ئۆزگەرتىپ يازغانىدى : ئىلگىرى دەريا سۈيى ناھايىتى مەينەت بولۇپ ، يۇندا ئاقاتتى . ھازىر دەريا سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك بولۇپ ، بېلىق ، راك قاتارلىق جانىۋارلار توپ-توپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرۈشىدۇ . ئىلگىرى بالىلار كۆۋرۈك بولمىغاچقا ، دەريادىن كېچىپ ئۆتەتتى ، ھازىر دەرياغا چوڭ كۆۋرۈك سېلىندى . . .

كەچتە ئوغلۇم قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا مەن گېزىتنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ : «قارا ، يازغان ماقالەڭگە ! ئاق-قارىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىپسەن ! كىم سېنى مۇشۇنداق يازسۇن دېدى ؟ . . .» دەپ ۋارقىراپ كەتتىم .

ئوغلۇمنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ دەسلەپتە بۇنداق يازمىغان بولۇپ ، ئوقۇتقۇچىسى كۆرگەندىن كېيىن ، ماقالىنىڭ خېلى ياخشى يېزىلغانلىقىنى ، بىراق ۋەقەلىكى بۇنداق بولسا ، مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ، شۇڭا مۇشۇنداق ئۆزگەرتىپ يازسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .

ئەتىسى مەن مەكتەپكە تېلېفون بېرىپ ، ھېلىقى ئوقۇتقۇچى بىلەن كۆرۈشتۈم ھەمدە ئۇنىڭغا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ھەم ماقالە يېزىشنى ، ھەم ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۇنىڭغا : «بۇ خىل تەربىيىلەش ئۇسۇلىدا بىرەر مەسىلە بارمۇ-قانداق ؟» دېگەن سوئالنى قويدۇم . ئۇ تېلېفوندا ئۆز خاتالىقىنى تونۇيدىغاندەك ئەمەس ئىدى ، ئەكسىچە تېخى ماڭا تەنبىھ بېرىپ : «مەسىلە بار ، دېدىڭىزمۇ ؟ ھېچقانداق مەسىلە يوق . دېگىنىڭىز ناھايىتى توغرا بولدى ، بىز ھەم ماقالە يېزىشنى ، ھەم ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىمىز . مەكتەپ تەربىيىسى جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماسلىشىشى كېرەك . ھازىر ئەمۋال سىز ئوقۇغان ۋاقىتلارغا ئوخشىمايدۇ . سىزمۇ جەمئىيەتكە بېقىپ كۆزقارىشىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەك ، ئۆزگەرتمەسلىكنىڭ ئۆزى بىر مەسىلە بولىدۇ . ئەجەبا ، سىز كەلگۈسىدە ئوغلىڭىزنىڭ ئەمەل تۇتۇپ ، باي بولۇشىنى خالىمامسىز ؟» دېدى .

---

ياڭ جىي قەلەمدىكى بۇ فېلىيەتون «شېنجېن قانۇن گېزىتى» نىڭ 2003-يىل 23-مارت سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» (« 杂文选刊 ») ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 5-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان .

## سائەت

سائەتكە قاراپ ئولتۇرۇپ ، تۇساتتىن سائەت ئىستىرېلكىلىرى بىلەن بىز ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىقلار بارلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم .

ئىنچىكە ، ئۇزۇن بولغان سېكۇنت ئىستىرېلكىسى دەل بىزنىڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچىلەرگە ئوخشايدىكەن . ئۇ ھاردىم-تالدىم دېمەستىن توختىماي مېڭىپ ، نەچچىنى ئايلىنىۋەتسىمۇ ئاران بىرنەچچە مىنۇتلا بولىدىكەن .

تومپ كەلگەن سائەت ئىستىرېلكىسى رەھبىرىي كادىرلىرىمىزغا ئوخشايدىغان بولۇپ ، سالماقلىق ۋە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ماڭىدىكەن ، بىراق بىلىكىنى شۇنداقلا بىر ھەرىكەتلەندۈرۈپ قويسا ، يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ ، بىزنىڭ ۋاقتىمىز ۋە ياشلىق باھارىمىزنى خورىتىدىكەن .

---

ليۇباۋيۇ قەلەمدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» (« 杂文选刊 ») ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 5-سانىغا بېسىلغان .

فېلىيەتونلارنىڭ تەرجىمانى : **توختىھاجى يۇنۇس**

# ئىستاكانغا سىغدالغان دېڭىز

## 1

چەتئەلدىن قايتىپ كەلگەن بىر دوستۇم مۇنداق دەيدۇ : جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە ھەم غۇرۇرلۇق ، ھەم قىزغىن مۇلازىمنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم . ئۇلار بىر بولسا بەك قەبىھ كېلىدىكەن ؛ بىر بولسا ئۆزىنى بەك كەمسىتىدىكەن .

دەرھەقىقەت ! بۇ دەل بىز جۇڭگولۇقلاردىكى ئېغىر مەسىلە . بىز ئۆزئارا تەڭ-باراۋەر تۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەنمىز . ناۋادا ساڭا خوجايىن بولالمىسام ، چاكار بولۇشقىلا رازىمەنكى ، باراۋەر ئادەم بولۇشنى خالىمايمەن .

## 2

ئاۋمېننى ساياھەت قىلىپ كەلگەنلەر ئېيتىدۇ : دۇنيادىكى چوڭ-چوڭ قىمارخانىلاردا قىمار ئوينايدىغانلار ساپلا جۇڭگولۇقلار ؛ تايلاند ئىشرەتخانىلىرىدا ئوينايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگولۇقلار ؛ تۈرلۈك قۇۋۋەت دورىلىرىنى ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىدىغانلار ئەلۋەتتە يەنىلا جۇڭگولۇقلار .

بۇ دەل بىزدەك نەيرەڭۋازلارنىڭ مىللىي پىسخىكىسىدۇر . چۈنكى قىمار ئويۇنىغاندا تەر ئاققۇزماي پۇل تاپقىلى بولىدۇ ؛ ئىشرەت قىلغاندا مۇھەببەتنىڭ جەبىر-جاپاسى ، ئاۋارىچىلىقلىرى ۋە مەسئۇلىيەتلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپ ، شەھۋانىي نەپسىنى بىۋاستە قاندۇرغىلى بولىدۇ ؛ قۇۋۋەت دورىلىرىنى كۆپ ئىستېمال قىلغاندا ، بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ جاپاسىنى چەكمەي تۇرۇپلا ساغلاملىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ .

## 3

تەڭرى ئادىل بولىدۇكەن .

چۈنكى ئۇ ، بايلارغا ئېسىل نازۇ-نېمەتلەرنى ، كەمبەغەللەرگە بولسا بالادەك ئىشتىھانى بېرىپتۇ ؛ كاتتا ئەربابلارغا پاكار بوي-بەستنى ، قامەتلىك - كېلىشكەن كىشىلەرگە بولسا پەسكەش روھنى بېرىپتۇ ؛ مەززىلىك پۇرىقى بىلەن ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان دالچىن گۈلىگە ئۆلۈمتۈكلەرچە بىچارە قىياپەتنى ،پۇراقسىز مۇدەنگۈلگە بولسا ھۆرلەرگە خاس تەڭداشسىز سۇمباتنى بېرىپتۇ .

تەڭرى ئادىل بولىدۇكەن .

چۈنكى ئۇ ، رەزىللەرنى لەنەتگەردى قىلغىنى بىلەن ، توققۇزىنى تەل يارىتىپتۇ ؛ ئالىيجانابلارنى ماختاشقا سازاۋەر قىلغىنى بىلەن ،ئازابقا بەنت يارىتىپتۇ ؛ كۈچلۈكلەرنى يېگانە قىلغىنى بىلەن ، ئاجىزلارنى ئۇملۇكتە يارىتىپتۇ ؛ ھەم چىشى يوق ،ھەم تىرناقسىزلارغا قانات بەرگىنى بىلەن ، قاناتسىزلارنى ئۆتكۈر چىش ۋە كۈچلۈك تىرناق بىلەن يارىتىپتۇ .

تەڭرى ئادىللىقى بىلەن ھەممىنى مۇكەممەل ياراتمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئىنسانلاردا مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش ئىستىكى پەيدا بولغان .

## 4

يېقىندا پەرەڭلەردىن بىرسى يازغان «چۈشەنمەك قىيىن جۇڭگولۇقلار »ناملىق بىر پارچە كىتاب سېتىۋالدىم .مەن بىر پەرەڭنىڭ جۇڭگولۇقلارغا دائىر مەسىلىلەرنى ئۇنچىۋالا توغرا قويالىشىغا ئىشەنمەيمەن . بىراق ئۇنىڭدا دېيىلگەن مەسىلىلەر بىزدە ھەقىقەتەن مەۋجۇد .كىتابتا دېيىلىپتۇ :

جۇڭگولۇقلار ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە ئەڭ دوگمىچى ،شەخسىي ھەرىكەتلەردە بولسا ئەڭ پرىنسىپسىز كېلىدۇ ؛ ئۇلار رەسمىي ئىشلاردا ھەمكارلىشالمايدۇ-يۇ ، لېكىن چويلىدا توختىمايدىغان ئىشلاردا ئېغىز-بۇرۇن يالىشىدۇ ؛ ئۇلار دۇنيادا ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي ، ئۆزىنى «ئاكاڭ قارىغاي جاھاندا بىر » سانايدۇ-يۇ ، لېكىن ئېغىزىدا ھەرقانداق كىشىگە «خوش غوجام »دەيدۇ ؛ ئۇلار يېڭىلىققا ئىنتىلىشنى پەقەت خالىمايدۇ-يۇ ،لېكىن ئەنئەنىنى ساقلاشنىمۇ قەۋەتلا ئۆچ كۆرىدۇ . بۇ خۇددى يېڭى ئۆي سېلىشقا قۇربى يەتمىگەن تۇرۇقلۇق ، كونا چەللىسىنى بۇزۇپ تاشلىغانغا ئوخشايدۇ .

بۇنداق جۇڭگولۇقلارنى قانداقمۇ چۈشەنگىلى بولسۇن !

---

ۋۇجياشياڭ قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتونلار «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» (« 杂文选刊 ») ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 7-سانىغا بېسىلغان . **سەۋدايى** تەرجىمىسى

# ئەگەر گۇسەي بۈگۈنكىچە ياشىغان بولسا...

گۇسەي دېگىنى «20يىلدىن بېرى كۆرگەن غەلىتە ئىشلار» دېگەن كىتابتا بىر قەدەر كۆپ تىلغا ئېلىنغان بىر شەخس. ئۇنى بىر پارىخور ئەمەلدار دېگەن گەپ بىلەن ئىپادىلىسىمۇ بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇ، پۇلغا ھېرىسمەن ئادەم بولۇپ زادى قانچىلىك ھارام دۇنياسى بارلىقى كىتابتا تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر ئاز-تولا بىلىدىكەن. گۇسەي خەزىنە بېگى بولۇپ ئۈچىنچى يىلىغا قەدەم قويغاندا، خان مۇپەتتىشى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەندە مەنسىپىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قاتراپ 600مىڭ سەر كۈمۈش خەجلىگەن. بۇنچىلىك كۆپ پۇلغا ئادەتتىكى ئادەملەر ئەلۋەتتە چىدىمايدۇ. ئەمما ئۇ ئۆزكۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىپ: «ناھايىتى ئۈچ ئايلىق ھارام دۇنيانى خەجلىدىم» دېگەن. ئۈچ ئايدا 600مىڭ سەر ھارام پۇل ئۇندۇرۇۋالسا، ئۇ ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئەمەل تۇتقاندا قانچىلىك ھارام پۇل ئۇندۇرۇۋالغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. ئىككىنچىدىن، ئۇ شۆھرەتپەرەس ئادەم ئىدى. غەزىنە بېگى بولۇپ ئۆزىمايلا خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىدۇ (بەلكىم ئۇنىڭغا ئامەت قۇشى قونغان بولسا كېرەك). بۇ، زامانىمىزدىكى بەزى ئۇتتۇق قازانغان «ئەربابلار» يەكۈنلىگەن ئەرلەردىكى ئۈچ خۇشاللىق - ئەمەلدار بولۇش، باي بولۇش، خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىش... كە ئوخشاپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ ئىككى يىل ئىچىدە ئالتە خوتۇن ئالىدۇ. ئەيش-ئىشرەت قىلغان «جالاپلار» (خوتۇننىڭ تىلى) تېخىمۇ كۆپ ئىدى. لېكىن مۇشۇ ئىشلىرىغا قاراپلا ئۇنىڭ «قىلمىش-ئەتمىشلىرى» ناھايىتى «گەۋدىلىك» بولغان ھالەتتىمۇ «مەنچىلىك تارىخدا نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ» غان بولۇشى ناتايىن ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرى پەلسەپىدە دېيىلگەن زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئوخشاش جەمئىيەتتە بەك «ئومۇملىشىپ» كەتكەنىدى. پۈتكۈل فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى نورغۇنلىغان پارىخور ئەمەلدار ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ «قېلىپ» قا چۈشەتتى. ئۇ، باسقاق بېگىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ئۈچۈن، ئەمدىلا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ساھىبجامال كېلىنىنى سوۋغا سۈپىتىدە باسقاق بېگىگە ھەدىيە قىلغان. بۇ «سوۋغا» نى بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈش خەجلەپ باسقاق بېگىنى ئىندەككە كەلتۈرىدۇ ھەمدە كېلىنىنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەر-خوتۇن ئىككىسى كېلىنىگە باش ئۇرۇپ يالۋۇرىدۇ، كېلىنىگە تۇيدۇرماي ئۇنىڭغا دورا ئىشقىي (جىنسىي ھەۋەسنى قوزغايدىغان دورا) يېگۈزۈشىدۇ... مۇشۇ بىر قاتار ئۇرۇنۇشلاردىن كېيىن گۇسەي ئاخىرى ئەمەل سورۇنىدا مەقسىتىگە يېتىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىغا كەلگەندە ئاتاغلىق ئەدىب نى گەننو «خۇشامەتگۈيلۇق ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە بۇ تىپىك مىسال ھەققىدە توختالغان. گۇسەي تارىخنىڭ مەڭگۈ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىنىدىغان مەلئۇندۇر.

ئەمما زامانىمىزدىكى بەزى پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ «خەقتىن ئېشىپ چۈشىدۇ» غان يەرلىرىنى كۆرگىنىمىزدە، ئەگەر گۇسەي بۈگۈنكىچە ياشىغان بولسا «شەرمەندىلەرنىڭ سەرخىلى» دېگەن قالپىقىنى چوقۇم ئىككى قوللاپ ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بولاتتى، دېگەن ھېسسىياتقا كەپقالىمىز.

خېنەن ئۆلكىسى لۇشى ناھىيىسىنىڭ سابىق پارتكوم سېكرېتارى دۇباۋچېننىڭ دادىسى يېڭىلا ناھىيىسىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. لۇشى ناھىيىسىدىكى ھەرقايسى يېزا - بازار، كان-كارخانا، ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، تەرەپ-تەرەپتىن مېيىت ئۇزاتقىلى كېلىشىدۇ. دۇ جەمەتىنىڭ ئۆيىگە تۇتىشىدىغان كەنت يولىدا «ماشىنىلار غۇيۇلداپ تۇرغان، ئەمەلدارلار سوۋغا-سالام كۆتۈرۈۋالغان» قايىنام-تاشقىن ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. نەچچە مىڭ يۈەندىن ئون نەچچە مىڭ يۈەنگىچە سوۋغا قوبۇل قىلىنىدۇ. «كۆزگە كۆرۈنگەن» ئىككى يېزىنىڭ پارتكوم سېكرېتارلىرى ئۆزلىرى بىللە ئېلىۋالغان ماتەم كىيىمىنى كىيىپ، ئەرۋاھ تاختىسىنىڭ ئالدىغا يۈكۈنۈپ پۇتلىرىنى ئېقىتىپ قاتتىق يىغا-زار قىلىشىپ، ھازا ئېچىپ كېتىدۇ. ئاخىرى دۇباۋچەن ئارىغا كىرىپ ئۇلارنى: «سەۋر قىلىڭلار» دېگەندىلا ئۇلار ئاندىن يىغىدىن توختايدۇ. دۇباۋچېننىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ئارىغا كىرىپ، ئۆزىگە تۇغقان بولمىغان ئىككى ئادەمنى: «سەۋرى قىلىڭلار» دېگىنى قايسى ماقامدا بار ئىشكىن؟ لەنەت!

بۇ ھازىدار بولۇش ئەمەس، نومۇسسىزلىق. بۇنىڭدىنمۇ شەرمەندە ئىشلار بار تېخى.

خۇبېي ئۆلكىسى تېئەنمېن شەھىرىدىكى بىر ئىدارە باشلىقى مەنسەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز خوتۇنىنى شەھەرلىك پارتكوم سېكرېتارىغا سولاپ بەرگەن. بۇ ئىشلار ھەقىقەتەن ئاڭلىغان ئادەمنىڭ قۇسقىسىنى كەلتۈرىدۇ. بەلكىم گۇسەي بۇ ئىشنى ئاڭلىسا، چوقۇم گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ، يايراپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇنىڭ «شەرمەندىلىك نامى» نى ئىككى قوللاپ سېخىيلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانغا ئادەم چىقتى-دە! پۇقرالارنىڭ ئالدىدا سۇر-ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئۆزىنى ئادەم ساناپ يۈرگەن بەزى ئەمەلدارلار يەنە نېمە ۋەجىدىن شەرمەندىلىكنى، نومۇسسىزلىقنى قوغلىشىدۇ؟ شۈنەرسە ئېنىقكى، نومۇسسىزلىقنىڭ ئارقىسىغا ئەمەل-مەنسەپ يوشۇرۇنغان. (ھېلىقى ئىككى يېزىنىڭ پارتكوم سېكرېتارلىرى «ھازا ئېچىپ» ئۇزاق ئۆتمەيلا بىرى كىچىك يېزىدىن چوڭ يېزىغا يۆتكىلىپ سېكرېتار بولغان، يەنە بىرى ناھىيە رەھبىرى بولۇپ ئۆسكەن). ئەمەل-مەنسەپنىڭ ئارقىسىغا بولسا غايەت زور ئىقتىسادىي مەنپەئەت يوشۇرۇنغان. نومۇسسىز - شەرمەندە بولغاندا ئەمەلدار بولغىلى، چوڭ ئەمەلدار بولغىلى، ئەمەل تۇتقاندا باي بولغىلى، مال-دۇنيا توپلىغىلى بولىدىكەن. شۇڭا گۇسەي (ئەسلى ئەسەردە گومەي دېمەك ئىت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

دېمەكتۇر ،دەپ ئېلىنغان . - ت )لەر «تەخسكەشلىك»ئۇچۇن ياشايدۇ . نېمە ئۇچۇن پارىخورلۇقنى تۈگەتكىلى ،ئەمەلدارلار ئىستىلى ،سىياسىي ئىستىل ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تۈزىگىلى بولمايدۇ ؟نېمە ئۇچۇن خەلقنىڭ كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش سادالىرى كۆچىيىپ بارىدۇ ؟ سەۋەب دەل مۇشۇ پەردە .

لىۋجىنتۇڭ قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون ج ك پ جېجياڭ ئۆلكىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن رۇۋىنيە نازارىتىنىڭ تەش[illegible] ئەپكارى «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش» 《反腐败》 ژۇرنىلى[illegible] 2002-يىل 9-سانىغا بېسىلغان . **ئىبراھىم كالا** تەرجىمىسى

# «جۇڭگو بايۋەچچىلىرى» كىم؟

«يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»دە «جۇڭگو بايۋەچچىلىرى» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنىپ ، ئامېرىكىلىقلارنى ھەيران قالدۇردى . ئۇنىڭدا جۇڭگونىڭ پۇلدار بايۋەچچىلىرى بارغانسېرى كۆپلەپ ئامېرىكىغا بېرىپ ،ئوقۇۋاتقانلىقى ، مال-مۈلۈك سېتىۋېلىۋاتقانلىقى ،سەيلە-ساياھەت قىلىۋاتقانلىقى ،ماشىنا-پىكاپ سېتىۋېلىۋاتقانلىقى ، دۇكانلاردا قىمار ئوينايدىغانلىقى ئوچۇق بايان قىلىنغان . شۇ ماقالىدا ئامېرىكىلىقلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى نەقىل كەلتۈرۈپ ،ئامېرىكىدا نەق پۇلغا ئۆي-جاي سېتىۋالىدىغان بولسا ، ئۇ پۇلنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى سورۇشتۇرۇلمەيدىغانلىقى ،ئامېرىكا پاسپورتى بار-يوقلۇقى بىلەنمۇ كارى بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان . دېمەك ، ئامېرىكىغا بارغان «جۇڭگو بايۋەچچىلىرى»ھەشەمەتلىك كاتتا ئۆي-جايلارنى ، داچىلارنى خالىغىنىچە سېتىۋالالايدىكەن . خۇددى داخۇر كالۋاسىدا تۈگىمەس پۇلى باردەك ، بىر دورەمدىلا نەچچە مىليونلاپ ئامېرىكا دوللىرىنى خەجلىۋېتىدىكەن . ئۇلارنىڭ ، بانكىدىن 30يىللىق قەرز پۇل ئېلىپ ، ھەتتا ئۆمۈر بويى يۈرەك قېنىنى بەدەل قىلىپ ئاران جان باقىدىغان ئامېرىكىلىق قوشنىلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغانلىقى ئېيتىلغان .

«جۇڭگو بايۋەچچىلىرى» كىملەرنىڭ بەچچىلىرى ؟ ئاددىي پۇقرالارنىڭ بالىلىرى ئەمەسلىكى ئېنىق . چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا چىقىش ئۆرۈق-تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن تاغ ئاتلاپ سەپەر قىلىشقا ئوخشىمايدۇ . ئائىلىسىدە يېتەرلىك مال-دۇنياسى بولمىسا يولغا چىقىش مۇمكىن ئەمەس . چەت ئەللەرگە بېرىپ ياتاقلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇشقا توغرا كەلسە ، ئامېرىكىدىمۇ ، ئەنگلىيىدىمۇ ھەر يىلىغا تەخمىنەن 200مىڭ يۈەن خەلق پۇلى خەجلەش كېرەك . فرانسىيە ،گېرمانىيە ،كانادا ، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە چىقىم ئازراق كېتىدىغان بولسىمۇ ،لېكىن ئىقتىسادىي كاپالەت ئۈچۈنمۇ يىلىغا 150مىڭ يۈەن خەلق پۇلى كېرەك بولىدۇ .قورساقنىڭ غېمىدىن ئەمدىلا قۇتۇلۇۋاتقان ئاددىي پۇقرا شۇنچە كۆپ چىقىمنى كۆتۈرەلەمدۇ ؟ بۇ چىقىملار تېخى پەقەت ئاساسىي ئوقۇش ۋە تۇرمۇش خىراجىتىگىلا كېتىدۇ . ئەگەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان «جۇڭگو بايۋەچچىلىرى»دەك پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي يەپ-ئىچىپ ئوينايدىغان ، پىكاپ ۋە ئۆي سېتىۋالىدىغان بولسا ،ئادەتتىكى پۇقرالار ئۇنداق قىلماق تۈگۈل ھەتتا ئۇخلاپ چۈشىدە كۆرۈشكىمۇ پېتىنالمايدۇ .

شۇنىڭ ئۈچۈن «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» : «چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا بېرىپ پۇلنى ئايىماي خەجلەيدىغان شۇ يېڭى بىر بوغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى شۇنداق ئادەملەركى ،خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ خوجايىنلىرىدىن باشقا خېلى كۆپ بىر قىسمى جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلىرىدۇر »دەپ تونۇشتۇرغان .

جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلىرىدا «جۇڭگو بايۋەچچىلىرى»نى بېقىپ كەتكۇدەك شۇنچە كۆپ پۇل نېمىش قىلسۇن ؟ئۇلارنىڭ مائاشى جان بېقىشقا ئاران يېتىۋاتسا ،بالىۋاقىسىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىپ ئوقۇتۇشقا قانداقمۇ مادارى يەتسۇن ؟ بالىۋاقىلىرىنىڭ چەت ئەللەردە سولەتۋازلىق قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس .

مەشھۇر ئىقتىسادشۇناس خۇاڭ ۋېدىڭ مۇنداق دەيدۇ : «پۇل-ماللىرىنى بالىۋاقىلىرىنى چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا چىقىرىش چارىسى بىلەن ئەپلەپ چەتكە چىقىرىۋېتىدىغان ئەھۋال پۇل جىمىقتۇرۇشنىڭ جۇڭگوچە يېڭى ئۇسۇلى بوپقالدى .〈 چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا چىققان ئاق سۆڭەك〉لەرنىڭ تولىسىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئاتا-ئانىسى〈 دۆكا〉 بايلاردىن ئەمەس . لېكىن ئۇلار چەت ئەللەرگە يېتىپ بارغان ھامان بانكىدىكى ھېساب دەپتىرىگە نۇرغۇن پۇل كىرىدۇ» .

بۇ «نۇرغۇن پۇل»نەدىن كىرىدۇ ؟ ئاسماندىن چۈشەمدۇ ؟ ياق ، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ھەمىيانىدا بارمىتى ؟ يوق . ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ،ئۇ پۇل «ئەمەلدار دادىسى»نىڭ ئۆز قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ قاقتى-سوقتى قىلىشىدىن ، خىيانەتلىرىدىن ، ئالغان پارىلىرىدىن ،يەنى قانۇنسىز تاپاۋىتىدىن كەلگەن .

«جۇڭگو بايۋەچچىلىرى»قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مەنسەپدارلار ئىچىدىكى چىرىكلىكنىڭ مەھسۇلى بوپكەلمەكتە .

ئۇنداق بولسا ، يۈز بېرىپ تۇرغان ھادىسىلەردىن قارىغاندا ، مەنسەپدارلار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان «جۇڭگو بايۋەچچىلىرى»نىڭ «مەنسەپدار دادىسى» ياكى «مەنسەپدار ئانىسى»چوقۇم بىر قاراش بىلەنلا بىلىۋالغىلى بولىدىغان چىرىك ئۇنسۇرلاردىن ئىكەن-دە ؟ !ئەمەلىيەتتە ئۇنداقمۇ ئەمەس . ئېھتىمال بەزى «مەنسەپدار دادا»لار سەھنىدە تۇرۇپ چىرىكلىككە قارشى دوكلات بېرىۋاتقاندۇ ، بەزى «مەنسەپدار ئانا»لارھارامغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان ئىنسابلىق پاك ئەمەلدارلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ سايلانغاندۇ . . .

مۇشۇنداق «جۇڭگو دۆلەتمەنلىرى»نى ئامېرىكىلىقلار كۆرسە ، قانداق ھاڭ-تاڭ

ھوپكېتەركى - ئالڭ !

باڭ شۈۋۈ قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى» («河北报») نىڭ

رىياسەتچىلىكتە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» («杂文月刊») نىڭ 2003-يىل 7-سانىغا بېسىلغان. توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى

# قىسقا فېلىيەتونلار

## ئىجتىمائىي كەيپىيات قانداق بۇزۇلدى؟

- مەنغۇ تەرتىپكە بويسۇناي دېگەن، بىراق ھەممە كىشى ئۆچرەتكە قىستىلىپ كىرىۋېلىپ قالايمىقان قىلىۋاتسا، ماڭا نېمە ئامال؟

- مەن ساپ دىل بولاي دېگەن بىلەن، ھەممە كىشى بىر-بىرىنى قاقتى-سوقتى قىلىۋاتسا، قانداقمۇ ساپدىل بولغىلى بولىدۇ؟

- مېنىڭغۇ ئادەم ئالدايدىغان تىجارەتنى قىلغۇم يوق، بىراق خەق گۈرۈچكە قۇمنى ئارىلاشتۇرۇپ، گۆشكە سۇنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇپ سېتىۋاتسا، ئەل قاتارى ئىش قىلماي نېمە ئامال؟

- مەن ساختىپەزلىك قىلمايمەن دېگەن بىلەن، ھەممە ئىدارە-ئورگان ساختىلىقتا تولغان تۇرسا، ئەلۋەتتە جاھانغا بېقىپ ئىش قىلىمەن-دە.

ھەممە كىشى شۇنداق دەپ جەمئىيەتتىن ئاغرىنىدۇ. ياماناقلارنى جەمئىيەتكە دۆڭگەپ قويۇپ كۆڭلى ئارامدا يۈرۈۋېرىدۇ. ئۇنداقتا، جەمئىيەت كەيپىياتى زادى نېمە سەۋەبتىن شۇ قەدەر بۇزۇلۇپ كەتكەندۇ؟

تاڭ فېڭبېي قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» («杂文选刊») ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 12-سانىغا بېسىلغان.

## پۇل بار يەرگە بار، يوق يەرگە يوق

بالىلارنى ئوقۇتۇشقا پۇل يوق، ئىبادەتخانا سېلىپ تەڭرىگە سېغىنىشقا پۇل بار. تىرىكلەرگە پۇل يوق، مېيىتنى ئۇزىتىشقا پۇل بار. شىركەت ھېسابىدا پۇل يوق، باش دېرىكتورنىڭ ئۆيىدە پۇل بار. ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن ھال سوراشقا پۇل يوق، يۇقىرىغا سوۋغا-سالامغا پۇل بار. 28مىليون نامرات نوپۇسنىڭ قورساق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا پۇل يوق، مەملىكەت بويىچە بىر يىلدىلا يەپ- ئىچىشكە كېتىدىغان 200مىليارد يۈەنگە پۇل بار.

تيەن گۇاڭ قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» («杂文选刊») ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 12-سانىغا بېسىلغان.

## «ئىگىلىك» توغرىسىدا يېڭى تەلىماتلار

ھازىر ئىگىلىك تەرەققىياتى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. مۇنداق ئون خىل ئىگىلىك تەلىماتى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ خەۋەردار بولۇشىغا ئەرزىيدۇ. ئۇلار: ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنىڭ ئېشىش تەلىماتى، مائارىپ ئىگىلىكىنىڭ ھەق ئېلىش تەلىماتى، يىغىن ئىگىلىكىنىڭ مۇھىملىق تەلىماتى، ئاخبارات ئىگىلىكىنىڭ ئەتىۋارلىنىش تەلىماتى، چىرىكلىك ئىگىلىكىنىڭ ھوقۇق تەلىماتى، تەنتەربىيە ئىگىلىكىنىڭ شەرەپ تەلىماتى، قانۇن ئىجرا قىلىش ئىگىلىكىنىڭ تەستىقلاش تەلىماتى، تېلېۋىزىيە ئىگىلىكىنىڭ ئېلان-تەشۋىقات تەلىماتى، چولپانلار ئىگىلىكىنىڭ پەداز تەلىماتى، گېزىت-ژۇرنالچىلىق ئىگىلىكىنىڭ سېلىق سېلىش تەلىماتىدىن ئىبارەت.

شى شۈن قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» («杂文选刊») ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 12-سانىغا بېسىلغان.

## ئەگەر ھەممىسى راست بولسا

مۇبادا ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى راست بولسا، ھەممە كىشى پەھلىۋانلاردەك ساغلام بولۇپ، تولىمۇ ئۇزاق ياشىغان بولار ئىدى. مۇبادا دورا ئېلانلىرى راست بولسا، ئۇ ھالدا نۇرغۇن ساقىيىش قىيىن كېسەللەر ساقىيىپ، ئاغرىق ئازابىدىن خالاس بولغان بولاتتى. مۇبادا گىرىم بويۇملىرى ئېلانلىرى راست بولسا، ھەممە كىشى ساھىبجامال ئاللاش مۇسابىقىسىگە قاتنىشالىغان بولار ئىدى... مۇبادا شۇنداق ئىش بولسا، خەلقىمىز دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىلەر ھېسابلانماتتى؟

لى چاڭگاڭ قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» («杂文选刊») ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 2-سانىغا بېسىلغان.

## مەسخىرە

ۋاڭ باۋسېن خىيانەتچىلىك جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى بېيجىڭ خەلقئارا خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش بويىچە 1992-يىللىق قۇرۇلتىينىڭ رەئىسى بولغان.

لى جىجۇ ئەتكەسچىلىكنى قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش بويىچە مەملىكەتلىك گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بولغان.

خۇڭدۇ ئۆسمۈرلەرگە زورلاۋانلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى جۇڭگو ئۆسمۈرلەر فوندى جەمئىيىتى «ساغلاملىق پىلانى» نىڭ «مېھىر-شەپقەت ئەلچىسى» بولغان.

جاڭ جۈنيى ئالدامچىلىق جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى جۇڭخۇا خەير-ساخاۋەت باش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان.

شياۋ فەن قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» («杂文选刊») ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 3-سانىغا بېسىلغان.

فېلىيەتونلارنىڭ تەرجىمانى: داۋۇت ئادىل

www.uyghurkitap.com

## پۇقرالارنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسى

پۇقرالار «قىزىق نۇقتا ھەققىدە سۆھبەت» پروگراممىسىنى كۆرۈشكە ئامراق، پەقەت مۇشۇ پروگراممىلا رەزىللىكنى پاش قىلىپ، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ ئەدىبىنى بېرەلەيدۇ؛ پۇقرالار «شەھەر باشلىقى قىزىق لىنىيە تېلېفونى»غا تېلېفون بېرىشكە ئامراق، چۈنكى مۇشۇ تېلېفون ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ ئىشلىرى دەرھال ھەل بولىدۇ؛ پۇقرالار ھېيت-بايرام ئۆتكۈزۈشكە ئامراق، پەقەت ھېيت-بايراملاردا رەھبەرلەر ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىسسىنىش ۋە تويۇنۇش ئەھۋالىنى سوراپ كېلىدۇ؛ پۇقرالار «15-مارت خەلقئارا ئىستېمالچىلار كۈنى»نىڭ كېلىشىگە ئامراق، چۈنكى ئۇلار پەقەت مۇشۇ چاغدا مال سېتىۋالسا ئالدانمايدۇ. ھەيي! ئۇلارنىڭ قايغۇرۇدىغىنى بولسا، «قىزىق نۇقتا ھەققىدە سۆھبەت» پروگراممىسى پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە پەقەتلا بىر، «شەھەر باشلىقى قىزىق لىنىيە تېلېفونى» ئەتىدىن كەچكىچە بىكار ئەمەس، ھېيت-بايرام ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى ئىنتايىن ئاز، «15-مارت» پەقەت بىر كۈنلا.

چۇگې قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» «杂文选刊» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 12-سانىغا بېسىلغان.

**ئابدۇربىشىت ئىمىننىياز** تەرجىمىسى

## ئاتالمىش تەربىيە

بىر تۇركۇم ئوقۇتقۇچى يېڭىدىن خىزمەتكە چىققاندا مەكتەپ مۇدىرى ئۇلارغا مۇنداق تەربىيە بەردى: «ئەگەر مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى ئىمتىھاندا A دەرىجىگە ئېرىشسە، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇ كېيىن ئالىم بولۇپ چىقىپ جەمئىيەتكە بەلگىلىك تۆھپە قوشۇشى مۇمكىن؛ ئەگەر مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى ئىمتىھاندا B دەرىجىگە ئېرىشسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇ كېيىن مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشى، ئېھتىمال سىلەرگە خىزمەتداش بوپقېلىشى مۇمكىن؛ ئەگەر مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى ئىمتىھاندا C دەرىجىگە ئېرىشسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇ كېيىن چوقۇم نۇرغۇن پۇل تېپىپ، مەكتەپكە پۇل ئىئانە قىلىشى مۇمكىن؛ ئەگەر مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى ئىمتىھاندا كۆچۈرمىكەشلىك قىلىپ تۇتۇلۇپ قالسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇ كېيىن چوقۇم سىياسىي سەھنىدە كۆزگە كۆرۈنگەن چوڭ ئەمەلدار بولۇشى مۇمكىن، ھەرگىز چىشىغا تېگىپ قويۇشقا بولمايدۇ!

ي مىڭ قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتون «تەيۋەن - شياڭگاڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما» «台港文学选刊»نىڭ 2003-يىل 8-سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» «杂文选刊» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 11-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئابلاجان ھوشۇر** تەرجىمىسى

## ئوخشاش بولمىغان نەتىجە

بىر تاغتۇرانى ئىگىلىسىڭىز باندىتقا، بىر شەھەرنى ئىگىلىسىڭىز داھىيغا ئايلىنىسىز.

بىر ئايالغا ئىگە بولسىڭىز ئەرگە، ئىككى ئايالغا ئىگە بولسىڭىز جىنايەتچىگە ئايلىنىسىز.

بىر تورنى ئىگىلىسىڭىز تور پونكىتىغا، سانسىزلىغان تورنى ئىگىلىسىڭىز سىرلىق ئادەمگە ئايلىنىسىز.

يۈز قېتىم ياخشى ئىش قىلغاندىن كېيىن، بىر قېتىم يامان ئىش قىلسىڭىز يامان ئادەمگە، يۈز قېتىم يامان ئىش قىلغاندىن كېيىن، بىر قېتىم ياخشى ئىش قىلسىڭىز ياخشى ئادەمگە ئايلىنىسىز.

باشقىلارغا يۈز قېتىم ياردەم قىلىپ، بىرەر قېتىم ياردەم قىلمىسىڭىز باشقىلار سىزگە: «ئاغىنىدارچىلىقتا يارىمىدى!» دەيدۇ.

باشقىلارغا يۈز قېتىم ياردەم قىلماي، بىرەر قېتىم ياردەم قىلسىڭىز، باشقىلار سىزگە: «ماڭا ياردەم قىلدىڭىز، سىزگە كۆپ رەھمەت!» دەيدۇ.

كى يىچىن قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتون ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى» «河北日报»نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» «杂文月刊»نىڭ 2003-يىل 8-سانىغا بېسىلغان. **ئەركىن جۇمە** تەرجىمىسى

## باي بولۇش دەستۇرى

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ھارپىسىدا سوئال سېتىڭ.

ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش بازىرىغا بېرىپ دىپلوم-شاھادەتنامە سېتىڭ.

ئۇنىۋان ئالىدىغانلارغا ئىلمىي ماقالە سېتىڭ .
پارىخور ئەمەلدارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ماگىزىن ئېچىڭ .
قەبرە سۈپۈرۈش مەزگىلىدە قەغەز پۇل سېتىڭ .
يول ئېغىزلىرىغا كۆپلەپ ھەق ئېلىش
پونكىتلىرىنى قۇرۇۋېلىڭ .

ۋاڭ جىيەن قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېليەتون «فېليەتونلاردىن تاللانما» (杂文选刊) ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 6-سانىغا بېسىلغان .

گۆھەرنىسا مۇھەممەت تەرجىمىسى

## «ئالتۇن ھۆجرىدىكى نازىنىن»

مەلۇم تارماقنىڭ باشلىقى خىزمەت ئەترىتىنى باشلاپ ،مەمۇرىي رايونلارنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى بىلەن بىر يېزىغا بارغاندى . يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەرنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى .

بۇ يېزىنى مەمۇرىي جەھەتتىن قالدۇرۇۋېتىش ياكى ساقلاپ قېلىش مۇشۇ باشلىقنىڭ بىر ئېغىز گېپىگىلا باغلىق بولۇپ ، يېزا باشلىقىنىڭ تەقدىرىمۇ شۇنىڭ قولىدا ئىدى . ئەگەر بۇ يېزا ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلسە ، ياشتا چوڭىيىپ قالغان يېزا باشلىقىنىڭ ئەمەلدارلىقىمۇ شۇنىڭ بىلەن يوق بولاتتى . شۇڭا بۇ «خان ئەلچىسى»نىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈش - ئۆتەلمەسلىك ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرقى پۇرسەت ئىدى . سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ باشلىقنىڭ قورساققا ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان يېزا باشلىقى قەۋەتلا خۇشال بولدى . باشلىقنىڭ بىرەر ھەۋىسلا بولسا ئىشنى پۈتتۈرۈش ئاسانغا توختايتتى .

يېزا باشلىقى تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ باشلىقنى كۈتۈۋېلىش زىياپىتىگە تەييارلىق كۆردى . ھەر قېتىملىق زىياپەت خىلمۇ خىل غىزا -قورۇمىلار بىلەن شۇنچە مول تەييارلانسىمۇ ،لېكىن بۇ «بۇتساتۋا» ھەزرەتلىرىنىڭ ھېچبىر تىلىغا تېتىمىغاندەك قىلمايتتى . بىر قېتىملىق زىياپەتتە باشلىق ئۆزىنىڭ يەپ-ئىچكەنلىرى توغرىلىق پاراڭ قىلىپ بېرىۋېدى ، يېزىدىكىلەر ئاغزىلىرىنى ئاچقىنىچە ھاڭۋېقىپ قېلىشتى . پەقەت ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىرىنى يېزىپلا قويسىمۇ «ھايۋانات تۈرلىرى قامۇسى»دىن بىرى پۈتەتتى : توخۇ-توشقان ،ئىت-مۈشۈك دېگەنلەر تۇرۇپ تۇرسۇن ، تاغ-دالا ،دەريا-دېڭىزلاردىن چىقىدىغان نازۇ-نېمەتلەردىن تارتىپ تاكى ئۇ ئېغىز تەگمىگەن يىلان-چايان ،چاشقان ،مىڭئاياغ ،سازاڭ ، چۈمۈلە ،قارا چېكەتكە ، قوڭغۇزغىچە جاھاندا بارلىكى جان-جانىۋار ، ھاشاراتلاردىن بىرىمۇ قالمىغانىدى .

يېزا باشلىقى ھەر قېتىم ئۆزىچە ناھايىتى ئۆزگىچە تەييارلانغان قورۇمىنى ئۈستەلگە كەلتۈرگەندىمۇ ، ئۇ ئوخشاشلا چىرايىنى پۈرۈشتۈرەتتى .تېخى زىياپەت ئۈستىدىلا يېزا باشلىقىغا :

- بىرەر تەخسە ئالاھىدىرەك قورۇمىسىنىڭمۇ تايىنى يوق بۇنداق يېزىنى ساقلاپ قېلىپ نېمە قىلىمىز ، قالدۇرۇۋېتەيلى بولدى ، - دېدى .

يېزا باشلىقى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ كەتتى .ئاشپەز جاڭ سەننى تېپىپ ئۇنىڭدىن پەقەت بىرلا ۋەزىپىنى ئورۇنداشنى ،يەنى باشلىق يەپ باقمىغان ،ئەڭ ياخشىسى ئويلاپمۇ باقمىغان غەيرىيرەك قورۇمىدىن بىرنى قورۇشنى تەلەپ قىلدى . ئەگەر يەنىلا باشلىق رازى بولغۇدەك يېڭى قورۇما قورۇيالمىسا ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىگە ياخشى كۈن يوقلىقىنى بىرھازا چۈشەندۈردى . بىراق «قورساق توق ،كىيىم پۈتۈن بولۇش»مەسىلىسى ئەمدىلا ھەل قىلىنغان بۇ چەت ، نامرات يېزىدا ئۇنداق «غەيرىي» نەرسىنى نەدىنمۇ تاپقۇلۇق؟ جاڭ سەن ئىلاجىسىزلىقتىن بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەچكە ، كىچىك تەرىتى تولا قىستاپ ، بىردەمنىڭ ئىچىدە نەچچە قېتىم ھاجەتخانىغا يۈگۈردى .

كىشىلەرنىڭ «جىددىي پەيتتە ئەقىل كېلىدۇ» دېگىنىدەك ،قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ تىپىرلاۋاتقان جاڭ سەن ھالقىلىق پەيتتە ئەپچىل چارىدىن بىرنى تاپتى . ئۇ كېچىلەپ خورۇچ تەييارلاپ ،تۇجۇپىلەپ ئىشلەپ ،ئەتىسى بىر تۈرلۈك ئاجايىپ قورۇما - «ئالتۇن ھۆجرىدىكى نازىنىن»نى باشلىقنىڭ زىياپەت ئۈستىلىگە ھازىر قىلدى .

دەرۋەقە ، بۇ قورۇما كەلتۈرۈلۈشى بىلەنلا باشلىقنى جەلپ قىلدى . قورۇما تەخسىدىكى ماي ئىچىدە خۇددى ئالتۇن پارچىلىرىدەك يالىلدايتتى . ھېلىھەم پىژ-پىژ قىلىپ پىژىلداپ ،ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . بىر چوكا يەپ بېقىۋېدى ،ھەم يۇمران ،ھەم مەززىلىك بولۇپ چىقتى . باشلىق خۇشال ھالدا بۇ خىل قورۇمىنى يېيىش تۈگۈل كۆرۈپمۇ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى . قورۇمىنىڭ خورۇچى ؛ تەييارلاش ۋە قورۇش ئۇسۇلى توغرىلىق سورىۋېدى ، جاڭ سەن زادىلا دېگىلى ئۇنىمىدى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ ئۇنىڭ ئەجدادىدىن قالغان مەخپىي رىسالە بولۇپ ، ئەسلىدە خالىغانچە قورۇشقىمۇ بولمايدىكەن . ھازىر ئەزىز مېھمان كەپقالغاچقا ،ئۇ ، بۇ ئەنئەنىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ قورۇپتۇ .بىراق دەپ بېرىشكە قەتئىي بولمايدىكەن . بۇنى ئاڭلاپ باشلىق تېخىمۇ قىزىقتى . جاڭ سەننىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۈنىرىگە توختىماي ئاپىرىن ئېيتتى ، قورۇمىنىڭ ئىسمىنىمۇ بىرمۇنچە ماختىدى . سورۇننىڭ كەيپىياتى بىردىنلا جانلىنىپ ، ھەممەيلەن كەيىپ بولغىچە ئىچىشتى . قايتىدىغان چاغدا باشلىق بۇ يېزىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتەمەي ساقلاپ قېلىش توغرىلىق ئېنىق ئىپادە بىلدۈردى . يېزا باشلىقى خۇشاللىقتىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي ،جاڭ سەننى قۇچاقلىۋېلىپ باش-كۆزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى .

ئىشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، يېزا باشلىقى جاڭ سەندىن ھېلىقى قورۇمىنى نېمىدە تەييارلىغانلىقىنى سورىۋېدى ،جاڭ سەن يەنىلا دېگىلى ئۇنىمىدى . يېزا باشلىقى بېشىنى لىڭشىتىپ :

- چۈشەندىم ،بىلىمەن ، سىلەر ھۈنەرۋەنلەر

www.uyghurkitap.com

پەۋقۇلئاددە ماھارىتىڭلارنى باشقىلاردىن مەخپىي تۇتۇسىلەر . بەربىر يەيدىغان نەرسىڭىز شۇ ، ـ دەپ قويدى . كېيىنمۇ قايتا سوراپ يۈرمىدى .بىراق جاڭ سەنگە 200يۈەن مائاش قوشۇپ بېرىشنى ئۇنتۇمىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن جاڭ سەننىڭ «ئالتۇن ھۆجرىدىكى نازىنىن» دەپ ئاتىلىدىغان سىرلىق قورۇمىسى پۈتكۈل يېزىغا پۇر كەتتى . لېكىن ئۇنى تېتىپ بېقىش ئامىتى ھېلىقى باشلىقتىن باشقا ھېچكىمگە نېسىپ بولمىدى .ھەتتا ئايالى سورىسىمۇ ، جاڭ سەن كۈلۈپلا قويۇپ زۇۋان سۈرمەيتتى .

شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئىشلارمۇ تۈگىگەن بولدى . ئەمما ھېلىقى باشلىقنىڭ بۇ قورۇمىنى زادىلا ئۇنتۇپ كېتەلمەي يۈرگەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟ ئىككىنچى يىلى ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ، مەخسۇس جاڭ سەن پىشۇرغان «ئالتۇن ھۆجرىدىكى نازىنىن»نى يېيىش ئۈچۈن ئاتايىن چىقىپ كەلدى . يېزا باشلىقى جاڭ سەنگە ئۇقتۇرۇش قىلدى ، لېكىن جاڭ سەن قوللىرىنى چايقىغىنىچە ، ھازىر قورۇغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى . يېزا باشلىقى تېرىكىپ :

ـ بولتۇرمۇ دەل مۇشۇ پەسىل تۇرسا ،بۇ يىل نېمىشقا بولمىغىدەك؟ قورۇغىن ، ئۇبدان قورۇساڭ مەن يەنە ساڭا مائاش قوشۇپ بېرىمەن ،ـ دېدى .

ـ قانچىلىك مائاش قوشۇپ بەرسىڭىزمۇ قورۇيالمايمەن ، ـ دېدى جاڭ سەن بېشىنى چايقاپ .

يېزا باشلىقى ھەرقانچە قىلىپمۇ جاڭ سەننى ئەيۋاشقا كەلتۈرەلمىدى .شۇ تاپتا ئۇ جاڭ سەننى «غوجىئاكا» دەپ چاقىرىشقىمۇ تەييار ئىدى . جاڭ سەن ئامالسىز :

ـبۇ يىل خورۇچ بولمىسا ، قانداق قورۇيمەن؟

ـ دېدى . يېزا باشلىقى ئۇنىڭغا قانداق خورۇچ لازىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشنى ،ھەرقانچە ئەتىۋار نەرسە بولسىمۇ چوقۇم تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى . جاڭ سەن ئىلاجسىزلىقتىن راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى :

ـ ھەممىنى قىلغان ئۆزىڭىز ، ـ دېدى ئۇ زەردە بىلەن ، ـ بۇ يىل سىز «مۇھىت تازىلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاش» چاقىرىقىنى چىقىرىپ ، ھاجەتخانىلارنىڭ ھەممىسىگە ھاك چاچقۇزغاچقا ،پوق قۇرتلىرىنىڭ بىرىمۇ قالماي ئۆلۈپ ، تۇخۇملىرىمۇ قالمىغان تۇرسا ، نەدىكى قۇرتتا «ئالتۇن ھۆجرىدىكى نازىنىن»نى قورۇيمەن؟ !

---

غۇلجۇ قەلىمىدىكى بۇ لەتىپە شائخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھېكايىلەر مەجمۇئەسى»《故事会》نىڭ 2003-يىل نويابىر سانىغا بېسىلغان .**نۇرۇللا مۇھەممەت** تەرجىمىسى(M1)

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك :

1 .ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم-فامىلىسى ،كەسپى ، ئادرېسىنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى ،ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك .

2 .ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە-ئىش قەغىزىگە قۇر ئارىلىقى كەڭ ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك . بەتنىڭ ئاستى-ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان ،ئالدى-ئارقىسىغا يېزىلغان ،ئىملاسى سەت ،قۇرئارىلىقى زىچ ، سۆز-جۈملىلەر گرامماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ؛كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس .

3 .ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورى ،بېسىلغان كىتاب ،گېزىت-ژۇرناللار ،مەزكۇر كىتاب ،گېزىت-ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى ، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق ، توغرا-ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ .

4 . تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە ، نەشر قىلغان گېزىت-ژۇرنال ، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك . بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ .

ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىراتى



# ئىككى فېلىيەتون

مۇتەللىپ سەيپۇللا

## خوتەن دېھقانلىرىنىڭ ئۈزۈن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى ئاشكارا رېتسىپى

«شەھىدانە خوتەن» ھەقىقەتەن دۇنيادىكى ئۆمۈر چولپانلىرى كۆپ ئۇچرايدىغان خاسىيەتلىك يۇرت. بۇ يۇرتتا ناھىيە - يېزا بويىچە ئەمەس، كەنت-مەھەللە بويىچە خۇلاسە ـ جەملەپ چىقساقمۇ، ئەسىر يېشىنى ئاللىقاچان تاماملىغان مويسىپىتلەردىن بىر دەمدىلا نەچچە ئوننى ساناش تەس ئەمەس. ھەتتا بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىچىدىكى ئۆمۈر چولپانلىرىنى ساناپ تۈگىتىشكىمۇ بارماق يەتمەي قالىدۇ. گۇمان قىلسىڭىز «لوپ تارىخي ماتېرىياللىرى»نىڭ 4-توپلىمىغا بېسىلغان «مۇنۇ ئۆمۈر چولپانلىرىغا قاراڭ» نامىدىكى تونۇشتۇرمىنى ۋاراقلاپ قويسىڭىزلا، دەۋاتقانلىرىمىزنىڭ راستلىقىغا ئۈچۈن بېشىڭىزنى گىلدىڭشىتىسىز. مەزكۇر سۈرەتلىك تونۇشتۇرمىدا لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا ئاچما ئېرىق كەنت 2-مەھەللە گۇرۇپپىسىدىكى 136 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئېرىدىن 130 يېشىدا تۇل قالغان موماي ئايئاغىچىخاندىن تارتىپ، ئايئاغىچىخانىنىڭ 102 ياشلىق ئوغلى ئاسامىددىنئاخۇن ۋە قوشنىلىرىدىن 108 ياشلىق بوۋاي مەخسۇت مەڭلەش، 103 ياشلىق ھەيۋىخان موماي قاتارلىق 11 نەپەر كىشى سۈرەتلىرى بىلەن قوشۇپ تونۇشتۇرۇلغان (سۈرەتتىكى ھەيۋىخان مومىمىز تېخى بىنەمدە ئەمگەك قىلماقتا). ئۇنىڭدىن باشقا «خوتەن گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 19-ئۆكتەبىر سانىنىڭ 4-بېتىگە قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا ئېگىزئېرىق كەنت 5-مەھەللە گۇرۇپپىسىدىن شۇ يىلى 118 ياشقا كىرگەن بۇۋىنىيازخان موماي ماختاپ تونۇشتۇرۇلۇپ، «ئۇ، دېھقانچىلىقنىڭ يەڭگىل ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىدۇ» دېيىلگەن.

بۇنداق ئۆمۈر چولپانلىرى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىش خوتەنلىكلەر ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ چولپانلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى سىر - رېتسىپلىرىنى ياڭاق مېغىزى، قىزىل ئۈزۈم، بادام قاتارلىق مېۋە-چېۋىلەرگە ۋە خىلمۇخىل تەرەققىي تاپقان خوتەن ئۇيغۇر تېبابىتىگە باغلاپ ئىزاھلاشقا ئادەتلىنىپ قالدى. مېنىڭچە ئەپسۇس، بۇ قىزىققان تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرى شۇنچە يىراقتىن كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان بۇ ئۆمۈر چولپانلىرىنىڭ ئارىسىدا قاچان ياڭاق يەيمەن، دېسە شۇ ھامان ۋاگونلاپ كەلتۈرەلەيدىغان، ئۈزۈم سېرىقى تارتسا تونىلاپ ھەل قىلالايدىغان، خوتەن ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ گۆلتاجى ھېسابلىنىدىغان «مۇپەررىر ئەۋرىشىم»، «ئىمساك»لىرىنى يەشكىلەپ بۇيرۇتۇشقا قادىر ئەمەلدار - كاتتىۋاشلاردىن بىرسىنىڭمۇ يوق ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىشمىدى.

دېمەك، كىمنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر بۇ جايدىكى بىر پاكىت شۇكى، خوتەندە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن چولپانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆمۈر بويى ئېتىزدىن ئايرىلمىغان دېھقاندىن ئىبارەت. قىزىق يېرى، دەل ئاشۇ ئۆمۈر چولپانلىرىنىڭ ياشاش ئىمكانى ۋە تۇرمۇش ئادىتىگە زەن قويۇدىغان بولساق، بۇ چولپانلارنىڭ كىلوسى قوي گۆشىدىن ئىككى ھەسسە قىممەت توختايدىغان ياڭاق، بادام مېغىزى قاتارلىقلارنى ھەر كۈنى دېگۈدەك يېيىشكە قادىر ئەمەسلىكى، «مۇپەررىر ئەۋرىشىم» بىلەن «ئىمساك»نى سېتىۋېلىشقا قۇربىنىڭ ئەسلا يەتمەيدىغانلىقىغا، بىرياخشى سىياسەتنىڭ تېخى يېقىندىلا بۇ يەرگە كېلىپ، كۆلەملەشكەن ياڭاقزارلىق بەرپا قىلىنىشقا باشلىغانلىقىغا ۋە بۇ ياڭاقزارلىق مېۋىسىگە دېھقان

www.uyghurkitap.com

ئېغىزى تېخى تېگىپ باقمىغىنىغا مانا بىز تۇغۇلما خوتەنلىكلەر گۇۋاھلىق بېرەلەيمىز.

ئۇنداقتا، خوتەن دېھقانلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۇمۇر كۆرۈشىدىكى رېتسېپى زادى نېمە؟

**بىرىنچى رېتسېپ: ئۇمۇرلۇك چېنىقىش**

ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، خوتەن دېھقانلىرى ئۇمۇر بويى بەدەن چېنىقتۇرۇشنى توختىتالمايدۇ. ئۇلارغا كىتابلاردا قەيت قىلىنغان تۇمەنلىگەن چېنىقىش رىسالىلىرى، چېنىقىش ئۇيى ۋە ساناقسىز بەدەن چېنىقتۇرۇش ئەسلىھەلىرى ھاجەت ئەمەس. قولىغا جۇپ شارىكنى ئېلىۋېلىپ، سەھەر سالقىنىدا كەينىچە مېڭىشنى ئۇلار ئەسلا بىلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت قولىغا بىر تال كەتمەننى ئېلىۋالسا پىژغىرىم ئاپتاپ، توختىماي يىغىۋاتقان توپا ۋە قىشنىڭ ئادەمنى چىشلىۋالغۇدەك جۇدۇن-يېشىنىغا پەرۋا قىلماي، كەڭ مەيدانى - ئېتىزدا «بەدەن چېنىقتۇرۇش»نى بىر كۈنمۇ توختاتمايدۇ. گەرچە خوتەن دېھقانلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تېرىلغۇ يېرى پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ ئاز بولسىمۇ، شۇ كىچىككىنە سەينا ئۇلارنى ئۆمۈرلۈك چېنىقىش سورۇنى بىلەن تەمىن ئەتكەندىن باشقا، ئۆلۈپ قالمىغۇدەك ئاش - ئوزۇق، توڭلاپ قالمىغۇدەك يېپىنچا ۋە دادىدىن بالىغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد-ئۆمۈرلۈك مىراس بوپقالىدىغان «شۈكرى، ھەشقاللا» ئۇدۇملىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇلارنىڭ شىماللىق قېرىنداشلىرىدەك باھاردا ئۇرۇقنى چېچىپ قويۇپلا تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، كۈزدە ھوسۇل يىغىۋېلىشقا چىقىدىغان ئازادىلىكى ۋە تەلىيى يوق. خوتەن دېھقانلىرى ئۈچۈن «ئېتىز ئىشلىرى تۈگەپ قالارمىكىن» دەيدىغان ئەنسىرەش ھاجەت ئەمەس. ئېتىزدىن بوشىسا ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ھاشار ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۆز ئېتىزىدا ئىش-ئەمگەك تۈگىگەن بولسا، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئېتىزى ئۇلارنى چىللايدۇ. چۆل-جەزىرىدىن ئوغۇت توپلاپ ئۇنى «تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋالغۇچىلار»ئېنىق كۆرەلەيدىغان چوڭ يول بويىغا ئاچىقىپ «پاراتتىن ئۆتكۈزۈش»نى قوبۇل قىلىدۇ. تۈرلۈك - تۈمەن ناملاردىكى سېلىشتۇرۇپ - باھالاش، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ئۆمەكلىرى ۋە ئەمەل-مەنسەپ، دەرىجە - ئۇنۋانلىرىنى بىلىپ ئۈلگۈرگىلى بولمايۋاتقان كاتتىۋاشلارنى كۈن-كۈنلەپ ئەمەس، ئاي-ھەپتىلەپ كۈتۈپ، چوڭ يولدىن تارتىپ چىغىر سوقماقلارغىچە موزاي يالىغاندەك سۈپۈرۈپ تازىلاپ، كەنت دوقمۇشىغا يىغىلىپ چاۋاك چېلىپ تۇرۇشىدۇ. ئەۋلادتىن ئەۋلادقا دائىم قىلىپ كېلىۋاتقان ئاتامىراس دېھقانچىلىقنىڭ ھەربىر ئىش ھالقىلىرىنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە ئۆگىتىدىغان «نەق مەيدان يىغىنلىرى»قاتلامۇ قاتلام ئېچىلىپ، دېھقانغا دېھقانچىلىق ساۋاتلىرى تەكراردىن تەكرار ئۆگىتىلىپ، ھەربىر دېھقان ئاھالىسى قاتناشتۇرۇلىدۇ (شۇنچىلىك كۈلكىلىككى، ئۆگەتكۈچى مۇنەججىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆزئۆمرىدە بىر ئېتىز يەرنى قول قاپارتىپ كۆكلىتىپ باققانلار بولسا، كاشكى!) شۇنىڭ بىلەن چوڭ-كىچىك «ئۇستاز»لارنىڭ تەكرار ئۆگەتكىنىنى بويىچە باش-ئاخىرىنى ئىلغا قىلىپ بولالمايدىغان ئىش-كارىغا يەنە بەنت بولۇشىدۇ. بۇلاردىنمۇ ئازادە بوپقالسا، «سىرتقا چىقىپ پۇل تېپىش»تىن ئىبارەت چىرايلىق نام بىلەن نەلەرگىدۇر مەجبۇرىي ئاپىرىلىپ، ئاي-پەسىللەپ پاختا يىغىش، پەمىدۇر ئۈزۈش ئىشلىرى تەييار. ئاپىرىلغان جايدا پۇل تاپتىمۇ، تاپمىدىمۇ، بۇ كېيىنكى گەپ. قانداقلا بولمىسۇن دېھقاننىڭ بىكار قېلىشقا ھەققى يوق. «بارمايمەن» دېيىشكە بېشىڭىز ئونمۇ؟ بارماڭچۇ قېنى، تۆلەيدىغان جەرىمانىڭىز ئاز ئەمەس. كەمىنە «بېيىتمىسىڭىز مەيلىكى، زۇلۇم قىلماڭ» دەپ يىلىنغان دېھقاننى يەرلىك كۆچتۆگۈر كادىرلارنىڭ «پۇل تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان جاي»غا ئاپىرىدىغان قاتناش ۋاستىسىغا قول-پۇتلىرىدىن تۇتۇپ مەجبۇرىي سېلىۋاتقانلىقىنى، ئۆيىدىن تۇتاملاپ پۇلنى كۆتۈرۈپ چىقىپ: «قولۇمدا پۇلۇم بار، مەن باشقا يول بىلەن پۇل تاپاي» دەپ «باھانىيۇ-سەۋەب كۆرسىتىپ»، «كۆيۈنگەننى ئۇقمىغان» دېھقاننىڭ نالە-زارىغىمۇ بىرەرىنىڭ قۇلاق بېرىپ قويمىغانلىقىنى كۆرگەنلەرنىڭ ھېسدىشانە بايانلىرىنى ئاڭلىغان ۋە چىڭقالغان چىرايلىرىنى كۆرگەنمەن.

خوتەن دېھقانلىرىنىڭ كۈننى خوتەندە دېھقان بولۇپ باقمىغان كىشىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلالىشىغا ئىشىنىش تەس. يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن «مۇنۇ ئۆمۈر چولپانلىرىغا قاراڭ» ناملىق تونۇشتۇرمىدىكى 103ياشلىق ھەيۋىخان ئانىمىزنىڭ ئېتىزدا ئەمگەك قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلۈك سۈرىتى، قاراقاش ناھىيىسىدىكى 118ياشلىق بۇۋىنىيازخان چوڭ ئانىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىشى دەۋاتقانلىرىمىز ۋە مەرھۇم خەلق شائىرى روزى سايىتنىڭ «دېھقاننىڭ توشمايدۇ پېنسىيە يېشى» دېگەن بىر چىرايلىق تۈگەللىمىسىنىڭ ئىسپات-دەلىلى ئەمەسمىكەن؟

توۋا، ئىگەم! 100ياشتىن ئاشقان مومايلارنىڭ دېھقانچىلىق ئەمگىكىدىن ئازاد بولمىغىنى دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدىن تېپىلماس. سۈرەت ئاپتورى بەلكىم ھەيۋىخان، بۇۋىنىيازخان چوڭ ئانىلىرىمىزنىڭ تېخىچە تەندۇرۇسلۇقىنى، كۈچ ماغدۇرىدىن كەتمىگىنىنى نامايىش قىلماقچى بولسا كېرەك. بوپتۇ، سۈرەت ۋە تونۇشتۇرما ئاپتورىنىڭ شۇ مەقسىتىگە ھۆرمەت قىلغانمۇ بولايلى؛ لېكىن يەنە بىر نۇقتىدىن كۆزىتىپ قارىساق، 103ياشلىق ھەيۋىخان ۋە 118ياشلىق بۇۋىنىيازخان چوڭ ئانىلىرىمىزنىڭ كۈچ-ماغدۇرىنىڭ تېخىچە بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا شۇنىڭدىن باشقىچىرەك ئۇسۇل ياكى مەنزىرە - دېكوراتسىيە تېپىلمىغانمىدۇ؟ بۇيەردىكى گەپ، ياشاشتىن ئىبارەت بىر تەقەززالىق مەزكۇر ئۆمۈر چولپانلىرى موملىرىمىزنى ئېتىزغا چىقارغان. شۇ تەقەززالىق ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سانسىزلىغان ھەيۋىخان موملىرىمىزنى بىر ئۆمۈر «بەدەن چېنىقتۇرۇش»قا مەجبۇر قىلىپ، تاھازىرغىچە كەتمەن كۆتۈرۈپ ئېتىزغا چىقالىغۇدەك كۈچ-ماغدۇرغا ئىگە قىلغان. بۇخىل چېنىقىش ۋە بۇ خىل چېنىقىشتىن كەلگەن

تەن ساقلىق ھۆرمەتلىك مومىمىز ھەيۋىخان، بۇۋىنىيازخانلارنى ئۆمۈر چولپانلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن.

**ئىككىنچى رېتسېپ: غەمسىزلىك**

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رىسالىلىرىدە: «غەم-ئەندىشە ئۆمۈرنى قىسقارتىۋېتىدۇ» دېيىلىدۇ. خوتەن دېھقانلىرى ئۇشۇقچە باش قاتۇرۇش، غەم-ۋايىم يېيىشلەردىن مەڭگۈلۈك مۇستەسنا. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەربىر كۈنلۈك پائالىيىتى ۋە نېمە قىلىشى، قانداق قىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «مۆررۈۋەتلىك كىشىلەر» تەرىپىدىن بىر چىرايلىق پىلانلىنىپ، ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۆلۈپ بېرىلگەن ھۆددە ئېتىزلىرىغا قايسى زىرائەتنى تېرىش، قايسى ئاينىڭ قايسى كۈنى تېرىش، توپ-تاپ ئارىلىقى قانچە سانتىمېتىر، نەچچە مىللىمېتىردىن بولۇش، قايسى خىل ئۇرۇق، قايسى خىل سورتنى تېرىشلارنىڭ ھېچبىرىگە دېھقاننىڭ باش قاتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. قىر-توسمىلىرىنىڭ ئېگىزلىك، ئۇزۇنلۇقلىرىنىڭ مۇقەددەس ئۆلچىمى بار. دېھقان بۇ ئۆلچەمدىن ئېگىز ياكى پاكار، ئۇزۇن ياكى قىسقا قىر-توسما ئېتىپ قويسا «ئۆلچەمچىلەر» ئانا-مانىسىنى كۆرسىتىدۇ. خوتەن دېھقانلىرى ئېرالار بويى دېھقان بولغىنى بىلەن تېرىغان زىرائەتلىرىنى قاچان ئوتاش، قاچان تاقلاپ توپ قالدۇرۇپ ئۈچ ياندۇرۇش، قايسى ۋاقىتتا ئوغۇتلاش، قاچان قانداق سۇغۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى «ئۇنتۇپ كەتكەن». بۇ تۈرلۈك -تۈمەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەخسۇس ۋەزىپىلىك «مۇنەججىم»لەر ئۆگىتىپ - يېتەكلەپ تۇرىدۇ. ۋاقىت - پەسلىنى ئەمەس، سان - مىقدارىنىمۇ شۇ «دېھقاننىڭ ئۇستازلىرى» بەلگىلەيدۇ. كەم، زىيادە قىلىپ قويۇشقا، ھۆتۈت-پۆتۈت دەپ بويۇن تولغاشقا كىمنىڭ ھەددى؟ دېھقاننىڭ ئېلىۋېتىدىغان مەنسەپ كۆلاسى بولمىغىنى بىلەن يېزا، كەنت كادىرلىرىنىڭ بار. دېھقانغا جەرىمانە دەردى ئېغىر كەلمىگىنى بىلەن، ئاۋۇ چاپان چۆرۈگۈچىلەرنىڭ مەنسەپ تونلىرى سالدۇرۇۋېلىنسا، شۇ ھامان كېسەل چاقىدۇ. بۇنىمجانلىقنىڭ دەردىنى يەنە شۇ دېھقاندىن ئالماي كىمدىن ئالاتتى!؟

بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت «باش قاتۇرۇدىغان ئىش» خوتەن دېھقانلىرى ئۈچۈن يات. ئۇلار پاختا، پىلە غوزىكى قاتارلىق ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى قايسى بازار، قايسى پونكىتتا قانداق باھادا سېتىش، خىمىيىۋى ئوغۇت، سولياۋ يوپۇق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى قايەردىن، قانداق باھادا سېتىۋېلىشلارنىڭ ھەممىسىدە يەنە شۇ «ئۇستاز»لىرىنىڭ ئۆگىتىشىگە موھتاج. ئاشۇ بەلگىلەنگەن ئورۇن ياكى بەلگىلەنگەن باھاغا كۆنمەي، مەھسۇلاتلىرىنى باشقا جايدا سېتىشقا ئورۇنۇپ ئۆيلىرىگە تىقىپ قويۇشسۇنچۇ قېنى، قوللىرىغا ئۇزۇن تۆمۈر زىخ ۋە باشقا تەكشۈرۈش سايمانلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان «كۆيۈمچان» تەكشۈرگۈچىلەر شۇ ھامان يېتىپ كېلىدۇ. بىر ئامالالارنى قىلىپ ھەقىقەتەن باشقا جايغا يۆتكەپ ساتماقچى بولسا، يول-يوللاردا چاسا-توساق ۋە بۇ توساقلارنى كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي ساقلايدىغان توساقچىلار بار. بۇ ھال خوتەن دېھقانلىرىنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ساتالماي قېلىش غېمى ۋە باھاسى ئۆرىراق ئورۇنغا يۆتكەپ سېتىشتىن ئىبارەت «يول ئازابى»نى يوق قىلغان.

باغ-ۋارانلىرىغا، قىر-ئېتىزلىرىغا قايسى خىل كۆچەتنى تىكىش، قانچىلىك تىكىش، قاچان چاتاش، قايسى ۋاقىتتا ئۇلاش، قايسى سورتنى ئۇلاش، قاچان ئۇلاش ئوي-غېمىنى خوتەن دېھقانلىرى «تەرك ئەتكەن». ئۇلار شۇنچىلىك «كۆڭۈللۈك» ھالدا باغ يېتىشتۈرىدۇكى، بۇ يىل بىر تۇتاش تارقىتىپ بېرىلگەن ئۈجمىنى تىكىپ، ئۇلاپ باراقسان بولغىنىدا چىقىرىپ تاشلاپ، ئۈزۈم تېلى تىكىدۇ. تال ئۆرۈككە ئورۇن بوشىتىپ، ئۇ مېۋىگە كىرەي دېگەندە ياڭاق شاملى ئۆرۈكلەرنى قومۇرۇپ تاشلايدۇ. بۇ خىل «تىكىپ سۆكۈش» خوتەن دېھقانلىرىنى ئۆز بېغى، ئۆز ئېتىزى ئۈچۈن غەم يېمەيدىغان بىر خىل «خۇشاللىق»قا ئىگە قىلغان.

قانداق چارۋا بېقىش، ئېغىل-قوتانلىرىنى قانداق شەكىلدە، قانچىلىك كۆلەمدە سېلىش، ئېغىلنىڭ ئىشىك، ئۇلاق-ئوقۇرلىرى، توساق-غاراللىرىنى قانچىلىك چوڭلۇقتا بېكىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دېھقانغا ئالدىن سىزىپ-بېكىتىپ بېرىلىدۇ. خوتەن دېھقانلىرى ئۆزىنىڭ سۇۋاي ئىنەك، سۇۋاي مادا، ساغلىقلىرىنى كىمنىڭ بۇقىسى، كىمنىڭ ھاڭگىسى ۋە كىمنىڭ قوچقىرىدىن قاچان، قايەردە، قايسى خىل ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇش، مال-چارۋا، توخۇ-ئۆردەكلىرىنى قاچان، قايەردە قايسى خىل ئۇسۇلدا قانداق ۋاكسىنلاش، قانداق ۋاكسىنا ئۇرغۇزۇش غېمىنى ئەسلا يېمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار ئاللىقاچان يەنە شۇ «ھەممىدىن خەۋەردار ئۇستازلار» تەرىپىدىن بېكىتىپ-بەلگىلەپ بولۇنغان. ئەگەر ئېغىلىڭىزدا مال-چارۋىڭىز ھەقىقەتەن ئاز بولۇپ، يۇقىرىدىن كەلگەن بىرەر كاتتىۋاش مەھەللىڭىز تەرەپكە پۇت قويغىدەك بوپقالسىمۇ ھەرگىز غەم يېمەڭ. چۈنكى «غەمگۈزار» يېزا-كەنت باشلىقلىرىڭىز نەلەردىندۇر ئەكەلدۇرگەن پىتىق-پىتىق سەمرىگەن سورتلۇق چارۋىلار بىلەن ئېغىلىڭىزنى ئاللىقاچان توشقۇزۇپ بولىدۇ. ئۇچاقنى قانداق سېلىش، مورىسىنى قانچىلىك ئېگىزلىكتە چىقىرىش، نېمە بىلەن سۇۋاپ ئاقارتىش، خالا-ھاجەتخانىلارنى قانداق جابدۇپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچە چوڭ-كىچىك تەرەت قىلماي، قانداق پاكىز ساقلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يەنە شۇ «ئۇستازلار» بېكىتىدۇ.

بۇنداق ئەتراپلىق «كۆيۈنۈش» ۋە «بىباھا مۇلازىمەت» خوتەن دېھقانلىرىنى غەمدىن خالاس قىلماي قويسۇنمۇ؟ قاغا دەل ئاشۇنداق غەمسىزلىكى بىلەن مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرگەن يەردە، خوتەن دېھقانلىرىنىڭ 100 يىل، 130 يىل ئۆمۈر كۆرگىنىدىن ئۈنچىۋالا ئەجەبلىنىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

**ئۈچىنچى رېتسېپ: ھالاللىق**

خوتەندە پەرزەنت تۇغۇلۇپ ئىسىم قويۇلغاندا، ئىمام ئۇزۇن تەكبىر ئايەتلىرىدىن كېيىن «هالالچى، پەرھىزكار دېھقان ئادەم بولغايلا» دەپ دۇئا قىلىدۇ. بۇ ياخشى تىلەك خوتەن دېھقانلىرىغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ، هارام يېيىشتىن پەرھىز تۇتقۇزۇپ، هالال ياشاشقا دەۋەت قىلىپ تۇرىدۇ. خوتەن دېھقانلىرى باشقىلارنىڭ ھەق - نېسىۋىسىنى بىلىپ-بىلمەي يەپ قويۇشتىن بەك ئېھتىيات قىلىدۇ. ئۇلار ئۆمۈر بويى بىرسىنىڭ پارا - سوۋغاتلىرىنى قوبۇل قىلىپ كۆرمىگەن. قورۇما-تائاملارنىڭ كۆپلىكىدىن بىلى ئېگىلىپ كەتكۈدەك بوپقالغان ئۈستەللەرگە تەكلىپ قىلىنمىغان، ئىسمىنى ئاڭلاپ، تۈرىنى ئىلغاپ ئۈلگۈرگىلى بولمايۋاتقان ئالىي ئىچىملىكلەرنى تېتىپ بېقىشقا مۇيەسسەر بولالمىغىنى ئۈچۈن، بىر خىل هالاللىق ئۇلارغا ئۈلپەت.

خوتەنگە كېلىپ، بىرەرىنىڭ يول باشلىشىسىز هالدا يېزا-كەنتلەرگە بېرىپ قارىسىڭىزلا بىلىسىزكى، خوتەن يېزىلىرىدا يېزا، كەنت كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سورتلۇق بۇقىدەك سېمىز، دېھقانلىرى سولاپ باققان ئۆچكىدەك ئورۇق. لېكىن يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكى، يۇقىرى قان بېسىمى، جىگەرنى ماي قاپلاش، مېڭىگە قان چۈشۈش، ياشانغاندىكى دېۋەڭلىشىش كېسەللىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاشۇ بۇقا، قوتازدەك يەرلىك خاقانلارغا يامىشىپ، «كۆز تەگكەندەك» ئىش بولسا، دېھقانلىرىمىز يېرىك ئۇننىڭ زاغرىسىنى ئۈستەڭ سۈيىگە چىلاپ يېگەچ: « بۇ جاي 100يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنداقتىيەي» دەپ خىرامان ئۇلتۇرۇشىدۇ. سىرتقا كاماندىروپكىغا چىققان خوتەنلىك ھەرقانداق كادىرنىڭ سومكىسىدىن يا ئۇنداق، يا بۇنداق دورا قۇتىسى چوقۇم چىقىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقانداق دوختۇرخانىنى ئارىلاپ كۆرۈدىغان بولساق، يېتىۋاتقان خوتەنلىك بىمارلار ئارىسىدا دېھقانىنىڭ ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. يۇقىرىدا شىپى كەلتۈرۈلگەن 118ياشلىق بۇۋنىيازخان مومايىنى سۈرەت ئاپتورى «ئۇ ئۆمرىدە كېسەل بولۇپ باقمىغان، دوختۇرنىڭ دورىسىنى ئىچىپ باقمىغان» دەپ تونۇشتۇرغان. تېخى شۇھالدىمۇ يەنە شۇ «ئۇستازلار» يۈزىنى پولۇدەك قىلىپ، دېھقانغا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى، تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈشنىڭ تەدبىرلىرى ھەققىدە توختىماي ۋەز ئېيتىدۇ. قىزىق يېرى، ئۆمۈر چولپانلىرى تىزىملىكىدە دەرس ئۆتكۈچى «ئۇستاز»لار ئەمەس، بەلكى «ئۇستاز» نەزىرىدىكى «غەرەز ئاڭقارمايدىغان»، «ۋىتامىن تولۇقلىمايدىغان»، «تازىلىققا رىئايە قىلمايدىغان»، «ئۆزىگە كۆيۈنمەيدىغان»، « ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى بىلمەيدىغان» ئاشۇ دېھقانلىرىمىزنىڭ ئىسمى قۇر-قۇرلاپ يېزىلىدۇ. بۇ بىر روشەن سېلىشتۇرما. بۇ سېلىشتۇرما بىزگە ھەرقانداق دورا ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ھەققىدىكى قۇرۇق سەپسەتىلەرنىڭ هالال ياشاشتىن ئىبارەت خوتەن دېھقانلىرى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان ھەقىقەتنىڭ ئورنىنى ئالالمايدىغانلىقىنى تونۇتماي قالارمۇ!؟

**تۆتىنچى رېتسىپ: كەڭ قورساقلىق**

كونىلاردا بىرەرىدىن ناھەق تەنبىھ ئىشىتكەندە «ئارپىڭىزنى خام ئورىغانمىتىم» دەيدىغان بىر ئىدىيوم بار. لېكىن خوتەندە دېھقانىنىڭ «ئارپىسىنى ھەر يىلى خام پېتى ئورۇۋەتسىڭىزمۇ»، ئۇلار بىرەرىگە چىش يېرىپ تىل تەگكۈزمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەندە دېھقانغا زىرائەتنى خام پېتى يىغدۇرۇش مودىغا ئايلىنىپ قالغان. ئەتىيازدا شۇنچە مەبلەغ سالدۇرۇپ تۇجۇپىلەپ تېرىغان كېۋەزلەر كۈزدە بىر چىرايلىق ئېچىلىپ، بىرىنچى تېرىم پاختا دېھقانىنىڭ تاغىرىغا كىرە-كىرمەيلا «يەرنى كۈزگى بۇغدايغا بىكارلايسەن» دەپ شادىنى چاپقۇزۇۋېتىشىدۇ. بۇغداي پىشا-پىشمايلا ئورنىنى قوناق ئىگىلەيدۇ. قوناق كۆك پېتىلا ئۈزۈلۈپ، يەنە بۇغدايغا ئورۇن بوشىتىدۇ. بىچارە دېھقان تېخى ئېچىلمىغان غوجمەك-غوجمەك غوزەكلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان كېۋەز شادىسى، ئاپئاق دان سۈيى تېمىپ تۇرغان قوناقشاخلىرىنى تۇتاملىغىنىچە كۆزلىرىنى نەمدەپ، كىملەردىندۇر شاپائەت تىلىگۈسى كېلىپ ھەريان قاتىرايدۇ. خوتەن دېھقىنى باج-غەلله-لەڭ ئاشلىقلىرىنى تولۇق تۆلىگەندىن باشقا يەنە «ئارتۇق ئاش» ساتىدۇ. دېھقاندا ساتقۇدەك ھەقىقەتەن «ئارتۇق ئاش» بار-يوقلۇقىنى ھېسابلىشىپ ئولتۇرۇدىغانغا يېزا-كەنت كادىرلىرىنىڭ ئۇنچە كەڭرى ۋاقتى يوق. دېھقانىنىڭ ساتقۇدەك «ئارتۇق ئېشى» بولمىسا، پۇل تۆلەپ بەرسە تېخى ياخشى.

خوتەن دېھقانلىرىدەك كەڭ قورساق، ئەپۇچان، كۆتۈرۈشلۈك، ئېغىر-بېسىق، مۆمىن پۇقرا ئۇلۇغ جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ھېچبىر ئۆلكىسىدە يوقتۇر. ئۇلار ئۆزى بېشىغا كەلگەن ھەربىر دەرد، ھەربىر ئەلەمنى كۈلۈپلا ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن. بولۇپمۇ ئۆز قەۋمى، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ دوق-تەنىسى، ئاچچىق چېچىلىشلىرىغا جىم-سۈكۈت بىلەن جاۋاب بېرىشكە كۆنۈككەن. بۇ ئادەت ۋە كۆنۈكلۈك ئۆز نۆۋىتىدە خوتەن دېھقانلىرىغا «ياۋاشنى بوزەك ئەتمىسە قىيامەتتىمۇ سورىقى بار» دېگەن ماقالنى كونى بىر دېگۈدەك ئىسپاتلاپ تۇرسىمۇ، «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدىغان» ئوخشايدۇ.

يېزىپ مۇشۇ قۇرلارغا كەلگەندە «ئاشۇرۇۋەتتىم-مۇ يا؟» دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە قېتىملاپ سوئال قويدۇم. يازغانلىرىمنى تەكرار ئوقۇپمۇ باقتىم. ۋىجدانەن جاۋاب ئىزدىگىنىمدە خوتەن يېزىلىرى ۋە خوتەن دېھقانلىرى ھەققىدىكى بۇ يازمىلىرىمنىڭ تېخى ئاددىي بوپقالغانلىقىنى، يۇرتۇم دېھقانلىرىنىڭ ئوي-خىياللىرىنىڭ، تەنە-كىنايە بىلەن يۇغۇرۇلغان ئاچچىق كۈلۈشلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ ئىپادىلەپ بولالمايۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپ، يۈزلىرىم قىزىرىشتىن ئوت بولۇپ ياندى. ئىشەنمىسىڭىز قاراڭ: خوتەن دېھقانلىرىنىڭ ئۆيىنى خالىغان كىشى، خالىغان چاغدا، خالىغان باھانە-سەۋەبلەر بىلەن ئاختۇرالايدۇ. پاختاكادىرى: «ئۆيۈڭدە بەلگىلەپ بەرگەن پونكىت ۋە بەلگىلەنگەن باھادا ساتماي، يوشۇرۇپ قويغان پاختاڭ بارمۇ؟» دەپ ئاختۇرسا،

www.uyghurkitap.com

بىرى: «سۇپەتسىز ئۇرۇقلۇق بۇغدىيىڭ يوقتۇ؟!» دەپ، يەنەبىرى: «سىرتتىن كەلگەن مېھمانلىرىڭنى بىزگە دەپ قويىماي قوندۇرمىغانسەن؟» دەپ ئاختۇرىدۇ... قايسىبىرىنى يېزىپ بولاي. ئىشقىلىپ، گۇمانلىق ئۇۋا دېھقان ئۆيى. بىچارە خوتەن دېھقىنى ئۆزىنىڭ جۇمھۇرىيەت قانۇنىغا ئۇيغۇن ھالدا ئۆرە قىلغان ئۆيلىرىنى ئاختۇرغۇچىنىڭ خالىغانچە ئۆي ئاختۇرۇش سالاھىيەت - ھوقۇقىغا ئىگە ياكى ئەمەسلىكىنى سورىيالمايدۇ. سوراش تۇگۇل ئاشۇ قانۇنسىز ئۆي ئاختۇرغۇچىلارنىڭ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزگۈچى گويا ئۆزىدەك بىر خىل تىترەپ، تەمتىرەپ قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەي قالىدۇ. يوق بەتناملارغا قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۆي ئاختۇرغۇچىلارنى تۆرگە باشلىغۇسى، توپا تەكچىلىرىدە ساقلىغان بىرەر-يېرىم تال ئانار، بېھىلىرىنى قوش قوللاپ تەڭلىگۈسى كېلىدۇ. يۈزى قىزىرىشتىن يىراق ئاۋۇ «غالىبلار» ھەرھالدا قۇرۇق قول قايتمىغىنىغا خۇشھال بولۇشۇپ، ئىككىنچى بىر ئەگۈننى داراڭشىتىشقا يۈرۈپ كېتىدۇ.

تۇرلۇك جەرىمانىلەرگە كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلىش، تۇرلۇك-تۇمەن گۇمان، دوشكەلەشلەرنى ئەپۇچانلىق بىلەن كولۇمسىرەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش خوتەن دېھقانلىرىنى بىر خىل پەرىشتە سۈپەت خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ، ھەقىقىي ئۆمۈر چولپانلىرىغا خاس مىجەزنى كەمكۈتىسىز يېتىلدۈرگەن.

ھەربىر ئىنسان ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ھەقىقەتەن ئۆزىگە ئەڭ زور ئىستەك قىلىدۇ. گەرچە نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن ياشاش ياكى ئۇزاق ياشاپ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكى ھەققىدە بىرەر مەرتە ئويلاپ كۆرمىسىمۇ. ئەگەر سىزمۇ شۇ خىيالدا بولسىڭىز ۋە «توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر كۈن ياشا» دېگەن ماقالنى ئاڭلاپ قالمىغانلا بولسىڭىز، خوتەنگە كېلىپ دېھقان بولۇڭ. بۇ مېھرى ئىسسىق ماكان سىزنى ئېغىر تىنىقلىرى بىلەن باغاشلايدۇ ۋە ئىسمىڭىزنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرنىڭ باش قۇرىغا پۈتۈپ قويىدۇ.

2003-يىل 11-نويابىر، لوپ

# كىم خوجايىن، كىم چاكار؟

ئېلىمىز مەتبۇئاتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك «رەھبىرىي كادىرلار خەلقنىڭ چاكىرى»، «خەلق ھەممىگە خوجايىن» دېگەن جۈملىلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. «ئاساسىي قانۇن» دىكى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ» دېگەن ئاتالغۇ ھەممىمىزنىڭ قەلبىنى شادىيانىلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ. تۇرلۇك تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىمۇ ھەركۈنى دېگۈدەك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خەلقنىڭ چاكىرى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر «ھەقىقەت»نى ئىسپاتلىماقچى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خوجايىنلىق روھىنى شۇ خەلق توپىغا تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدۇرماقچى بولىدۇ. بۇ ھال ھەر نۆۋەتلىك يەرلىك سايلام ۋاقىتلىرىدا تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ ۋە ئەۋجىگە چىقىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىق: خەلق - خوجايىن، رەھبىرىي كادىرلار ئاشۇ خوجايىن بولمىش ئاۋام خەلقنىڭ چاكىرى، خىزمەتكارى.

ئۇنداقتا، ئەمەلىيەت زادى قانداق؟

كۈندىلىك خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىمىز سىياسەت بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن ئېلىمىز جۇڭگودا خوجايىن بىلەن چاكارنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغاندەك قىلىدۇ. «چاكار» تۆردە، «خوجايىن» پەگادا. «چاكار» مۇنبەردە تۇرۇپ ئۆز «خوجايىن»لىرىغا توختىماي بۇيرۇق بېرىپ، ۋەزىپە تاپىلاپ، ئىش بۇيرۇپ سۈرۈشتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇيرۇتمىلىرى ئۆز كۆڭلىدىكىدەك نەتىجىلەنسە، دەرىجە مائاش ۋە باشقا ماددىي، مەنىۋى مەئىشەتلىرى بىلەن تارتۇقلايدۇ. كۆڭلىگە بەكرەك يېقىپ قالغان «خوجايىن»لار ئەمەل-مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، بىراقلا «چاكار»لار توپىغا قېتىلىپ كېتىدۇ ۋە ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۆز «خوجايىن»لىرىنى ئىشقا بۇيرۇيدىغان بەختلىك «چاكار»لارغا ئايلىنىدۇ. تاپىلىغان ئىش-ۋەزىپىلىرى ئۆز كۆڭلىدىكىدەك لاياقەتلىك ئورۇندالماي قالسا ياكى سۈرۈك - مۇددەتتىن ئېشىپ قالغۇدەك بولسا، ھەيھات! شۇ ھامان «چاكار»نىڭ قاپىقىدىن مۇز ياغىدۇ. ئۆز «خوجايىن»لىرىغا بوراندەك گۈركىرەپ، ئۇستەل مۇشتلاپ ئەينەك چاقىدۇ. غەزىپى شۇنىڭ بىلەن بېسىقسىغۇ شۈكرى، مائاش دەرىجىسى چۈشۈرۈلۈپ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، خەلقى ئالەمگە سازايى قىلىنىپ، ئاللا تۇۋىسىنى چىقىرىۋەتكەننى ئاز دەپ، «خوجايىن»نىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى ئارخىپ خالتىسىغا سېلىپ، مەڭگۈلۈك «ياغلىق قاپاق»قا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

بۇغۇ تەلىيى تەتۈر كەلگەن، نەس باسقان «خوجايىن»لارنىڭ كۆرگىلىكى. نەس باسمىغان، كۈنى ئۇدۇللۇق كېتىۋاتقان كۆپ ساندىكى «خوجايىن»لارنىڭ ھالىچۇ؟

بۇلارنىڭ ھالىمۇ چاغلىق. «چاكار»مودا قوغلىشىپ يىلدا بىر دېگۈدەك ئالماشتۇرۇدىغان ئالىي دەرىجىلىك پىكاپىتا ئىشقا بېرىپ كەلسە، «خوجايىن» ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن «كەپتەر»، «قىزىلبايراق» ماركىلىق ۋېلىسىپىتلىرىنى يېڭىلىيالماي ئاۋارە. «خوجايىن» ئۆيىگە ئايدا، يىلدا بىر كەلگەن ئەزىز مېھمىنىنى كۈتەلمەي بويۇن قىسسا، «چاكار»نىڭ ھۆكۈمەت پۇلىغا بۇيرۇتقان نازۇ-نېمەتلىك قورۇما-تائاملىرى تەخسە-تەخسىلەپ يۇندا چېلەكىدىن ئورۇن ئالىدۇ. «خوجايىن»نىڭ ئالىي مەكتەپ چاقىرىقىنى تاپشۇرۇۋالغان يالغۇز ئوغلى نامراتلىق دەستىدىن مەكتەپكە بارالمىغىنىدا، «چاكار»نىڭ نومۇرى تۆۋەن نايناق قىزى ئايروپىلان بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئۇزىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

«خوجايىن»مەيلى قانداقلىكى ئىش بىلەن رۇخسەت سورىمىسۇن، ئۆز «چاكىرى»غا يازمىچە ئىلتىماس سۇنۇشى، تەستىقلاپ بېرىشىنى كۈتۈپ بويۇن قىسىپ تۇرۇشى شەرت. «چاكار»غا زۇكامغا چاغلىق كېسەل دارىسا، ئۇنىڭ ئۆيى شۇ هامان بالىنىستقا ئايلىنىدۇ. دوختۇر-سېستىرالار نۆۋەتلىشىپ «چاكار»نىڭ تېزراق ئەسلىگە كېلىپ، ئۆزلىرىگە هىممەت قولىنى سۇنۇشىنى، يېڭى-يېڭى ئالىي يولىيورۇقلارنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ، «چاكىرى»نى يوقلاپ، ئىشكى ئالدىدا ئۇزۇن ئۆچرەت هاسىل قىلىدۇ. دەل ئاشۇ «خوجايىن» هېلىغۇ كىچىك ئەرزىمەس كېسەل ئىكەن، راك بوپقالغىنىدىمۇ (ئاللا ئۆزى پاناھ بەرسۇن!)دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئىلتىماسىنى كۆتۈرۈپ «چاكىرى»نىڭ ئىشخانىسىغا سانسىز قاترايدۇ. ئالدىن ئازراق داۋالىنىش قەرزى ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، داۋالاش شارائىتى ياخشىراق دوختۇرخانىلارغا بېرىپ، تەكشۈرۈتۈپ كېلىش ئۆتۈنۈش ئىلتىماسىغا زاتى مۇبارەك «چاكىرى»نىڭ «قوشۇلىمەن» دېگەن قىممەتلىك ئىككى خېتىنى يازدۇرۇشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس.

ۋادەرىخا، قايسىبىرىنى دەپ بولاي!؟ ئۆيلىنىش، ئۆي ئېلىش، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، تېرىلغۇ يەرلىرىگە ئۆز خاهىشى بويىچە دان تېرىشتىن تارتىپ تاشلاندۇق خالتا كوچا بويىغا كىچىككىنە بوتكا ئورنىتىشقىچە بولغان ئىنسان كاپالىتىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئاددىي تەلەپلىرىنىڭ هەممىسىدە «چاكار»، «خوجايىن»غا كۆرسەتمە، تەستىق، يولىيورۇق بېرىدۇ.

ئەڭ قىزىقى شۇكى، ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش، سايلىنىش نۇتقىدا: «ماڭا بۇ هوقۇقنى خەلق بەردى، مەن بىر ئۆمۈر خەلقنىڭ چاكىرى»دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىغان بۇ «چاكار»لارنىڭ ئۆز «خوجايىن»لىرىنىڭ ئىلتىماس، ئۆتۈنۈشلىرىگە قاراپ بېرىۋېتىم يۈزى قىزارغىنىنى كۆرۈش كەمىنىگە نېسىپ بولمىدى. قارىغاندا، بۇ دېگەنلىرى «چاكار»لارنىڭ ئۆزلىرىگە هوقۇق، شان-شەۋكەتنى ئايىماي هەدىيە قىلغان كەڭقورساق، سەۋر-تاقەتلىك «خوجايىن»لارغا بەرگەن ۋەدە-قەسىمى ئەمەس، بەلكى تەسەللىي ۋە مەسخىرە - تەنىسى بولسا كېرەك.

هەممىنى بىر تاياقتا هەيدىمەي، كەڭ نەزەررەك بولۇپ ئىنچىكە كۆزەتكىنىمىزدە خەلقنىڭ راستىنلا غېمىنى يەپ، ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ، ئۆز خوجايىنلىرى بىلەن هەمنەپەس، قەلبداش، دەرداش، دىلكەش بولۇۋاتقان چاكارلارنى تېپىش بەلكىم مۇمكىن. لېكىن قەلبىمنىڭ راست سۆزلىشىگە ئىجازەت بەرگەن مۇشۇ مىنۇتلىرىمدا ئۇنداق هەقىقىي چاكارلارنىڭ ئازلىقىنى، «چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا ئومۇمەن ياخشى»ئۆلچىمىگە تۇشمايدىغانلىقىنى هېس قىلىۋاتىمەن. بەك يامان بولۇۋاتقىنى، دەل مۇشۇنداق ئازساندىكى هەقىقىي چاكارلار قاچانىكى ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ دەردىگە بەكرەك ئورتاقلىشىپ هالىغا هال، مۇڭىغا مۇڭ قاتقانلىرىدا تورۇپلا دەردمەن «خوجايىن»لارنىڭ ئۇلۇغ توپىغا قېتىلىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇمۇ راست چاكارلارنىڭ ئازلاپ، يالغان خوجايىنلارنىڭ ئاۋۇپ قېلىشىدىكى بىر سەۋەب بولسا كېرەك.

شۇڭا، پىنهان خانەمدە ئۆز-ئۆزۈمدىن سورايمەن: خوجايىن كىم، چاكارچۇ؟

2003-يىل 18-سېنتەبىر، لوپ

---

ئاپتور: لوپ ناهىيە سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى

(M1)

«شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى مۇهەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى



باش مۇهەررىر: قۇربان ماموت(M1)



مۇئاۋىن باش مۇهەررىر: رىسالەت مۇهەممەت(M2)



# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئىخچاملاش زۆرۈر بوپقالدى

داۋۇت مەتنىياز

تارىختا ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى خىلمۇ خىل قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەندەك، ئەدەبىياتمۇ ئوخشىمىغان مۇئامىلىلەرگە يولۇقتى. بەزى دەۋرلەردە قەدىرلەنسە، بەزىدە خورلاندى. گاھى گۈللەنسە، گاھى خارابلاشتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن ئالاھىدە مول ھوسۇللۇق يىللىرى بولدى. ژانىرلارنىڭ كۆپ خىللىشىشى، تېما دائىرىسىنىڭ كەڭرىلىكى، ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئاپتورلارنىڭ كەسپىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بۇ نۇقتىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. ئەپسۇسكى، ئەدەبىيات قانچە گۈللەنگەنسېرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەدەبىيات مۇھىتى خىرەلىشىپ، ئادەملەردىكى ئەدەبىيات قىزغىنلىقى يوقالدى. ئاپتورلار: «مىللىتىمىز كىشىلىرى كىتاب ئوقۇمايدىغان بوپكېتىشتى. نۇرغۇن پۇل خەجلەپ رېستورانلاردا ئولتۇرۇۋىدىغانلارنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتالايمىز. ئەمما ئاچچىق هاراققا خەجلىگەن پۇلىنى كىتاب سېتىۋېلىشقا خەجلەيدىغانلار يوق» دەپ قاقشىسا، ئوقۇرمەنلەر: «ئاپتورلار ياخشى يازمايدىغان بوپقالدى. ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغىغىدەك ئەسەر كەم» دەپ ئاغرىنىشماقتا. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ ھەر ئىككىلىسى توغرا ئەمەس. ياخشى ئەسەرلەر ھەرقانداق دەۋرلەردىكىدىن كۆپ. نۇرغۇن مەسئۇلىيەتچان ئاپتورلار ئۈن-تىنسىز ئىزدىنىپ، كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى ھەم قىلىۋاتىدۇ. ئېسىل ئەسەرلەرنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، زوقلىنالايدىغان ئويغاق ئوقۇرمەنلەرنىمۇ جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھە، ھەممە قاتلاملىرىدىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئەمىسە مەسىلە نەدە؟ مەسىلە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سانى بىلەن سۈپىتىنىڭ مۇناسىۋىتىدە. سوغۇققانلىق بىلەن ئويلاپ كۆرسەك شۇنى ھېس قىلىمىزكى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سۈپەت جەھەتتىن بىر ھەسسە ئۆسكەن بولسا، سان جەھەتتىن ئون ھەسسە ھەتتا يۈز ھەسسە ئۆستى. بىر پارچە سۈپەتلىك ئەسەرگە نەچچە ئون پارچە سۈپەتسىز ئەسەريانداشقىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ھۆ قىلىۋەتتى. ئەمما بىز مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ: «مانچە رومانىمىز نەشر قىلىندى، مانچە توپلام چىقتى، مانچە نەشرىيات ۋە گېزىت-ژۇرنىلىمىز بار بولدى» دېگەندەك ئەخمىقانە گەپلەر بىلەن ئۆزىمىزنى ئالداپ يۈرۈۋەردۇق. لېكىن ئاشۇ كاتتا رەقەملەر بىلەن سانالغان كىتاب ۋە ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ تەركىبىدە شاكال قانچىلىك، مېغىز قانچىلىك، ئاشۇ يازمىلىرىمىز خەلقىمىزگە قانچىلىك نەپ بېرىۋاتىدۇ، قانچىلىك قەدىرلىنىۋاتىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە باش قاتۇرۇدىغانلار تولىمۇ ئاز بولدى. ئەدەبىيات يايلاقتىكى چارۋا ياكى ئېتىزدىكى بۇغداي - قوناق ئەمەس. يايلاقتىكى چوپان: «بىر يىلدا مانچە تۇياق تۆل ئالدىم» دەپ ماختانسا، ئېتىزدىكى جاپاكەش دېھقان: «يېرىمدىن بىر يىلدا مانچە چارەك ئاشلىق چىقتى» دەپ شادلانسا تامامەن ئەرزىيدۇ. ئەمما ئەدەبىي ئىجادىيەتتە سان بىلەن سۈپەت ھامان تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ نوقۇل ھالدا ساننىلا قوغلىشىش، سۈپەت جەھەتتىن چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىغا نىسبەتەنمۇ نەشرىيات سەھنىلىرىنىڭ بىئەتىۋار بوپكېتىشى سۈپەتسىز ئەسەرلەرنىڭ كۆپىيىشىگە يېشىل چىراغ يېقىپ، شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ زاۋاللىقىنى تېزلىتىدۇ. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز دەل مۇشۇ خەۋپكە دۇچ كەلدى.

مەنمۇ شېئىر دەپ باقاي

www.uyghurkitap.com

## 1.ئەدەبىي ژۇرناللار كۆپ

ئەسلىدە ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ كۆپ بولغىنى ياخشى . لېكىن ژۇرنال ئۆز سەھىپىلىرىنى سۈپەتلىك ئەسەرلەر بىلەن بېزىمەي ، سۈپەتسىز ئەسەرلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتسە ياكى بىر پارچە مۇنەۋۋەر ئەسەرگە 10 ـ 20پارچە پاخال ئەسەرنى قوشۇپ ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بوپقالسا ، بۇنداق ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ ئەدەبىياتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئەكېلىدىغان پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولىدۇ . بىر ژۇرنالغا كەلگەن ئەسەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سۈپەتلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . ئوخشاشلا ھەممىسىنىڭ سۈپەتسىز بولۇشىمۇ ناتايىن . مۇھەررىرلەر ئالدىغا كەلگەن ئەسەرلەرنى كۆرۈپ ، سېلىشتۇرۇپ تاللاپ ، لاياقەتلىكلىرىنى ئېلان قىلىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي ژۇرناللارغا كەلگەن ئەسەرلەر كۆپ بولۇشى ، بىر پارچە لاياقەتلىك ئەسەر نەچچەئون پارچە ئەسەر ئىچىدىن تاللىۋېلىنغان بولۇشى شەرت . لېكىن ھازىر دىيارىمىزدىكى ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ كۆپلىكى تۈپەيلىدىن بىر ژۇرنالغا كېلىشكە تېگىشلىك ئەسەر بىر قانچە ئونلىغان ژۇرنالغا چېچىلىپ كېتىپ ، تەھرىرلەرگە سېلىشتۇرۇپ تاللاش ئىمكانىيىتى بولمايۋاتىدۇ . ئەدەبىي ژۇرناللار ئۆددى ئالدىغا كەلگەن بۇغداي-قوناقنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي تۆۋەتى بىلەن ئۇن تارتىپ چىقارغان تۈگمەنگە ئوخشاش ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ خېلى كۆپلىرىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر (ئېلان قىلىنغان ئەسەرنىڭ سۈپەتسىزلىكى ئادەمنى شۇنداق خۇلاسىگە كەلتۈرىدۇ ) .بەزى ژۇرناللار : «ئەسەر يوق ، بىرنېمە ئەۋەتىڭلار» دەپ جايلاردىكى ئۆزىگە تونۇش بولغان ئاپتورلارنى ئالدىراتماقتا . يەنە بەزىلىرى ئۆزىگە يۈزلەنگەن خەۋپتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى خاتا مۆلچەرلەپ ، بەزى سانلارنى مەلۇم ناھىيىلەرگە ساتىدىغان ئەھۋاللار پەيدا بوپقالدى . كۈلكىلىك بولغىنى شۇكى ، ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ژۇرنالنىڭ شۇ سانى بېغىشلانغان رايونغا بېرىپلا قەلەم تۇتالايدىغانلىكى ئاپتورلارنىڭ ھەممىسىگە ئەسەر يېزىش ۋەزىپىسىنى قويۇۋاتىدۇ . ئاپتورلار بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە تېرىپ-تۆشەپ بىرەر پارچىدىن ئەسەرنى پۈتتۈرگەن بولۇشىدۇ-دە ، ژۇرنالنىڭ بەتلىرى ئىشغىلىپ ئاق قالمايدۇ . ئاشۇنداق ئەھۋالدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ قانچىلىك بىرنېمە بولۇدىغانلىقى ئەدەبىياتنى چۈشىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئايان . بۇ خىل ژۇرنالچىلىق خاھىشى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ شۇ بىر قېتىملىق سانىنى خەۋپتىن ساقلاپ قالغىنى بىلەن ، ئاخىرقى تەقدىرىنى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ . مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتتە جان تالىشىپ قالغان ئەدەبىي ژۇرناللارنى قەغەز ئىسراپچىلىقى ۋە ئادەم ئىسراپچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرغان تۈزۈك . ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە پايدىسىز بولغان ژۇرناللارنى زورمۇ زور ساقلاپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق .

## ئۇنىۋېرسال ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنىڭ ئەدەبىيات بەتلىرى كۆپ

قارىماققا ئۇنىۋېرسال ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنىڭ ئەدەبىيات بەتلىرى ئانچە كۆپ ئەمەستەك ، بىر سان ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنىڭ ئاران بىر ياكى بىر قانچە بېتىنىلا ئىگىلىگەندەك كۆرۈنىسىمۇ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى سان ، سۈپەت نىسبىتىدىن قارىغاندا ، تولىمۇ ئارتۇقلۇق قىلىۋاتىدۇ . كۆپلىگەن ئۇنىۋېرسال ژۇرنال ۋە گېزىت ئەدەبىيات بەتلىرىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن . يەنە بەزى ئۇنىۋېرسال ژۇرناللار تەسىس قىلىنغاندىن بېرى ئېلان قىلغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ساناپ كۆرۈدىغان بولساق ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدە ئورناپ قالغانلىرى يوق دېيەرلىك . ھەممىسى دېگۈدەك تالاي قېتىم چاينىلىپ مەززىسى قالمىغان ، تەمسىز مىسرالاردىن تۈزۈلگەن «شېئىر»ۋە ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغان ئاددىي ھادىسىلەردىن قۇراشتۇرۇلغان «ھېكايە»لەر ، خالاس . بەزى ئۇنىۋېرسال ژۇرنال ئەدەبىي بەتلىرىنىڭ مەخسۇس ئاپتورلىرى ئوقۇرمەنلىرىدىن كۆپ . باشقا ژۇرناللاردا كۆزگە چېلىقمايدىغان (يازمىلىرى سۈپەت ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەيدىغانلار ) بىر قىسىم ئاپتورلارنى پەقەت شۇ ژۇرنالنىڭ ئەدەبىيات بېتىدىنلا ئۇچرىتىش مۇمكىن . تېخىمۇ خەتەرلىك بولغىنى شۇكى ، ئاشۇ مەخسۇس ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيىتىدە قىلچە ئىلگىرىلەش يوق . 10ـ20يىلنىڭ ئالدىدا يازغان ئەسىرى بىلەن بۈگۈنكى ئەسىرىنى سېلىشتۇرساق ، يەنىلا «ئاتام ئېيتقان بايىقى» .

ئەدەبىي ئىجادىيەت كوچىسى ناھايىتى كەڭ كوچا . بۇ كوچىغا كىرىش ئۈچۈن بىرەر تەشكىلىي رەسمىيەت ياكى ئالىلقانداق دەرىجە ئۆلچىمى شەرت قىلىنمايدۇ . خالىغان ئادەم خالىغان ۋاقىتتا قولىغا قەلەم ئالسا بولۇۋېرىدۇ . شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر بۇ كوچىغا كىرىپ باقىدۇ . بەزىسى ئوقۇرمەنلەرنى رازى قىلالايدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالايدۇ ، بەزىسى خېلى يىللار ھەپىلەشكەن بولسىمۇ ، كىشىلەرنىڭ يادىدا ساقلانغۇدەك بىرەر پارچە ئەسەر يازالماي چېكىنىدۇ . يەنە بەزىسى ياخشى ئەسەر ئىجاد قىلالمىغان تۇرۇپمۇ ئوقۇرمەنلەرنى ئالداپ يۈرۈۋېرىدۇ .مېنىڭچە ، ياخشى ئەسەر يېزىش قولىدىن كەلمىسە ، ئىجادىيەت سەھنىسىنى پاخاللاشتۇرۇپ يۈرگەندىن كۆرە ، ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ھوزۇرلىنىشمۇ بىر خىل ئاقىلانە تاللاش ھېسابلىنىدۇ . ھېچقانداق ئادەم ئانىسىدىن شائىر- يازغۇچى بولۇپ تۇغۇلمايدۇ .ئەمما بىر قانچە ئون يىللار مەشىق قىلغاندىن كېيىن مەسىلە ئاسان ئايدىڭلاشقان بولىدۇ . شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەت كوچىسىدىكىلەر ئۆزلىرىنى دەڭسەپ كۆرۈشكە ئالدىرىغان تۈزۈك .

تېببىي ئىلمىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىچە ، ھەرقانداق ئادەمدە مەلۇم بىر تۇغما تالانت بولىدۇ

(پسىخولوگىيە ئىلمى بۇنى ئىرسىي سۈپەت دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ). تۇغما تالانت قايسى كەسىپتە بولسا، شۇ كەسىپكە قەدەم قويغان ئادەم ئاسانلا نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئادىشىپ قالغانلارنىڭ بىر ئۆمۈرھاياتى بىكار كېتىدۇ. بىر ئۆمۈر ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئادەمنىڭ ياشلىقىنى، سالامەتلىكىنى بەدەل تۆلەيدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايدىڭ. لېكىن ئاشۇنداق كۆپ بەدەل تۆلەپمۇ بىرەر پارچە مۇنەۋۋەر ئەسەر يازالمىسا، بۇنداق ھاياتنىڭ پاجىئەدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى تېخى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئايدىڭ ئەمەس. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىزدا قىبرى ھەۋەسكارلار كۆپ.

## نەشرىياتلار كۆپ

بىزدىكى مىللىي تىل-يېزىقتا كىتاب چىقىرىدىغان نەشرىياتلارنى بارماق بىلەن سانىغىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، نەشرىياتلار ئازدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن بەزى سەۋىيىسى تۆۋەن، سۈپەتسىز كىتابلارنىڭ كۆپلەپ نەشر قىلىنىۋاتقانلىقى، نەشرىياتلارنىڭ نورمىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. سۈپەتسىز كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىشى يالغۇز نەشرىياتقىلا ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە باغلىق. ئەمما ئاساسىي جاۋابكارلىق يەنىلا نەشرىياتلاردا. بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ جەمئىيەتلىشىشى نەتىجىسىدە نەشرىياتلارمۇ ماددىي مەنپەئەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان تىجارەتچىلەرگە ئوخشاش پايدا قوغلىشىپ، كىتابنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىنى ئۆلچەم قىلماي، ئاپتورنىڭ تۆلەيدىغان پۇلىنى ئۆلچەم قىلىدىغان بوپكەتتى. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكىدەك مىساللار بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ:

1. مىسال: ××يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. مەلۇم بىر نەشرىياتنىڭ ئۈچ كىشىلىك گۇرۇپپىسى خوتەنگە كېلىپ، «يېڭى قاشتاش» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە بىر قىسىم ئاپتورلار بىلەن سۆھبەتتە بولدى. سۆھبەت داۋامىدا خوتەنلىك ئاپتورلار بىلەن نەشرىياتچىلارنىڭ پىكرى بىرىيەردىن چىقمىدى. نەشرىياتچىلار ھەرقانداق ئاپتورنىڭ ئۆزى پۇل تۆلەپ باستۇرۇدىغان كىتابى بولسا دەرھال قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئاپتور پۇل تۆلىمىگەن كىتابلارنىڭ تەقدىرىنىڭ قاراڭغۇ ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى. كىتابلارنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى ھەققىدىكى تەلەپلەر تىلغا ئېلىنمىدى. خوتەنلىك ئەدىبلەر: «كىتاب نەشر قىلىشتا پۇلنى ئەمەس، كىتابنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. پۇلنى كۆزلەپ كىتاب چىقارسا، سۈپەتسىز كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ» دېگەن پىكىرنى بېرىشتى. نەشرىياتچىلار: «بىزگە پۇل كېرەك. پۇل بىلەن تاپشۇرۇدىغان كىتابلار بولسا ھازىرلا بېرىڭلار، كېلەر ئاينىڭ دەل بۈگۈنكى كۈنىدە قولۇڭلارغا تاپشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىمىز» دەپ گەپنى خۇلاسىلىدى.

2-مىسال: ×× يىلى ئاۋغۇستتا ئۈرۈمچىدە بىر يىغىنغا قاتنىشىۋېتىپ، يىغىن ئارىلىقىدا مەلۇم بىر نەشرىياتقا بارغانىدىم. ئىشخانىدا ئىككى يىگىت پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشقا چوڭراقى مۇھەررىر، ئۇدۇلدا ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ ئولتۇرغىنى «يازغۇچى» ئىكەن. مەن كۆرۈشىدىغان ئادىمىمنى ساقلىغاچ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق گەپلەرگە شاھىد بوپقالدىم:

— مەندە ئۈچ كىتاب بار، — دېدى «يازغۇچى»، — بىرى رومان. رومانىنى 200بەت يېزىپ بولدۇم، بىرەر-ئىككى ئايدىن كېيىن پۈتىدۇ. 400ئورىگىنالدىن ئېشىپ كەتسە رومان دەۋرىمەن. ناۋادا 400ئورىگىنالغا ئۇلىشالمىسا، پوۋېست دەيمەن. ئىككىنچىسى، شېئىرلار توپلىمى، ھازىر 80پارچە شېئىرىم نەق بار. يىل ئاخىرىغىچە ئۆزۈمگە ۋەزىپە قىلىپ يەنە 80نى يازسام، جەمئىي 160پارچە شېئىر كىرگۈزۈلىدۇ. يەنە بىرى، نەسرلەر توپلىمى. نەسرلىرىم ھازىر 40پارچىغا يەتتى، يىل ئاخىرىغىچە يەنە 60نى يازسام، 100بولىدۇ، ھەممىسىنى كېلەر يىلى نەشر قىلىپ بېرىسىلەر.

— پۇلچۇ؟

— پۇل تەييار.

— ئەمىسە كىتابلىرىڭىزنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئايرىم-ئايرىمدىن يېزىڭا، — مۇھەررىر «يازغۇچى»نىڭ ئالدىغا بىر دەستە ئىش قەغىزىنى ئۇزاتتى. «يازغۇچى» يەنە ھېلىقى گەپلىرىنى تەكرارلىغاچ ئولتۇرۇپ، يېزىۋاتقان كىتابلىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئۈچ بەت قەغەزگە ئايرىم-ئايرىمدىن يېزىپ تاپشۇردى.

— پۇل بولسا نەشر قىلغىلى بولىدۇ، — دېدى مۇھەررىر «يازغۇچى» تاپشۇرغان خەتلەرگە مەمنۇنلۇق بىلەن نەزەر تاشلاپ.

مەن دەسلەپتە ھېلىقى «يازغۇچى» يىگىتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، «نېرۋىسىدىن ئاداشقان ساراڭ بىرنېمە بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدۇم. ئەمما مۇھەررىرنىڭ مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمدىن گۇمانلانغىلى تۇردۇم. يىغىن ئورنىغا قايتىپ كېلىپ باشقا كەسىپداشلارغا سۆزلەپ بەرسەم، ھەممىسى بىردەك: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى، بۇ ئىشلارنى ئويلىسا ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېچىشىدۇ» دەپ باشلىرىنى مەيۈس چايقاشتى.

ھېلىقى نەشرىياتچىلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ۋەزىپىسى پۇل تېپىش ئىكەن. پۇل تېپىپ مانچە يۈز كىشىنى باقمىسا بولمايدىكەن. ئۇنداقتا كىتاب نەشر قىلىمەن، دەپ يۈرگىچە كوچىغا چىقىپ ئاسانراق پۇل تاپقىلى بولىدىغان باشقا تىجارەتنىڭ بېشىنى تۇتسا بولمامدۇ؟! ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ئەدەبىيات قانداقتۇر بىرەر نەشرىياتنىڭ ياكى بىرەر گۇرۇھنىڭ شەخسىي مۈلكى ئەمەس، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى. ئۇنى روناق

www.uyghurkitap.com

تاپقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشىش ھەممە كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى. لېكىن ئۇنى جان بېقىشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋېلىشقا ھېچ كىشىنىڭ ھەققى يوق.

ھەرقايسى نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان كىتابلىرى ئىچىدە ئاپتور ئۆزى پۇل تۆلەپ چىقارغانلىرى مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمى نەشر قىلىش ئۆلچىمىگە توشىدىغان، پەقەت شىنخۇا كىتابخانىلىرى خېرىدار بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىنلا ئاپتور ئۆزى پۇل تۆلەشكە مەجبۇر بوپقالغان كىتابلار بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى نەشر قىلىش ئۆلچىمىگە توشمايدىغان، پەقەت پۇل تۆلىگەنلىكى ئۈچۈنلا نەشر قىلىنغان كىتابلاردۇر. بۇنداق كىتابلار نەشرىيات ئۈچۈن كاتتا ئامەت ھېسابلانغىنى بىلەن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان تەلەپ-ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالماي، شىنخۇا كىتابخانىلىرىنىڭ سېتىش پوكەيلىرىدە توپا بېسىپ ياتماقتا.

كىتابلارنىڭ سېتىلماي قېلىشى شىنخۇا كىتابخانىسىدىكىلەرنى كىتابقا تىراژ بېرىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. ەتىجىدە بەزى مۇنەۋۋەر كىتابلارمۇ تېگىشلىك تىراژغا ېرىشەلمەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئاپتور، ەشرىيات، شىنخۇا كىتابخانىسى ۋە ئوقۇرمەنلەر وتتۇرىسىدىكى كىتابنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدىغان مۇناسىۋەت مانا مۇشۇنداق شەكىلدە داۋاملىشىدىغان بولدى.

لۇتپى، سەككاكى، نەۋائى قاتارلىق ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ دەۋرىدە نەشرىياتچىلىقنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكى ھەممىمىزگە ئايان. لېكىن ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئاشۇ بۈزرۈكۋارلارنىڭ قولىيازمىلىرىنى دەپتەردىن دەپتەرگە كۆچۈرۈپ ئەتىۋارلاپ ساقلاشقان، تالىشىپ ئوقۇپ يادلىغان. قولىغا بىرەر كىتاب چۈشكەن ئادەم دوست-بۇرادەرلىرىنى جەم قىلىپ، جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن. ئۆزلىرىگە كىتاب ئوقۇپ بېرەلەيدىغان ساۋاتلىق كىشىلەرنى «موللام»، «ئاخۇنۇم» دېگەندەك سۆپەتلەر بىلەن تەرىپلەشكەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق دەۋرىدە كىشىلەر قولىغا بىرەر كىتاب چۈشسە، بىر-بىرىدىن يوشۇرۇپ تىقىشتۇرۇپ يۈرۈپ ئوقۇشقان. بىر ئادەمدە كىتاب بارلىقى مەلۇم بولسا، يۇرت ئاتلاپ بېرىپ ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇشقان. بۇنداق ئەھۋال شەھەردىكى زىيالىيلار ئارىسىدىلا ئەمەس، دېھقانلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئومۇملاشقان. ھازىرقى كىشىلەرنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنىمۇ شۇ چاغدىكى كىتابخۇمار ئادەملەرنىڭ قېنى. ھەممە كىشى كىتاب ئوقۇيالايدىغان، جىنچىراغدىن قۇتۇلغان بۈگۈنكى كۈندە ئادەملەرنىڭ كىتابتىن بىزار بولۇشىدىكى سەۋەب نەدە؟ باشتا دېگەن گېپىمىزنى يەنە تەكرارلىساق، بىرپارچە ياخشى كىتابقا نەچچە ئون پارچە ناچار كىتابنىڭ ئارىلىشىۋالغانلىقىدا.

كىچىك ۋاقتىمىزدا قوشنىمىزنىڭ مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئىت تېزىكىنى رەختنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تۇمارچە تىكىپ بوينىغا ئېسىپ قوياتتى. باشقىلار بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىسا: «بالامغا كۆز تەگمىسۇن دەپ بۇ كۆز تۇمارنى ئېسىپ قويدۇم» دەيتتى. ئەمدىلەتىن قارىساق، ئىت تېزىكىدىن تىكىلگەن كۆز تۇمارنى پەرزەنتلىرىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدىغان دېھقانلار قالماپتۇ. ئۇلارنىڭمۇ مەسىلىلەرگە قارىشى ئىلمىيلىشىپ، بالىلىرىنى نىجاسەت بىلەن بۇلغىمايدىغان بوپتۇ. لېكىن بۇنداق «كۆز تۇمارلار» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھېلىمۇ ساقلىنىۋېتىپتۇ. ۋەھالەنكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ كۆز تۇمارلارغا موھتاج ئەمەس، ناچار-سۆپەتسىز ئەسەرلەر ئارىلىشىۋالمىسىمۇ كۆز تېگىپ كەتمەيدۇ.

2003-يىل يانۋار، شەھىرى خوتەن

---

ئاپتور: خوتەن يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى
(M1)

بۇسان 2003-يىل 30-دېكابىردا تىزىشقا يوللاندى، 2004-يىل 1-مارتتا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت(M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



# زىددىيەتلىك ئالەم

▲ بىنالار بارغانسېرى ئېگىزلەۋاتىدۇيۇ، لېكىن نەزەر دائىرىمىز تارىيىپ كېتىۋاتىدۇ.

▲ ئالىي تاشيوللار كۆپىيىۋاتىدۇيۇ، ئەمما ماشىنىلارنىڭ سۈرئىتى ئاستىلاپ كېتىۋاتىدۇ.

▲ سېتىۋالىدىغان نەرسىلەر كۆپىيىۋاتىدۇيۇ، ئەمما ھۇزۇرلانغۇدەك نەرسىلەر ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ.

▲ ئۇچرىشىش پۇرسەتلىرى كۆپەيدىيۇ، ئەمما ۋاقتىمىز تولىمۇ قىس بولماقتا.

▲ سۆزلەش پۇرستى كۆپىيىۋاتىدۇيۇ، ئەمما ئورتاق تونۇش ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ.

▲ بىلىم دائىرىمىز كېڭىيىۋاتىدۇيۇ، ئەمما نۇقتىئىينەزىرىمىز تارىيىپ كېتىۋاتىدۇ.

▲ ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر كۆپىيىۋاتىدۇيۇ، ئەمما ھەل قىلىنىغان مەسىلىلەرنىڭ تايىنى بولمايۋاتىدۇ.

▲ دورىلارنىڭ تۈرى كۆپىيىۋاتىدۇيۇ، ئەمما سالامەتلىكىمىز ناچارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

▲ بىزگە تەۋە نەرسىلەر كۆپىيىۋاتىدۇيۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ.

▲ بىز گېپىنى قىلىدىغان نەرسىلەر كۆپىيىۋاتىدۇيۇ، ئەمما جانغا ئەسقاتىدىغان نەرسىلەر ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ.

▲ قانداق ياشاشنى ئۆگىنىۋالدۇقيۇ، ئەمما ھاياتتىن ھۇزۇرلىنىشنى ئۆگىنەلمىدۇق.

▲ ئاللىبۇرۇن ئاي شارىغا چىقتۇقيۇ، ئەمما ئۇدۇل قوشنىمىزنى تونۇماس بوپقالدۇق.

▲ تاشقى ئالەمنى بويسۇندۇرالىدۇقيۇ، ئەمما روھىي دۇنيايىمىزنى بويسۇندۇرالمىدۇق.

▲ ھاۋانى ساپلاشتۇردۇقيۇ، ئەمما روھىمىزنى بۇلغاپ بولدۇق.

▲ كىرىمىمىز كۆپەيدىيۇ، ئەمما روھىمىز نامراتلاشتى.

▲ ئىشلەپچىقىرىۋاتقان تاۋارلارنىڭ سانى (مىقدارى) ئېشىپ بارديۇ، ئەمما سۈپىتى چۈشۈپ كەتتى.

▲ يېمەك-ئىچمەكنىڭ تۈرلىرى كۆپەيدىيۇ، ئەمما تەم ۋە قۇۋۋىتى قالمىغىلى تۇردى.

▲ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى غەم-غۇسسىمىز ئازايدىيۇ، ئەمما نىكاھدىن ئاجرىشىدىغانلار كۆپەيدى.

▲ ئۆيلىرىمىزدە سەرەمجان قويغۇدەك يەر قالمىدىيۇ، ئەمما ئاقلىۋەتكەن پىيازدەك كۆك نامراتلارمۇ كۆپەيدى.

---

بۇ سىلىشتۇرما ئارگېنتىنادا چىقىدىغان «تۇرمۇش» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 11-سانىدىن خەنزۇچە «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» گېزىتىنىڭ 2003-يىل 16-نويابىر سانىغا بېسىلغان. **مامۇتجان نۇرمۇھەممەت** تەرجىمىسى (M2)

## بۈگۈنكى دۇنيا

# دوپپا...

غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت



دېمىسەم بولمايدىغان بىر گەپ چىقىپ قالدى . بۇ ، تالاي كىشىلەر دەپ تولا چاينالغان گەپ بولىشى مۇمكىن ، يەنە بىر قېتىم دېيىشىم زۆرۈر . يەنە شۇ دوپپا ! . . .

دوپپىنىڭ ئۇيغۇر كىيىملىرى ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك باش كىيىمى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان . ئۇنداق بولمىسا ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە خەلقئارا سەھنىلەردە ئويۇن قويۇشقا مۇشەررەپ بولغان ئارتىسلاربېشىغا دوپپا كىيىۋالامتى؟ بۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى يارىشىملىق دوپپىسى ئارقىلىق ئۇنىمىز جاكارلاش ئەمەسمۇ؟

يېزىلاردا كىيىپ قويىدۇ ، شەھەرلەردە كىيمەس بوپكەتتى .پەقەت كىيمەيدۇ ئەمەس ، كىيىدۇ . تويى بولغان كۈندە . . . تويى بولغان يىگىتلەر (ئالتىشەھەر تەرەپلەردە )ئۈستىگە يارىشىملىق كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ ، گالىستۇك تاقاپ ، بېشىغا دوپپا كىيىۋالىدۇ . ئۇلار شۇ بىر كۈندە شاھزادىلاردەك مەغرۇر بولىدۇ . دوپپا ئۇلارنىڭ چىرايىدىن نۇر ياغدۇرۇپ ،باشقا يىگىتلەردىن ئالاھىدە پەرقلەندۇرىدۇ (مەنمۇ تويۇم بولغان كۈنى دوپپا كىيىپ «شاھزادە»بولغانىدىم ) .پەقەت كىيمىگەندىن ياخشى. ئىش شۇنداقلا بولىشىغۇ مەيلى ئىدى .لېكىن ھازىر دوپپا ھازىدارلىقنىڭ سىمۋولى بوپقاپتۇ ئەمەسمۇ؟ يېقىندا بىر ئىش بىلەن ناھىيە بازىرىغا باردىم . كەچ كۈز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زۇكام بولغاچقا بېشىمغا دوپپا كىيىۋالدىم. . . ئىشىم تۈگەپ بىر دەم ھال-مۇڭ بولارمىزمىكىن دەپ بىر شائىر دوستۇمغا تېلېفون قىلدىم . ئۇ يېنىمغا كېلىپلا بىر خىل تەئەججۈپ بىلەن سورىدى :

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، تىنچلىقمۇ ئاداش؟

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ،خۇداغا شۈكرى ،تىنچلىق .

- ئاتا-ئانا ، ئۇرۇغ-تۇغقان ،قولۇم-قوشنا ، ئاغىنە-بۇرادەرلەر تىنچلىقتۇ ؟

- تىنچلىق . . .

بىردىن ھەيرانلىقىم تۇتتى . توۋا ،ئەجەب سوراپ كەتتىغۇ ؟ چۈشى بۇزۇلغانمۇ نېمە؟ قايتۇرۇپ سورىدۇم :

- ئەجەب زىغىرلاپ سوراپ كەتتىڭغۇ ؟

- بېشىڭدىكى دوپپىغا قاراپ بولمامدۇ؟ ھېچقاچان دوپپا كىيمەيدىغان ئادەم . . . كۆڭلۈمدىن ھەرقىسما خىياللار كەچتى جۇمۇ .

ئۇندىمىدىم . دوستۇممۇ باشقا گەپ قىلمىدى . كۆڭلۈم بەكمۇ بىئارام بولدى . سېزىپ تۇراتتىمكى ، دوستۇممۇ پەرىشان ئىدى . بىر ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە دوستۇمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق . ئۆيگە يېتىپ كەلگۈچە ئۇچرىغان بەزى يېقىن تونۇشلىرىمنىڭ : «دوپپا كىيىۋاپسىلىغۇ ، كىم قازا قىلدى »دېگىنىگە جاۋابمۇ بەرمىدىم . نېمە دەپ جاۋاب بېرەتتىم؟ «بىر كىم قازا قىلمىدى» دېسەم ،«يا تويۇڭ بولمىسا ،يا بىركىم قازا قىلمىسا ئەمىسە نېمىدەپ دوپپا كىيىۋالدىڭ ؟ »دېسە نېمە دەيمەن؟ ! بەزى تونۇشلىرىدىم يۈزتۇرانە «كىم قازا قىلدى ؟ »دەپ سورىمىسىمۇ ، دوپپا كىيگەن بېشىمغا يىراقتىن ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە قاراشتى .

ئۇنىسىز پىچىرلىدىم :نېمە بوپكەتتۇق .ھە؟ ! دوپپا ئۆزىمىزنىڭ تۇرسا ، كىيسەك يەنە نېمە ھەيرانلىقى بار؟ بادام ،چىمەن . . . دوپپىلىرىمىزنى قىرلاپ كىيىپ ،گەۋدىمىزنى تىك تۇتۇپ ، كوچا-كويلاردا گۆس-گۆس دەسسەپ ، ئەرچە سۆپەت بىلەن ماڭساق ، كاتتا سەلتەنەت-دە ،بۇ ! دوپپىنى تاشلىۋەتمەيلى ، بۇرادەرلەر .ئۇ بىزنى ئەركەكلەرچە سۆپەتكە ئىگە قىلىدۇ . كىيمىگەنلەرنى زامان ۋە شەھەرلىشىشنىڭ تەقەززاسى دەيلى ،بوپتۇ . لېكىن كىيگەنلەردىن پەخىرلىنەيلى .بىزدە مىللىي خاسلىقىمىزنى ئىپادىلەپ پەخىرلەنگۈدەك تاشقى بەلگىلىرىمىزدىن قانچىلىك نەرسە قالدى ، دەيسىلەر ؟ ! . . .(M2)



ئاتاقلىق كومپوزىتور، ئاتۇش خەلق ناخشىلىرى ۋە توقسۇن «دەرد-داغ مۇقامى»نى قېزىش، رەتلەش، يۈرۈشلەشتۈرۈش، نوتىغا ئېلىش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش، رادىئو-تېلېۋىزىيىدە خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشتە غوللۇق خىزمەت كۆرسەتكەن تۆھپىكار، «ئامانىسا»، «ئاتۇش ئەنجۈرى داڭلىق»، «دېرىزەڭنى ئېچىۋەت»، «يارىما» ... قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئېسىل ناخشىلارنىڭ ئىجادچىسى ئابدۇلھەق ئابامۇسلىم ئەپەندى

www.uyghurkitap.com

## ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن: زامانىمىزدىكى خەتتاتلىق ئۇستازى نىياز كېرىم شەرقىي ئەپەندى




《新疆文化》 (维吾尔文)
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2004 ـ يىل 2 ـ سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主管:新疆维吾尔自治区文化厅
主办:新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版:《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号:ISSN1008－6498
国内统一刊号:CN65－1073/G2
海外发行:中国图书进出口(集团)总公司出口部
代理者地址:中国北京朝阳区工体东路 16 号
P. O. BOX 88, 16Gongti East Road, Beijing 100020, china
海外发行代号:6498BM
发行范围:国内外发行
地址:乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编:830001 电话:(0991)2856942
印刷:《新疆日报》印刷厂
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/G2
چەتئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو
كىتاب ئىمپورت-ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: (0991)2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号:58－22 定价:5 元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 5 يۈەن